# منتخبات

# تاريخ ماثريا للمري

(3)

# مۇندەرىجە

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

گۇما ناھىيىسىدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ دۆلەت چېگرا
مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە كۆرسەتكەن خىز-
مەتلىرى .............. تۇرسۇن مۇھەممەت ھۇسىين 1

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى .......................... شىيې مىڭ 10
.......................... تۇرغۇن ئابلىز تەرجىمىسى
شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى ھەققىدە ئەسلىمە .........
.................................. ئۇ خاۋمىن 49

## سودا – ئىقتىساد

چيەن لوڭ خان دەۋرىدە ئىلىدا ھۆكۈمەت بىلەن قازاق
خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا ئىشلىرى
........................ تۇرغۇن ئۆمەر رەتلىگەن 92

گۇاڭشۈيىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى سانجى
ناھىيىسىنىڭ سودا ئىشلىرى ...... دەي ياڭزو 101
ئەكرەم نىياز تەرجىمىسى ..........................

## قۇرۇلۇش ـ تەرەققىيات

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
.............................. نىزامىدىن ھۈسەيىن 106
شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇل-
غان مەدەنىيەت يۇرتلىرى ...... نىزامىدىن ھۈسەيىن 108

## پەن - تېخنىكا

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش 110
ئەھۋالى ................ بوراش ئېشىنتايۇپ
شىنجاڭنىڭ نەسىللىك چارۋىلىرى ۋە مۇسابايوپلار
.............................. شېرىپ خۇشتار 124

## قاتناش - كارۋانچىلىق

تارىختىكى يول ـ مۇساپىلىرىمىز... نىزامىدىن ھۈسەيىن 130

## مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت

ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى ۋە
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى
ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش
بىلىم يۇرتى .................. ئەيساجان مۇسا 156



توققۇزاقتىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسچىسى،
پېداگوگ ئابدۇللا رازى ھەققىدە ئەسلىمە .........
.......... ئۈچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرېھىم رازى 177
داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى ...... جاپپار رەھىمى 185

## تارىخىي ھۆججەت

تاسادىپىي قولغا چۈشۈپ قالغان دوكلات كۆپىيىسى
.............................. ئەرشىدىن تاتلىق 188

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىم... مۇھەممەتقۇربان ئېزىز يارى 191

## تارىخىي شەخسلەر

مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم ـ موللا مۇسا سايرامى
.................. ئابدۇقېيۇم مۇھەممەتئىمىن 254

## يۇرت تارىخىدىن

كەڭقىر قاراۋۇلخانا (لەڭزە) نىڭ بىنا قىلىنىشى 271
.................. تۇرسۇن مۇھەممەت ھۈسەيىن

## يوشۇرۇن فرونت

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمنىڭ
ئالدى ـ كەينىدە ................ ياڭ تيەنيۇن
.................. پەردە ھەسەن تەرجىمىسى 275

## شەرقىي شىمال پېدائىيلىرى شىنجاڭدا


ۋاڭ شياۋدىيەنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالغانلىقى ھەققىدە ئەسلىمە ... 297
ۋاڭ دېخۇي ..............................
ئىلھام ۋەلى تەرجىمىسى ..............................


## ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ياردىمى ۋە شىنجاڭ


«جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىپى»دىكى كەچۈرمىشلىرىم .............. تۇڭ يۇلىن 302
كۆرەش مەمۇت تەرجىمىسى ..............


## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى .......... تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 318
تولۇقلىما .......... ئى. ئەسقەرى تەييارلىغان 349
ئاپتورلار دىققىتىگە .............................. 353




# 《新疆文史资料》第35辑目录

## 民族团结


皮山县柯尔克孜民众为巩固边防作出的贡献 ..............
.............................. 吐尔逊、穆哈玛德·候赛因


## 革命斗争


三区革命与中国共产党 .............................. 谢敏
锡伯骑兵营回忆 .............................. 吴浩民


## 商贸经济


乾隆年代伊犁官府和哈萨克人之间的贸易往来 ..............
.............................. 吐尔贡·吾买尔整理
清光绪末昌吉县的商业概述 .............................. 戴良佐


## 发展建设


新疆省维吾尔文化促进会的建立 ...... 尼扎米丁·候赛因
新疆部分地区文化馆的建立 .......... 尼扎米丁·候赛因


## 科技


新疆农机使用情况 .................... 布拉什·埃森塔也夫
新疆之种畜及木沙巴也夫家族 ........ 谢力甫·霍希塔尔


## 交通与驼运


先人的足迹铺设的道路 .................... 尼扎米丁·候赛因


## 教育文化艺术


伊犁近代中等教育及省立阿合买提江中等专科学校 ......
.............................. 埃萨江·穆沙

# گۇما ناھىيىسىدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى

تۇرسۇن مۇھەممەت ھۆسىيىن

گۇما ناھىيىسىدىكى قىرغىزلار ئۇيغۇرلاردىن قالسىلا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى. 1990 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە گۇما ناھىيىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئىنىقلانغان ئومۇمىي سانى 744 كىشى بولۇپ، بۇلار ئاساسەن كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى قوشتاغ يېزىسىنىڭ قارا سۇ، قارا مان مەھەللىلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، سانجۇ يېزىسىنىڭ تاش ئېرىق، قاچىل، دۆڭچاقا، ئىرغىل، باسقاق قاتارلىق مەھەللىلىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

قىرغىز خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تىلى، يېزىقى، تۇرمۇش ئادىتى، مول ۋە رەڭدار ئەدەبىيات - سەنئىتى. كۆپ خىل شەكىللىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇش بىلەن بىللە، ئىستىپاقلىشىپ بىللە ئۆتۈش، بۆلگۈنچىلىككە، چەت ئەل




记托库扎克新式学校的创立者——阿布都拉·拉兹 ……

………… 乌其坤江·奥玛尔，阿布都热依木·拉兹

木卡姆大师——阿依木汗·吉阿 ………加帕尔·热依木


## 历 史 文 献


一篇文稿的离奇经历 ……………………… 尔西丁·塔特利克


## 人 物 历 程 录


我的这一生 …………… 穆罕默德·库尔邦·艾泽兹雅利


## 历 史 人 物


记著名史学家毛拉·穆萨·萨伊拉米 ……………………

……………………… 阿布杜凯尤木·穆罕默德伊敏


## 故 乡 篇


康克尔边防哨所的建立 … 吐尔逊·穆罕麦特·侯赛因


## 隐 藏 的 战 线


我在边务处的前前后后 ……………………………… 杨天云


## 东北抗日义勇军在新疆


忆王效典迎接西路军进疆片断 ……………………… 王德辉


## 盟国军援与新疆


我在中运会的亲身经历 ……………………………… 佟立林


## 近 代 大 事 记


新疆近代大事记片断 ………………… 吐尔贡·吾买尔泽

对有关事件的补证 ……………… 司马义·阿斯哈尔整理

ئاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، چېگرا مۇداپىئەسىني قوغداشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىمۇ بار.

1910 - يىلى گۇما ئايرىم ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن يەكەنگە تەۋە بىر بەگلىك بولۇپ، گۇمىنى يەكەننىڭ ئامبىلى سورىغان. گۇما خەلقى باج - سېلىقلارنىمۇ يەكەن ناھىيىسىگە تاپشۇرغان. خەلق ئىچىدە يۈز بەرگەن قاتىللىق، بۇلاڭچىلىقتەك چوڭراق جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئادەم ئەۋەتىپ سوراپ، بىر تەرەپ قىلغان.

1905 - يىلى يازدا، ھىندىستاندىن كانجۇت دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر (ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىرنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان بىر قەبىلە) سانجۇ يېزىسىنىڭ سىرىققىر داۋان تۆۋىگە كېلىپ، 10 ئائىلىلىكنى بۇلاپ، قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇن چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىش بىلەن بىللە، قاۋۇل يىگىتلەردىن ئالتە ئادەمنى «بىزگە مال بېقىپ بېرىسەن» دەپ چارۋا - ماللار بىلەن قوشۇپ ھىندىستان تەرەپكە ھەيدەپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا قىرغىزلار ئىچىدىن چىققان تۇردىقۇل، بەگمەتخان دېگەن پالۋانلار سىرىققىردىكى قىرغىزلارنى توپلاپ، چەت ئەل باسمىچىلىرىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۇۋ مىلتىقى بىلەن ئۇلاردىن ئۈچ ئادەمنى يارىدار قىلىدۇ، بىر قىسىم چارۋا - مال ۋە ئىككى ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بەگمەتخان بىلەن تۇردىقۇل قىرغىزلارغا ۋەكىل بولۇپ يەكەنگە بېرىپ، ئامبالغا گۇما سىرىققىردىكى قىرغىزلارنىڭ چەت ئەل قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئامبالنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭىشىپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى، يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنىدۇ. لېكىن، ئامبال يامۇلىدىن بىر



ھەپتىدىن كېيىن، بىز سىلەرنى ئۇنۇتمايمىز، دېگەن جاۋاب چىقىدۇ. شۇڭا، بەگمەتخان بىلەن تۇردىقۇل سىرىققىرغا قايتىپ بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يېڭى دېھلىغا بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. ھىندىستان ھۆكۈمىتى مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئېلى ئوسمان (ھىندىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەكەنلىك ئۇيغۇر) نى قوشۇپ، ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى كانجۇتلار يۇرتىغا ئەۋەتىدۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كانجۇتلار تۇتۇپ كەتكەن قىرغىز پۇقرالارنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ ھەم چارۋا - ماللارغا پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ھەل بولۇپ ئېلى ئوسمان يېڭى دېھلىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، كانجۇتلاردىن 50 دەك قوراللىق ئادەم 2 - قېتىم يەنە سىرىققىرغا كېلىپ، زور كۆلەمدە بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىقتا كانجۇتلار ھىندىستانغا تىجارەت ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئەمەت ھاجىمنىڭ 30 ئۇلاغ مەشۇت (يىپەك) ۋە باشقا سودا ماللىرىنى بۇلىۋالىدۇ؛ قىرغىزلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنىمۇ بۇلاپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى يارىلاندۇرغاندىن تاشقىرى، بىرنەچچە يىل جەريانىدا گۇما، سانجۇ قاتارلىق جايلاردىن ئات - ئېشەك بىلەن توشۇپ كېلىنىپ مىلىكشا مۇداپىئە پونكىتىغا دۆۋىلەنگەن 30 مىڭ جىڭ ئەتراپىدىكى ئاق ئۇن، گۈرۈچ، قوناق ۋە 50 مىڭ تاغار سامان، پىچانغا قەستەن ئوت قويۇپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. پىچان ۋە ئاشلىقلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيۈپ، پۈتۈنلەي كۈلگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن تۇردىقۇل ۋە بەگمەتخانلار خەلقنى تەشكىللەپ، مىلىكشا چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن زىچ ماسلىشىپ، كانجۇتلارغا قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ

ھەممىسى ئۇيغۇرچە ئەلپەك ۋە ئۇزۇن چاپان كىيىپ، جەڭگە كىرىشكەن بولسىمۇ، كانجۇتلار ئارىسىدىن بىرى «خىتاي كەلدى» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ، تاغ جىلغىسىغا مۆكۈنۈپ ياتقان كانجۇتلار ئوق ياغدۇرىدۇ. بۇ جەڭدە چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىدىن بەش خەنزۇ، ئىككى ئۇيغۇر ئۆلىدۇ. ئالتە كىشى يارىلىنىدۇ؛ قىرغىز پۇقرالاردىن ھېتقۇل، نەزەر قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۆلىدۇ. جەڭدە يارىلانغان خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى خالمىرزا قاتارلىق قىرغىزلار ئېشەك ۋە قېچىرلارغا ئارتىپ، ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، شەيدۇللاغا ئېلىپ كېلىپ داۋالىتىدۇ؛ ۋاپات بولغانلارنىڭ جەسىتىنى مىلىكشادا قورام تاشقا باسۇرۇپ دەپن قىلىدۇ.

ھىندىستانلىق كانجۇتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇلاڭچىلىقىدىن كېيىن، بەگمەتخان بىلەن تۇردىقۇل يەنە يەكەن ئامبىلىغا كانجۇتلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئەرز سۇنىدۇ. ئۇلار ئامبالغا ئەھۋالنى تولۇق تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئامبال «سىلەر خاقان پۇقراسى تۇرۇپ نېمىشقا ھىندىستانغا ئەرز قىلىپ بارىسىلەر، گۇناھ ئۆزۈڭلەردە» دەپ، ئەرز قىلىپ بارغان بۇ ئىككى كىشىنى ئۇلۇغچاتقا ئۈچ يىللىق سۈرگۈن قىلىدۇ. يەكەن ئامبىلى بۇ ئىككى كىشىنى ئۇلۇغچاتقا سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، مىلىكشا، سۈگەت قورۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار قايتىپ كېتىپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بەگمەتخان بىلەن تۇردىقۇلنى «بۇلار توغرا قىلغانىكەن، بىز خاتا قىپتىمىز» دەپ، يەكەن ئامبال يامۇلىدىن ئۇلۇغچاتقا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ئىككىسىنى سىردىقىرغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئاندىن يەكەن ئامبىلى قەشقەر دوتەيى ئارقىلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە باسمىچىلارنىڭ باشلىقىنى



جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1908 - يىلى ھىندىستان ھۆكۈمىتى كانجۇت باسمىچىلىرىنىڭ باشلىقى سىخمىدالىنى تۇتۇپ، قەشقەر دوتەيى يامۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ دوتەي ئۇنى تۈرمىگە سولايدۇ. ئۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن قەشقەر تۈرمىسىدە ئۆلىدۇ.

1910 - يىلى، گوما يەكەندىن ئايرىلىپ ئايرىم ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنىڭ تۇنجى ئامبالى يەن دارىن (ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر) سانجۇ قىرغىزلىرىنى بىر بەگلىك قىلىپ بېكىتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، قىرغىزلار بىر بەگلىك، سانجۇ، موجى، زاڭگۇيلار ئۈچ بەگلىك قىلىنغان. بەگلىكلەرگە ياغاچ، سېغىز، خىش، كېسەك ئالۋىنىنى سالغاندىن تاشقىرى، ياغاچچى - تۆمۈرچى ۋە باشقا تەمىناتلار بىلەن چېگرا مۇداپىئەسىنى تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى چۈشۈرگەن، بۇ تۆت بەگلىك بىرلىكتە ھەيدەزەر، شەيدۇللا، سۈگەتقورۇل چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ ياكى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

1915 - يىلى 6 - ئايدا، مادارىن (بۈگۈرلۈك ئۇيغۇر) گومىغا ئامبال بولغان. 1916 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت چېگرىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن گومىغا بىر خەنزۇ ئەمەلدار ئەۋەتكەن. ئۇ، شۇ يىلى يازدا گوما ئامبىلى مادارىننىڭ ھەمراھلىقىدا سۈگەت قورۇلغا كېلىپ، قىرغىزلارنىڭ بېگى خالمىرزا قوشۇپ بەرگەن 15 نەپەر خىللانغان ئەسكەرنى ئۈرۈمچىدىن ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان، چويۇندا قۇيۇلغان، ئىككى تەرىپىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان «جۇڭگو دۆلەت چېگرا بەلگىسى» نى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىغا ئورنىتىشقا بۇيرۇغان. خالمىرزابەگ

15 ئادەم بىلەن مىلىكشادا ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ، پىششىق گۆش، تالقان، سېرىق ياغ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، قاراقۇرۇم تېغىغا ئاتلانغان. ئۇ يەر يىل بويى قار - مۇز ئېرىمەيدىغان، داۋاملىق شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدىغان تۈتەكلىك تاغ بولۇپ، ئۇ يەردە ھەرىكەت قىلىش ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ئادەم سەل دىققەت قىلمىسا ئىسلىنىپ ئۆلۈپ قالاتتى. ئۇلار چېگرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دۆلەت چېگرا بەلگىسىنى يېرىم تاغار كۆمۈرنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى يەنە تاغار بىلەن يۆگەپ، تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۈچ كىلومېتىر يىراق يەردىن تۇلۇم بىلەن سۇ توشۇپ كېلىپ، بەلگە تاختىينىڭ ئەتراپىغا سېغىز لاي بىلەن پوتەي ياسىغان. بۇ پوتەي ناھايىتى جاپا بىلەن پۈتكەن. ئۇلار تۆت كۈن ئىشلەش جەريانىدا بەش ئادەم ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككى ئادەم ۋە ئۈچ ئېشەكنى كېچىسى بۆرە يەپ كەتكەن، باشقىلارمۇ ئىسلىنىپ قىلىپ، تاماق يېيەلمەي، ھالىدىن كەتكەن. خالمىرزابەگ سىرىتقىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى دادىسى ئابدۇللا لوزۇڭغا مەلۇم قىلغان. ئۇ كىشى 20 نەپەر قىرغىزنى باشلاپ چىقىپ، شىۋىرغانلىق يامغۇردا ئىككى كۈن قاتتىق ئىشلەپ، چېگرا بەلگىسى ئۈچۈن تەييارلانغان تاختىنى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىغا مۇستەھكەم ئورناتقان.

بۇ ئىش ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئامبال ھەر بىر كىشىگە يەتتە سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلغان. مادارىن بىلەن ئورۇمچىدىن كەلگەن خەزىنە ئەمەلدار شەيدۇللادىن سانجۇغا قايتىش ئالدىدا، خالمىرزابەگكە: «دۆلەت چېگرىسى ئەمدى ئېنىق بېكىتىلدى، چەت ئەللىكلەر ئەمدى سىلەرنى بوزەك ئېتىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار چېگرا بەلگىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىرسە، سىلەر چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى ئەسكەرلەر



بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىڭلار؛ بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، يامۇلغا دەڭلار. سىز قىرغىزلارنى ياخشى باشقۇرۇڭ، ھىندىستانغا چىقىدىغان ياكى كىرىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ياخشى مەسئۇل بولۇڭ، ئۇلار بۇلاڭ - تالاڭ ياكى خىيىم - خەتەرگە ئۇچراپ قالسا بولمايدۇ. لېكىن، قولىدا خېتى يوقلارنىڭ چېگرىدىن چىقىش - كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق تۇسۇڭ» دەپ تاپىلىغان.

1933 - يىلى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قاغىلىق، پوسكام، يەكەنلەرگە يۈرۈش قىلغاندا، سانجۇ قىرغىزلىرىدىن خالمىرزابەگ، بەگمىرزا، ئاقنەزەر، دوشىۋاي قاتارلىق 20 كىشىنى ئەسكەرلىككە ئالغان. ئۇلار خوتەن ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەكەنگىچە بېرىپ، يەكەندە 20 كۈن تۇرغان. خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ سانجۇغا قايتىپ كەتكەن.

1933 - يىلى 7 - ئايدا ماخۇسەنىنىڭ قوشۇنلىرى شەيدۇللاغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ھەم بەگمىرزاغا سۆڭگەتقورۇلنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. بەگمىرزانىڭ قول ئاستىدا 26 ئەسكەر بولۇپ، ئۇلار سۆڭگەتقورولنى 15 ئاي ساقلىغان. 1934- يىلى 10 - ئايدا ما خۇسەن قوشۇنلىرى بەگمىرزانىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋەتكەن ۋە ئۇنى خوتەنگە ئېلىپ كېتىپ، خىزمەتمۇ بەرمەي ياكى قويۇپ بەرمەي، ئۈچ يىلغىچە يېپىنىك تۇتقۇن قىلىۋالغان. 1937 - يىلى خوتەنگە شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ، ما خۇسەن قوشۇنلىرىنى قوغلىغان. ئۇلار بەگمىرزانى ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز قورال ۋە ئەسكەر بېرىپ، يەنىلا سۆڭگەتقورۇلنى قوغداش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان.

1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەر، خوتەن

خەلقلىرىنى، جۇملىدىن گۇما خەلقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاپ-تالاپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ بايلىق يىغقان ما خۇسەن ئاخىر ئەسكەرلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى 20 ئات - قېچىرغا يۈكلەپ، قارا قاشلىق غاپپار ھاجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن دۇۋا ئارقىلىق سانجۇ شەيدۇللاغا كېلىپ، ھىندىستانغا قېچىشقا ماڭغاندا، خالمىرزا بەگ باش-چىلىقىدىكى قىرغىز خەلقى ئۇلارنى توسقان. لېكىن، ئۇلار ما خۇسەننىڭ زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان مۇھاپىزەت-چىلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. ما خۇسەن ھىندىستانغا قېچىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، شىڭ شىسەي قوشۇنى تەركىبىدىكى رۇس كوماندىر پالىنوۋ، قىرغىز كوماندىر مەۋلان تۈەنجاڭ، موللا جورا، ئەلىمقۇل قاتارلىق كىشىلەر 60 تەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ما خۇسەن قىسىملىرىنى قوغلاپ، سۆگەتقورۇل، مىلىكشا، مەخسۇم بۇلاق، باراڭسۇ، كەڭشۇۋە، قىرغىز جاڭگىلى، قاراقۇرۇم قاتارلىق جايلارغىچە بارغان، لېكىن ما خۇسەنگە يېتىشەلمەي قايتىپ كەلگەن. ئۇلار بەگمىرزا، تۇرسۇن بەگ، سايىت بەگ ئۈچ كىشىنى «سەنلەر ما خۇسەنلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، توسۇپ زەربە بەرمەي، ھىندىستانغا يولغا سېلىپ قويۇپسەن، سەنلەرنىڭ دۈشمەن بىلەن تىلىڭ بىر ئىكەن» دەپ باغلاپ، خوتەنگە ئېلىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى پوسكام، قاغىلىقلارنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى كۆكيار ئارقىلىق سۆگەتقورۇل، شەيدۇللا قاتارلىق جايلارغا كەلگەن. ئۇلار تاجىك زەمىر لىيەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەلگەن بولۇپ، شەيدۇللا، سۆگەتقورۇللاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ چېگرا پونكىتلى-رىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. ئەمما، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، ئۇلار «11 ماددىلىق بىتىم» بويىچە يۇقىرىنىڭ ھەر-



بىي بۇيرۇقى بىلەن تاشقورغانغا قايتىپ كەتكەن. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەرلىك قىرغىزلارنى «سەنلەر ئىلى ئوغرىلىرىغا يان باستىڭ، ئاخبارات بەردىڭ، ھەرقايسىڭنىڭ دىنىڭ بىر، دىلىڭ بىر، دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ بىزگە قارشى تۇردۇڭ» دەپ قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان.

دېمەك، 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، ھەرقايسى ھۆكۈمەت ۋە ئەسكەر باشلىقلىرى، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان دۆلەت چېگرى-سىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىز خەلقىنى چەكسىز ئازاب - ئوقۇ-بەتلەرگە دۇچار قىلغان. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، قىز - ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىپ، چېكىدىن ئاشقان قان قەرزىگە بوغۇلغان. ئەمما، قىرغىز خەلقى شۇنداق ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدىمۇ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، دۆلەت زېمىنىنى قوغداش، ھۆكۈمەتكە مايىلىشىپ چېگرا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىپ، زور بەدەل تۆلەپ، تارىخ سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرغان.

(ئاپتورى: گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ۋى. ئەسقەرى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

شىي مىڭ

شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. تارىختىن بۇيانقى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئارقىدا قالغان، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا جاپالەتتە ياشاپ كەلگەنىدى. تارىختا، شىنجاڭدىكى ئەمگەكچان، باتۇر ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلغان. 1944 - يىلى 9 - ئايدا، ئىلى - تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆلىمى بىر قەدەر زور، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر قېتىملىق قوراللىق كۈرەش. بۇ ئىنقىلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ



ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە مەدەت بەردى، ئۇنى قوللىدى ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، مەملىكەتنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي شىمالنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پارتلاپ، پۈتكۈل ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بولغانلىقتىن، ئىنقىلاب جۇڭگو ئازادلىق ئۇرۇشى ئېقىمىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان پەيتتە، بۇ بىر مەزگىللىك تارىخنى ئەسلەش ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى قوللىغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا تولىمۇ پايدىلىق.

**بىرىنچى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كوممۇنىستلار شىنجاڭدا ماركسىزم — لېنىنىزمنى تەرغىپ قىلىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب مەشئىلىگە ئوت ياقتى**

2 - قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنىڭ پائالىيىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. 1937 - يىلى 5 - ئايدا، لى شيەنيەن قىزىل ئارمىيىنىڭ 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش(سەپ) كورپۇسىنىڭ 400

دىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، «يېڭى ھەربىي گازارما» نى قۇردى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ئورنىتىپ ئۈرۈمچىدە 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى. چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋە 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پارتىيىمىز يەنئەن ۋە «يېڭى ھەربىي گازارما» دىن 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىستنى ئاجرىتىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. كوممۇنىستلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «جاھانگىرلىككە قارشى فرونت»، «شىنجاڭ خوتۇن ـ قىزلىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇلارنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ۋە خەلققە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلىدىغان جامائەت پىكرى قورالى بولۇپ قالدى. بۇ گېزىت ـ ژۇرناللار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يەنئەندە نەشر قىلىنغان ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ماۋزېدۇڭ، جۇ دې قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۇردى، شۇنىڭدەك شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرلەرنى كۆپلەپ بېسىپ، خەلققە فاشىزمغا قارشى كۈرەش ۋە ئېلىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىنى خەۋەر قىلدى؛ 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا



ئوينىغان رولى ۋە بۇ ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق غەلىبىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ تەشۋىقاتلار پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاممىۋى خاراكتېردىكى تەشۋىقاتنى ۋە بۇ ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كوممۇنىستلار مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى كەمچىل ئىدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىر بۆلۈمى پروفېسسور جاڭ جۇڭشىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ياپونغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تەربىيىسىگە ۋە شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىل ـ يېزىقلىرىدا تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسلىكى، ھېساب، تەبىئەت ھەم سىياسەتكە ئائىت دەرسلىك تۈزۈپ نەشر قىلدى. بۇ دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات جەڭچىسى، مۇنەۋۋەر ياش ئىنقىلابىي پائالىيەتچى لىن جىلۇ شىنجاڭدىكى كەڭ ياشلارنىڭ «ياخشى

ئۇستازى، سىرداش دوستى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولىدى.

1938 - يىلى ئەتىيازدا، ئۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپتە قايىنام-تاشقىنلىق ئىنقىلاب مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار، ماۋ دۈن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق داڭلىق ئالىملار دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، «يېڭى پەلسەپە»، «دۇنيا ئىنقىلابىي تارىخى»، «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق قاراش بىلەن سۆزلەپ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت تارقىتىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇپ، كەڭ ياشلارنى ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت بىلەن تاۋلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ - دەل مۇشۇ مەزگىلدە كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى بىلەن يېتىلگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ بىرى. لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۇ، بالدۇرلا شىنجاڭ **ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىغا** قاتنىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى بولۇپ قالدى، ئۇ دائىم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دارىلفۇنۇن ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، كوچىلارغا چىقىپ خەلقنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىنقىلابىي درامىلارنى ئويناپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەزمۇن قىلىنغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇردى، ئۇ يەنە ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا مۇئەللىممۇ بولغان. بۇ مەزگىلدىكى ئوقۇش ھاياتى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئىنقىلاب يولىدا تەۋرەنمەي



مېڭىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. كوممۇنىستلار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرغان. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 160 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلارنى ئۇيۇشمىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىپ، بۇ ئۇيۇشمىنى ئوقۇتۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ئىئانە توپلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئوينىغان دراما - «قارا كۆز» فېئوداللىق نىكاھ ئىشلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىستىكىنى ئىپادىلەيدىغان مەلۇم سەنئەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ «دراما ئۆمىكى» (سانائىي نەپىسە) تەشكىللەپ، يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتىغا تۆھپە قوشقان. 1947 - يىلى يازدا، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەردىكى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، خىزمەتچى خادىملىرى ھەممە بىر قىسىم ئۇيۇشما ئەزالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى ۋە مەركىزى بازىسى بولغان غۇلجا شەھىرىگە توپلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار كۈچلىرىنى زورايتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

1942 - يىلى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. شىڭ شىسەي ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىلغار دېموكراتىك زاتلىرىغا ئەسەبىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ھەمدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى قەتلى قىلدى. ئەمما، كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي ئېتىقادى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدە چوڭقۇر سىياسىي تەسىر قالدۇردى؛ ئۇلار ياندۇرغان ئىنقىلاب ئوتى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يالقۇنجاشقا باشلىدى. ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسىنى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرقايسى تەبىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە بەزى يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، شىڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىر قاتار يەر ئاستى كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە گومىنداڭ



تۈرمىلىرىدە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ياش شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار دەل ئاشۇ ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدۇر.

**ئىككىنچى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپكى مەزگىلدىكى خاتالىقنى تۈزىتىپ، مىللىي دېموكراتىك ئازادلىق ھەرىكىتى يولىنى بويلاپ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى**

جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېلىمىز مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشنى، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئېكسپىلاتسىيىگە باشتىن ـ ئاخىر قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ ۋە كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە پارتىيىمىز مىللىي ئېكسپىلاتسىيىنى يوقىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ باش ۋەزىپىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يۈرگۈزگەن مىللىي ئېزىش، مىللىي كەمسىتىشتەك جىنايەتكارانە قىلمىشلىرىنى ئۆزلۈكسىز پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جۇڭگودا مىللەتلەر باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى كۆپ قېتىم تەشەببۇس قىلدى. بۇ سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى دەسلەپتىلا قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوراللىق باستۇرغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن؛ چۇڭچىڭ سۆھبىتى مەزگىلىدە، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى ئېزىلگەن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇڭا، بۇ ئىنقىلابنىڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسى بار ئىدى. بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا، ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپلا قالماي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭمۇ ھېسداشلىقىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلغار جامائەت پىكرىمۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى ئەزگەن جىنايەتلىرىنى تۈشمۇ - تۈشتىن ئەيىبلەپ، مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىكنى ۋە تىنچ، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇ چاغدا ئىچكىرىدە چىقىدىغان «شىنخۇا گېزىتى» («شىنخۇا رىباۋ»)، «ئازادلىق گېزىتى» («جيېفاڭ رىباۋ»)، «شەرقىي شىمال گېزىتى» («دوڭبېي رىباۋ»)، «چېگرا مۇلازىمىتى» («بيەنجياڭ فۇۋۇ»)، «يۈخۇا» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان تېلېگراممىا خەۋەرلىرىنى بېسىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى زور ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلدى. مەسىلەن، «ئازادلىق گېزىتى» 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنـ



دىكى سانىدا «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلماقتا» سەرلەۋھەلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، ئىلىدا بولۇۋاتقان ئىنقىلابىي كۈرەش ۋەقەلىرىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى. «شىنخۇا گېزىتى» نىڭ 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىدا، «چېگرا مۇلازىمىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1946 - يىل 11 - سانىدا، «يۈخۇا» مەجمۇئەسىنىڭ 16 - تومىنىڭ 10 - سانى، 11 - سانى، 12 - سانىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» (قىسقارتىلىپ «تىنچلىق بىتىمى» دېيىلىدۇ) نىڭ تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلىندى. 1947 - يىلى «25 - فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، «شىنخۇا گېزىتى» خەۋەر ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلغان ياۋايى قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى. يەنە مەسىلەن، «شەرقىي شىمال گېزىتى» 1947 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان تېلېگراممىا خەۋىرىنى بېسىپ، مۇنداق خەۋەر قىلدى: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قوراللىنىپ جياڭ جيېشىغا قارشى ئېلىپ بارغان مۇختارىيەتكە ئىگە بولۇش ھەرىكىتى بۇ ئۆلكىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىغىچە كېڭەيدى، بۇ ۋىلايەتنىڭ توقسۇن، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىكى خەلق قوراللىنىپ، نەچچە مىڭ كىشىلىك بىرلىككە كەلگەن ئازادلىق پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ، خەلقنىڭ جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى قامال قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى». بۇ گېزىت - ژۇرناللار نۇرغۇنلىغان پاكىت ئارقىلىق

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە مىللىي كەمسىتىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە سېلىق سېلىپ، باجنى كۆپەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجتىمائىي بېسىم شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بەردى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە ئالاقىسى 1946 - يىلى قىشتا باشلاندى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا چاقىرىلغان «خەلق قۇرۇلتىيى» («گومىن داخۇي») غا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ج ك پ نىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئىككى قېتىم بېرىپ، ج ك پ ۋەكىللىنى ئىزدىگەندە، دوڭ بىۋۇنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. دوڭ بىۋۇ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابنىڭ ئەھۋالىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ كۆلىمى، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈرەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەمدە رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىر - بىرلەپ دوكلات قىلدى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، غۇلجىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات — «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈرۈمچىدىكى يەر-



ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە يازغان خېتىنى دوڭ بىۋۇغا تاپشۇردى. ئۇ يەنە، كوممۇنىست لىن جىلۇنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئەھۋاللارنى يولداش دوڭ بىۋۇ دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق يەنئەندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلدى؛ مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئەھۋالىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇئاۋىن رەئىس جۇ ئېنلەي دەرھال ئۆز قەلىمى بىلەن جاۋاب تېلېگراممىسى يازدى، تېلېگراممىغا لىيۇ شاۋچى ئىمزا قويدى. تېلېگرامما تېكىستىدە:

«تېلېگراممىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. يولداش ئابباسوۋتىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى؛ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى ۋە ئۇلارنىڭ كونكرېت تەشەببۇسلىرىنى ئېنىق سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشكىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر يولداش ئابباسوۋ خىزمەتچى خادىم ئېلىپ شىنجاڭغا بىللە قايتالىسا ھەمدە يەنئەن بىلەن ئالاقە ئورنىتالىسا، بىرەيلەننى قوشۇپ ئەۋەتسەك بولىدۇ» دېيىلگەن.

جاۋاب تېلېگراممىسىنىڭ ئاخىرىدا، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى، پارتىيە نىزامنامىسى، لىيۇ شاۋچىنىڭ دوكلاتى ھەمدە باشقا بېسىپ تارقىتىلغان ھۆججەتلەرنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان.

دوڭ بىۋۇ مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن 2 - قېتىم كۆرۈشۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. دوڭ بىۋۇ يەنە، ئابباسوۋقا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى، كۈرەش تاكتىكى-

شىنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كۆرەش
تاكتىكىسىنى شەرھىلىدى ھەمدە مىللىي ئارمىيىنىڭ قەتئىي
كۆرەش قىلىپ، گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدىـ
كى ھەربىي كۈچىنى خورىتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
مەملىكەت بويىچە ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىدا قايتارما
ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىـ
نىڭ بىۋاستە ئالاقە ئورنىتىشى ئۈچۈن 1947 - يىلى 1 -
ئايدا پارتىيىمىز يەنە پېڭ گوئەن (يەنە بىر ئىسمى پېڭ
چاڭگۈي) نى بىر رادىئو ئاپپاراتى بىلەن ئابدۇكېرىم
ئابباسوۋغا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئەمما، رادىئو ئاپپاراـ
تىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا
ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مەركەز بىلەن ئالاقىلىـ
شىشقا ئىمكان بولمىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېـ
يىن، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەھـ
بەرلىرىگە دۇڭ بىۋۇ بىلەن بولغان ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشـ
تىكى سۆھبەت ئەھۋالى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
شىنجاڭدىكى ئىنقىلابقا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزـ
دى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سوۋغا قىلغان ماۋزېـ
دۇڭ ئەسەرلىرى، ج ك پ پارتىيە نىزامنامىسى، مەركەزنىڭ
ئالاقىدار ھۆججەت، دوكلاتلىرىنى كۆپچىلىككە يەتكۈزدى. دۇڭ بىـ
ۋۇنىڭ «شىنجاڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، شۇڭا ئالدىراپ ـ سالدىراپلا
كوممۇنىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ» دېگەن
سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ
«شىنجاڭ ئۆلكىلىك كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەھـ
بەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1947 - يىلى 2 - ئايدا



«شىنجاڭ ئۆلكىلىك كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىلەن «خەلق
ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نى بىرلەشتۈرۈپ، «خەلقچىل ئىنقىلابىي
پارتىيىسى» نى قۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 -
قۇرۇلتىيىدىكى پارتىيە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، «خەلقچىل
ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئابـ
دۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. «خەلقـ
چىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنـ
زۇلار ئىچىدىكى ئىلغار زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن پارتىيە بوـ
لۇپ، مىللەت ۋە رايون چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، ئۇ «شىنـ
جاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى
ئېزىلگەن خەلقنىڭ بىرلەشكەنلىكى» نىڭ كونكرېت ئىپادىسى
بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يەنە ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە
ھۆكۈمەت ھەققىدە»، ليۇ شاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىلـ
لەتچىلىك ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرى ھەمدە «جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى» قاتارلىق ھۆجـ
جەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇردى. 1945 - يىلى 4-
ئايدا، ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇـ
رۇلتىيىدا بەرگەن «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن دوكـ
لاتى جۇڭگو ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم
ھۆججەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ماۋزېدۇڭ بۇ دوكلاتىدا گومىنداڭـ
نىڭ مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشتەك ئەكسىيەتچىل سىـ
ياسىتىنى يوشۇرغان تەبىئىي... ئەيىبلەپ: «گومىنداڭنىڭ خەلققە
قارشى گۇرۇھى كۆپ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىـ
دى، خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنى بولسا «ئۇرۇقداش مىلـ
لەتلەر» دەپ ئاتىدى. ئۇلار مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە شىماـ
لىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرـ
گۈزگەن ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانـ

لىق مىللەتلەرنى ئەزدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ
جەھەتتە قىلمىغان - ئەتمىگەنلىرى قالمىدى. 1943 - يىلى
ئېكشور ئايمىقىدىكى موڭغۇل خەلقىنى قىرغىن قىلىش
ۋەقەسى، 1944 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتـ
لەرنى قوراللىق باستۇرۇش ۋەقەسى ھەمدە يېقىنقى بىرقانـ
چە يىلدىن بۇيانقى گەنسۇدىكى خۇيزۇ خەلقىنى قىرغىن قىـ
لىش ۋەقەسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ — چوڭ خەنزۇچىلىق كەلـ
تۈرۈپ چىقارغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياـ
سەت» دېدى ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «ھەر
قايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەرلىككە ئىگە» دېگەن سىياسىتىنى
بايان قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيىگە: «جۇڭگو كوممۇـ
نىستلىرى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ
بۇ سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا پاـ
ئال ياردەم بېرىشى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلق
ئاممىسىغا ياردەم بېرىشى زۆرۈر، جۈملىدىن خەلق ئاممىسى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىغان داھىيلارمۇ سىياسىي، ئىقتىـ
سادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئازادلىق ۋە تەرەققىياتنى قولغا
كەلتۈرۈشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىـ
شى كېرەك» دەپ چاقىرىق چىقاردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارـ
تىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ بايانلىرى ھەمـ
دە ئەينى چاغدا نەشر قىلىنغان ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ
كۆپلىگەن ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە
توسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
ماياكلىق رول ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخـ
مەتجان قاسىمى ئەينى ۋاقىتتا تاغىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتـ
تىپاقىغا بېرىپ، ياركەنت، ئالمۇتىدا ئوقۇغان، 1936 - يىـ



لى موسكۋا شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر داشۆسىگە
ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسىنى
سىستېمىلىق ئىگىلىگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پارتىيىمىز تەـ
رىپىدىن تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىـ
سى بىلەن قوراللانغان پرولېتارىيات ئىنقىلابىي جەڭچىسى.
باشقا رەھبەرلەردىن ئىسھاقبېك، دەلىلقان قاتارلىقلارمۇ ئىلـ
گىرى كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىـ
نىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تەسىر ئالغان. ئۇلارنىڭمۇ
مەلۇم دەرىجىدە ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيىۋى ئاساسى
بار ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ماۋزېـ
دۇڭنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ
نەشر قىلىنغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىـ
چىدە زور ئىجابىي تەسىرى قوزغىدى. ئۇلار ئۆگىنىش
ئارقىلىق «مىللەتلەر مەسىلىسى پەقەت پرولېتارىيات ئىنقىلابى
بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندىلا ھەمدە پرولېتارىيات ئىنقىلابى
ئاساسىدىلا ھەل قىلىنىشقا ئېرىشەلەيدۇ»① دېگەن
ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە
زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ راـ
يون خاراكتېرلىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى جۇڭگو ئىنقىـ
لابىنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭـ
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى
قوبۇل قىلغاندىلا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈـ
رەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. دەل مۇشۇنداق توغرا يېتەكـ
چى ئىدىيە ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزـ
گىلىدىكى ئىدىيىۋى — سىياسىي خىزمەتتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جۇڭگو كومـ
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى بالدۇرراق قولـ

غا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتەك ئاساسىي لۇشيەن ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇلغان تۈرلۈك خىزمەتلەر ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر مۇنداق ئىككى خىل گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى بىرلىكنى تەكىتلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلتۆكۈس ئازادلىقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. 1947 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلق ئارمىيىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش: ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسىنى مۇستەھكەملىدى.

1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۈيۈك غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللىي مەسىلىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئاشكارا تۈزىتىپ، ئۈچ ۋىلا-



يەت ئىنقىلابىنى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا ئېلىپ كىردى. ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلار كۆپ قېتىم مىللىي ئارمىيە تۇرۇشلۇق جايلارغا بېرىپ، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت تەربىيىسىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىدى، ھەر بىر جايغا بارغاندا ئۇلار جۇڭگو خەرىتىسىنى ئېسىپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە بىپايان جۇڭگو زېمىنى ۋە جۇڭگونىڭ ئۇزاق تارىخىنى تونۇشتۇردى، خەرىتىدىكى ئازاد رايونلارغا كىچىك قىزىل بايراق قاداپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئازاد رايونلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىشنى چاقىرىق قىلدى. ئۇلار شىخودا سىياسىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ رىئايە قىلىدىغان سىياسىي قائىدىلىرى»نى ئۆگەندى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ۋە مىللىي ئارمىيە ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە نۇتۇق سۆزلەپ، خەلق ئاممىسى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىگە: «مىللىتىمىزنىڭ ئازادلىقى، باراۋەرلىكى ۋە ئەركىنلىكى مەسىلىسى پەقەت مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت دېموكراتلىرىنىڭ يولداشلارچە بىرلەشمە كۆرەشىنى قانات يايدۇرۇشى ئارقىلىقلا ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ»② دېگەن داۋلىنى چۈشەندۈردى. بۇ تەشۋىق ـ تەربىيىلەر مىللىي ئارمىيە ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇقىنى چاچتى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە ئىچىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدىيىسى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، مىللىي ئارمىيە ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملەپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى

شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەيگە ياردەم بېرەلمەيدىغان، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە غەرب ۋە شەرقتىن قىستاپ زەربە بېرىدىغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە زىچ ماسلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي ئارمىيە بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئۇچرىشىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى.

ئىككىنچى، ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي مۇناسىۋەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى تەلتۆكۈس تۈزىتىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ زەھىرىنى پاك ـ پاكىز تازىلىدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئاق بىلەن قارا، ھەق بىلەن ناھەق ئارىلىشىپ كېتىپ، بەزى يۇقىرى قاتلامدىكى فېئودال ئۇنسۇرلار بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالدى. مىللىي مەسىلىدە، بۇ بىر ئوچۇم كىشىلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، مىللىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئىگە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش توغرىسىدا ئاشكارا جار سالدى. بۇ ئىنتايىن ئېغىر سىياسىي خاتالىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەر بۇ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى. ئۇ ۋاقىت ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا قاراتتى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان تۆرە ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىر تونۇش جەريانى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ئېقىمنىڭ زەھىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنى سەگەكلەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىنچىكە تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەريانى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ خۇددى 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەخمەتجان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىلەشكۈچى خادىمى يولداش دېڭ لىچۈنگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى خاتالىقلارنى تەھلىل قىلىپ: «بىز مۇشۇنداق ئېغىر مۇھىتتا گومىنداڭ بىلەن كۈرەش قىلدۇق. بۇ كۈرەش داۋامىدا، بىز ئۆز كۈچىمىزنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىز بىرلا ۋاقىتتا سىرتتىكى گومىنداڭ ۋە ئىچىمىزدىكى ئەكسىيەتچىل فېئودال كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلالمايتتۇق. بىز پەقەت گومىنداڭ بىلەن خەلقنىڭ كۈرىشىنىلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىچكى جەھەتتىكى خەلق بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ كۈرىشىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويغىنىمىزدا ئاندىن بۇ قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالايتتۇق»③ دېگەنگە ئوخشاش ئىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، بۇ كۈرەش ئەگرى ـ توقاي يول بىلەن ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلدى.

1948 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمى غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ غايەت زور بۇرۇلۇش ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە زور ئىلھام بەردى. بۇ چاغدا، ئەخمەتجان «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ خاتالىقىنى تەلتۆكۈس تازىلاش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى» دەپ قاراپ، يولداش دېڭ

لىچۇنگە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قايتۇرما زەربە بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا بىز ئىچكى قىسىمدىكى كۈرەشنى باشلىدۇق. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خەلق ئاممىسىنى دېموكراتىك ھاكىمىيەت، دېموكراتىك سىياسىيىنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا دېموكراتىك سىياسىينى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى دېموكراتىك سىياسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولدى». «ھازىر بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدىكى ئەھۋال ناھايىتى ياخشى، يەنى دېموكراتىك كۈچ ئەكسىيەتچىل كۈچلەردىن كۈچلۈك، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى كۈچىمىز ناھايىتى يېتەرلىك»④. كۈرەشنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەخمەتجاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى، ئەخمەتجان رەئىس، ئابباسوۋ ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئېلان قىلغان خىتابنامىدە، تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھۆججەتلىرىدە، تۇنجى قېتىم خەنزۇ مىللىتىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ: «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئەمەلىي ھوقۇقسىزلىقتىن ئىبارەت قۇللۇق ئورنىنى مەڭگۈگە بەربات قىلىش ھەمدە نامراتلىقتىن، زۇلمەتلىك ھاياتتىن مەڭگۈگە قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرلىشەيلى!» دېگەنگە ئوخشاش ئىنقىلابىي سەپەرۋەرلىك، چاقىرىقنامىلەر چىقىرىلدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى «خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىش» تىن بۇ مەزگىلدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشى، شۈبھىسىزكى، غايەت زور بۇرۇلۇش ئىدى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ھەر مىللەت



خەلقنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى تەشكىل قىلىپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇردى.

1948 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىي كومىتېتى «ئۆلكىدىكى ئومۇمىي خەلققە خەت» ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى پانتۈركىست ئۇنسۇر مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن، شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي تىنچلىق تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئىلغار زاتلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ «نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دوكلات» دېيىلدى — ئا). ئۇ دوكلاتىدا، مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىگە باغلاپ شەرھىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدىكى مىللىي مەسىلىگە ئائىت مۇپەسسەل بايانلىردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق

قىلىدى. ئۇنىڭ دوكلاتىدا: «جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بارغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى — جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى بارلىق مىللەتلەرنى ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىلا ئاندىن جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە تەلتۆكۈس ھەم توغرا ھەل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگودىكى تۈرلۈك زۇلۇم (مىللىي زۇلۇممۇ بۇنىڭ ئىچىدە) يوقىتىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدىغانلىقى پولاتتەك پاكىتتۇر» دېيىلگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە بۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەنىدى. ئۇ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇنى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى دائىرىسىگە ئېلىپ كىرگەندىلا ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇ دوكلاتىدا: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ياردىمىدە ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇددىئاسىغا ناھايىتى تېزلا يېتەلىشى مۇمكىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن شارائىتتا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشەلىشى ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ھەم توغرا ھەل قىلىنىشى مۇقەررەر، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى پارلاق» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇ دوكلاتىدا يەنە «ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا. ھەر قايسى مىللەتلەر



ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، بىزنىڭ غەلىبىمىزنى قوغدىشى لازىم، بىز چوقۇم بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئاداققىچە كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!» دەپ چاقىرىق قىلغان. ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان بۇ سىياسىي دوكلات ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاتالىقلارنى تۈپتىن تۈزىتىپ، توغرا يولدا ئالغا ئىلگىرىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋالىدىغان قەسەمياد يىغىنى بولدى.

«شەرقىي تۈركىستان»نى چۆرىدىگەن كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ھەم ئىنتايىن قىيىن كۈرەش ئىدى. ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلار ماركسىزملىق سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى بىلەن ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئېغىر خاتالىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى. بۇرژۇئاچە مىللەت قارىشى ۋە تارىخىي قاراشنىڭ يامان تەسىرىنى تۈگىتىش، ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىر ۋە ئاممىدا توغرا مىللەت قارىشى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ماقالە ۋە سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى قايتا - قايتا شەرھلەپ، تار مىللەتچىلىكنىڭ ئىنقىلابقا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ، جۈملىدىن پانتۈركىزمچىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك

جىنايىتىنى پاش قىلدى.

1949 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، روسچە، شىبەچە گېزىت - ژۇرناللاردا ئەخمەتجاننىڭ «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن ئەسىرى بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىندى. ئەخمەتجان بۇ ئەسىرىنى ماركسىزمنىڭ «باشقا مىللەتنى ئەزگەن مىللەت ئەڭ ئاخىرىدا ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دۇنيا جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇ كۈرەشتە غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ئەسىرىدە: دېمەك، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى غەلىبە قازىنىمەن دەيدىغان بولسا، ئەڭ ئاۋۋال مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرچىلىك سىياسىتىگە قارىتىلغان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، مەزلۇم ئەللەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى شۇ ئەللەرنىڭ ئۈستىدىكى ھاكىم مىللەت ئىچىدىكى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئىچكى دۈشمەنگىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك زۇلۇم سىياسىتىنىڭ ئىلھامچىسى، مەزلۇم ئەللەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان دۇنيا جاھانگىرلىكىگىمۇ قارشى قارىتىلغان بولۇشى شەرت، دەپ يازدى. ئۇ ئەسىرىدە يەنە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مىللىي مەسىلىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى، مۇھىمى خەنزۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىقىنى، خەنزۇلار ئىچىدىكى ئىزىلگۈچىلەرنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ قارىمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، «دوستىنىمۇ ئۇرۇپ ئاتتۇق» دېدى. ئۇ



ئەسىرىدە يەنە: «پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنى رېئاكسىيون گومىنداڭ باسقۇنچىلىرى بىلەن ئوخشاشلا ھېسابلاپ، پۈتۈن خەنزۇ خەلقىنى ئاز سانلىق پارىخور گومىنداڭ خەنزۇ ئەمەلدارلىرى، بۇلاڭچى گومىنداڭ خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە باسقۇنچى گومىنداڭ خەنزۇ ساقچىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھەممە خەنزۇ ئوخشاش دۈشمەن، دېگەن چۈشەنچىدە بولدۇق. نەتىجىدە، دوست بىلەن دۈشمەننى بىر تاياقتا ھەيدەپ، دوستىنىمۇ ئۇرۇپ ئېتىپ، ھەرقانداق رېئاكسىيون گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىنمۇ ئەشەددىي مىللەت دۈشمىنى — ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان مۇناپىقلارنى ئۆز ھىمايىمىزگە ئالدۇق. نەتىجىدە، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەرەپدارى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دۈشمىنى (بىزگە دوست بولىدىغان) خەنزۇلارنىمۇ مەجبۇرەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردۇق. بۇ پۈتۈنلەي خاتا ۋە ناتوغرا سىياسەت ئىدى.» دەپ يېزىدۇ. ئۇ، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپ ۋە جاھانگىرلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، «مىللەتچى» بولۇۋېلىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بەرگەنلىكىدەك پاكىتلارنى پاش قىلدى ھەمدە ئۇلارغا رەھىمسىزلەرچە رەددىيە بېرىپ، مۇنداق دېدى: «مىللەتداش مىللىي مۇناپىق ھەرگىز ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىدىن كېچىپ مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايتتى؛ مىللەتداش مىللىي مۇناپىقلارنى بىز قانچە قانات ئاستىمىزغا ئالغان بولساقمۇ، ئۇلار مۇستەبىتلەر ۋە جاھانگىرلار بىلەن مەنپەئەتداش بولغاچقا، ئىلاجىنى تاپقان كۈندىن ئېتىبارەن شۇلار بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە قارشى كۈرەش قىلىپ باردى. بىزنىڭ مىللەتدىشىمىز

مۇناپىق سەئىد ئەخمەتنىڭ كۇچا خەلقىنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكى، مىللەتداش بولاقچى ئوسماننىڭ ئالتاي خەلقىنىڭ قانلىرىنى تۆككەنلىكى ۋە ئۆيلىرىنى خانىۋەيران قىلغانلىقى، مىللەتداش مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ ئۇچۇقتىن ئۇچۇق مىللەت مەنپەئەتىگە قارشى چىقىش ئېلىپ بېرىشلىرى بۇنىڭ پولاتتەك دەلىللىرىدۇر.» ئەخمەتجان تار مىللەتچىلىك خاتا ئىدىيىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى توغرا تونۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ، بۇ ھەقتە توختالغاندا: «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ئۈچۈن، چوڭ خەنزۇچىلىق قانچە زەرەرلىك بولسا، تار مىللەتچىلىكمۇ شۇنچە زەرەرلىكتۇر»، «ھازىرقى ۋەزىيەتتە... مىللىي مەسىلىدە سادىر بولغان خاتالىقلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىگە قارىماي، مىللەت ئايرىماي، گومىنداڭسىز، جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقسىز، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى خەلقچىل ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.» ⑥ دېدى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، ئەخمەتجان «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز ۋە ئىتتىپاق» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى «دېموكراتىك ھەرىكەت» دەپ چۈشەندۈردى.⑦ ئۇ، ماقالىسىدە: «مىللەتچىلىك ھەممە مىللەتلەرنىڭ بىرلىك كۈچىنى تەشكىل قىلالمايدۇ. ئۇ، مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەتچىلىك ئۇتىنى ياقىدۇ». «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىسىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن، خەلقچىلىق يولىدىن باشقا يول بار دەپ ئىزدىگۈچىلەر مىللىي ئازادلىقىمىزنىڭ دوستى بولالمايدۇ». «مىللەتچىلىك بىلەن خەلقچىلىق بىر جايدا بولالمايدۇ. ياكى ئۆز مىللىتىنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن خەلقچىلىق سېپىدە كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم. ياكى جاھانگىرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ،



مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنى قۇللۇق زەنجىرىدە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن، مىللەتچى بولۇپ كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم. ھېچقانداق ئوتتۇرا يول يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىز ئۆلكىمىزدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا يول باشچىلىق قىلىمەن دەيدىغان بولسا، مىللەتچىلىككە قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم.»⑧ دەپ يازدى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە، ھەر مىللەت مېھنەتكەش خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىش ياكى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئاتالمىش ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — راست ئىنقىلاب بىلەن يالغان ئىنقىلابنىڭ سىناق تېشى، شۇنداقلا پرولېتارىياتلىق مىللەت قارشى بىلەن بۇرژۇئاچە مىللەت قارشىنىڭ مۇھىم پەرقى. ئەخمەتجاننىڭ بۇ بايانلىرى ماركسىزم - لېنىنزملىق مىللەت قارىشىنىڭ نۇرىنى يەنىمۇ چاقناتتى. ئۇنىڭ بايانلىرى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تار مىللەتچىلىك بىلەن چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ ئوخشاشلا ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە تار مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇشنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ بايانلىرىدا يەنە: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا، ماركسىزم — لېنىنزمنىڭ «ھەممە مىللەت باپ - باراۋەر بولۇش» توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭ مىللەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيادە تەكىتلەش ئىدىيىسى خاھىشىنى تۈگىتىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق

كۆرەش قىلىش لازىم، دېيىلگەن.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى 30 - سانلىق يىغىن ئېچىپ، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى، يىغىندا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قارار تۈزۈپ چىقىلدى: بىرىنچى، مىللەتلەر ئارا زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەر، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ غەلىبىسىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، دەپ قارىلىدۇ. ئىككىنچى، باشقا مىللەتلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، كەمسىتىدىغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ھەرىكەتلەر جىنايى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئارا زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىش — ئىتتىپاق ۋە ھەربىر ئەزانىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى، شۇنداقلا غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.⑨ بۇ قارار «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئاساسىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى چوڭ ئىش قاتارىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي سىياسىتىنىڭ چاقىرىقى ۋە تەسىرىدە، ئەخمەتجان، ئابدۇكېرەم ئاباسوۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدىكى مىللىي مەسىلىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىق تازىلىنىپ،



ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىلدى.

**ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.**

ئازادلىق ھارپىسىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مەغلۇبىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلار دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بۇ يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچى بولغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە باشتىن ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا زورايغان ئاز سانلىق مىللەت ئارمىيىسى بولۇپ، بىرنەچچە يىل مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش داۋامىدا، نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ، غەربىي شىمال ئازادلىق ئۇرۇش مەيدانىدىكى ستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا كۈچلۈك ماسلاشتى. ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈرىشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيىسى ئىنقىلابىنىڭ سېپىگە قوشۇش ئۈچۈن، ج ك پ

مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى ئالاقىلاشقۇچى خادىم سۈپە-
تىدە شىنجاڭغا ئەۋەتتى. دېڭ لىچۈن 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ
14 - كۈنى غۇلجىغا يېتىپ كەلدى، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن
ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار بىلەن كۆرۈ-
شۈپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ،
يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان مەملىكەتنىڭ ئازادلىقى ۋە
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ شىنجاڭنى تىنچ
ئازاد قىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.
ئەخمەتجان قاتارلىقلار «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە
رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ شۇنچە مۇرەككەپ ۋە مۇشەققەتلىك
ۋەزىيەتتە تۇرۇپمۇ يەنە، خىلۋەت رايوندا تۇرۇۋاتقان ئۆزلىرى-
گە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ھەمدە ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىلەشكىلى
مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەنلىكى ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەن-
دۈرگەنلىكى» نى ئېيتتى. ⑩ ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:
«بىز ئۇزاقتىن بېرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس
ماۋزېدۇڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا تەقەززا ئىدۇق، رەئىس
ماۋزېدۇڭغا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى دوكلات قىلىپ، ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتۇق،
بۈگۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى». ئۇلار يولداش دېڭ
لىچۈننىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى
ئورۇندىشىغا بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقلىرىنى
بىلدۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە-
زىيىتىنى، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، مىللەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دۈشمەن ئەھۋالى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
تۈرلۈك كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ھەمدە ھەر مىللەت رەھبەرلىرى-
نىڭ سىياسىي خاھىشى قاتارلىق ج ك پ چۈشىنىشكە موھتاج



بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى، ئاندىن گېنېرال ئىسھاقبېك-
نىڭ ئۆيىگە «دېڭ لىچۈن رادىئو ئاپپاراتى» نى ئورناتتى ھەمدە
«بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق خىزمەتلەردە ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئىگە بولۇشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلى-
كىنى، شۇنداق بولغاندىلا ھەممە ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈ-
شىدىغانلىقىنى» بىلدۈرۈشتى ⑪ بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىۋاستە قوبۇل
قىلغانلىقىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن زىچ ئالاقە
باغلاپ، مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا كۈرەش قىلىشتەك ۋەزىيەتنى
تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن سىياسىي، ھەربىي، ئادەم كۈچى ۋە
مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ياخشى ماسلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى خەلق دېموكراتىيىسى ئىنقىلابى ئېقىمىغا ئېلىپ
كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە
ئىنقىلابنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قازىنىشىغا ئەگىشىپ،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى. يول-
داش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا»
دېگەن ئەسىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ،
خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك
زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭى سىياسىي مەسلى-
ھەت كېڭىشى يىغىنىنى ئېچىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ تەي-
يارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى
ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننىڭ جۇڭگو كوممۇنىس-

نىڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئۇلسى ئالاھىدە
رايونىنىڭ يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى
تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا تېلېگرامما بەرگەندىن باشقا،
رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ئەخمەت-
جانغا ئالاھىدە تەكلىپ خېتى ئەۋەتتى. خەتتە: «سىزلەرنىڭ
كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭىزلەر پۈتۈن جۇڭ-
گودىكى خەلق دېموكراتىيىسى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر
قىسمى. غەربىي شىمال خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىمۇ
يېقىنلىشىپ قالدى. سىزلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭىزلەر پات ئارىدا مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بىز سىزلەرنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا
بەش نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز»
دېيىلگەن. دېمەك ئىلىچۇن ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ خەت
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى تولىمۇ ئىلھاملاندۇر-
دى، بولۇپمۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە بۇ ئىنقىلابقا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى
ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئەخمەتجان ماۋزېدۇڭغا يوللىغان
جاۋاب خېتىدە: «سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ئۇزاقتىن بېرى
پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن
مەسىلە ئىدى. بىز خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى
پۈتۈن دۇنيا ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى، دەپ قارايمىز.
شۇڭا، بىز ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن قەدىردان ماۋ زېدۇڭ
ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمىز ھەمدە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىمىز»
دەپ يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەخمەت-
جان، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان ۋە ئۇرۇمچى-
دىكى «كۈرەش جەمئىيىتى» نىڭ مەسئۇلى يولداش لوجىنىنى



شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يىغىنغا
ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋەكىللەر
غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا
سەپەر قىلدى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى
باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى چۈشكەن ئايروپىلان سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئىركۇتسكى شەھىرى ئارقىلىق تاشقى بايقال
تېغى ئەتراپىغا كەلگەندە، ھاۋارايىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن
تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئەخمەتجان قاتارلىق ۋەكىللەر پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ قۇرۇلۇشى يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. مەركىزىي
كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئارقىدىنلا يەنە، سەيپىدىن
ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تەش-
كىللىنىپ، يېڭى خەلق سىياسىي مەسلىھەت يىغىنىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن بېيپىڭغا باردى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەئىس ماۋ
زېدۇڭ جۇڭنەنخەيدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى
قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى
شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ بەختكە قار-
شى قۇربان بولغانلىقى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈنلا زور يوقىتىش
بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ غايەت
زور يوقىتىش، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!». 10 - ئاينىڭ
22 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ،
زۇڭلى جۇئېنلەي، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي
ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەر-
كىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىلگىرى - ئاخىر تەزىيە تېلېگ-
راممىسى يوللاپ، قايغۇلۇق ماتەم تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا: «ئەخمەتجان
قاتارلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقى-
نىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى،

ئەڭ ئاخىردا يەنە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بۇ ــ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېيىلگەن. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بەرگەن يۈكسەك باھاسى بىرقانچە يىل جاپا ــ مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر ئېلىپ بارغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ئادىل يەكۈن ئىدى.

1949 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 25 ــ، 26 ــ كۈنلىرى، شىنجاڭ گارنىزونى قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋسىيۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللىدى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخى مۇقىم ئەمەس ئىدى، شىنجاڭدا تىنىچ ئازادلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا تېز يۈرۈش قىلىشىنى قارار قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئاكتىپ ماسلىشىپ، ترانسپورت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يارىقى 40 ئاپتوموبىلنى چىقاردى ھەمدە «200 تونىنا بېنزىن، 20 تونىنا سىلىقلاش مېيى» بىلەن تەمىنلىدى⑫. ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «ئۇلار ئۆز ئارمىيىسىنىڭ تېجەپ قىلىپ يىغقان ئاشلىقىنىڭ ئىچىدىن بىرى 200 توننا بۇغداينى ئارمىيىمىزگە ھەدىيە قىلدى» ھەمدە «ئۈچ كىشىلىك كومىتېت تەشكىللەپ خەلقتىن ئىئانە ئاشلىق توپلىدى»⑬. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى، بەس ــ بەستە ئىئانە قىلىشى بىلەن، 10 ــ ئاينىڭ



14 ــ كۈنىدىن 20 ــ كۈنىگىچە بولغان نەچچە كۈن ئىچىدىلا 350 تونىنا بۇغداي توپلاندى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭكى بىلەن قوشقاندا، مىڭ تونىنىغا يېقىن ئاشلىق توپلاندى»⑭. ئۇلار يەنە، دېڭلىچۈن ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى، دەپ قاراپ ۋەزىپە بېرىشى» نى ئىلتىماس قىلدى⑮. مەركەز قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر پىيادىلەر پولكىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشنى، بىر ئاتلىق پولكنى تەكرىتاغدىن ئۆتكۈزۈپ بىۋاسىتە ئاقسۇغا ئەۋەتىشنى، ئۇلارنىڭ ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشنى ھەمدە ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىغا بارغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن بىر خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ ئارمىيە بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلەشنى قارار قىلدى⑯. بۇ مەزگىلدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تىنىچ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر 46 يىل ئۆتتى. بۈگۈنكى كۈندە تارىخنى ئەسلىگەن چېغىمىزدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگىشىپ، مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىلغار ئەھمىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭنى تىنىچ ئازاد قىلىش يولىدا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گەرچە ئېلىمىز يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى، ئىن-

قىلابىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ دۇنيا قارىشى چەكلىك بولغانلىقى، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلە، تاشقى ئىشلار مەسىلىسى قاتارلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ فېئودالىزمنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشتەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىلا، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلىپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك دېموكراتىك ئىسلاھاتلار قانات يايدۇرۇلۇپ، فېئودال سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاندى؛ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى فېئودallarنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ئازاد بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي تۈردە قەد كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىدىن بولالىدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئىشتىراك قىلىش ۋە ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشتا تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقتىن، ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەتكىچە ھوقۇقسىز ۋە ئېزىلىش ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى مىللىي ئاپتونومىيە ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمىغانىدى، پارتىيە رەھبەرلىكى بولمىغانلىقتىن، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئازادلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىمۇ بولمىغانىدى.



ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى — تارىخنىڭ ئېقىمى. بىز ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دۇنيا قاراشىنى تىكلەپ، شىنجاڭ تارىخى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقلاردىن ئەستايىدىل تەجرىبە - ساۋاق ئېلىپ، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ھەرمىللەت خەلقى ئىددىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىللىق ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① ستالىن: «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6 - توم 124 - بەت.

②، ⑥، ⑧: «ئەخمەتجان ئەسەرلىرى»، شاپىگراف باسمىسى.

③، ④، ⑤: 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنلىرى دېڭ لىچۈننىڭ مەركەزگە يوللىغان تېلېگراممىسى.

⑦: 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑨: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 16 - سانىدا ئېلان قىلىنغان مەرھۇم ياسىن خۇدابەردىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا» سەرلەۋھەلىك ئەسلىمىسى.

⑩: 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑪: 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑫: 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑬: 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑭، ⑮: 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگرامما.

⑯ 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دېڭ لىچۈن مەركەزگە يوللىغان تېلېگراممىسى.
(«شىنجاڭ قەھرىمانلار تەزكىرىسى خەۋىرى» نىڭ 1991 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئابلىز تەرجىمىسى

سېلىشتۇرغۇچى: ئەركىن ھوشۇر

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى ھەققىدە ئەسلىمە

ئۇ خاۋمېن

مەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە شىبە ئىسكادرونىنىڭ بىر جەڭچىسى ئىدىم. جەڭگىۋار دوستلىرىم بىلەن بىللە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، يامغۇردەك ئوق مەيدانىنى كېچىپ، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، ئېغىر ۋە قىيىن كۈنلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. كۆپلىگەن جەڭگىۋار دوستلىرىم ئۇرۇش جەريانىدا شەرەپلىك قۇربان بولدى، تۇرغۇن سەبداشلىرىممۇ كېيىنچە ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى، ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، مەن شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم، سەبداشلىرىمنى ئۇنتۇمىدىم. مەن ئەمدى بىر خىل ئالىي ھېسسىيات ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، شىبە ئىسكادرونىدا تۇرغان چاغلىرىمدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئۇرۇش تۇرمۇشى جەھەتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

## شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

1944 - يىلى سىنتەبىر ئېيىدا، گۈڭخا (ھازىرقى نىلقا) ناھىيىسىدىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار گومىنداڭ ئەكسىيەت-

چى دائىرىلىرىنىڭ ھەربىي ئات ئالۋىڭىغا چىدىيالماي، بىرلىكتە قوزغىلىپ، پارتىزان ئەترەتلىرى تەشكىللەپ، قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىۋەتتى.

ئىلقا ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئىلى رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ئىنقىلابىي كۈچ ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئەزەلدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە چاپچال ناھىيىسىدىكى شىبە خەلقى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كۈندىن باشلاپ، مىللىي ئىنقىلابنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئىنقىلاب مۇنتىزىم ۋە توغرا يولغا كىرگەندىن كېيىن، شىبە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىبە خەلقى ئۆز قوشۇنىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىرى گېنېرال پالىنوۋ، ئىسھاقبېكلەر چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق بىلدۈردى. گېنېرال پالىنوۋ شۇ ۋاقىتتا باش شتابتا خىزمەت قىلىۋاتقان شىبە ئوفىتسېرى، زىيالىي شۇمۇتۇڭنى چاقىرىپ، سۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چاڭ دىسەن، ئوكۇرداي (بەگ) ئەرشەنلەر بىلەن بىللە شىبە خەلقىنىڭ قوشۇنىنى تەشكىل قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تولۇق كېڭىشىش ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، سۇمۇل ناھىيىسىدە شىبە ئاتلىق قوشۇنىنى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلدى.



1945 - يىلى 1 - ئايدا شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى رەسمىي قۇرۇلدى ۋە 7 - سۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىغا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى كۆڭۈل بۆلدى. باش قوماندان گېنېرال پالىنوۋ ئۆزى سۇمۇل ناھىيىسىگە بېرىپ، 7 - سۇمۇلدىكى بارلىق جەڭچى - كوماندىرلارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاپالىق ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى. ئاخىردا 7 - سۇمۇلنىڭ چوڭ كوچىسىدا پارات ئۆتكۈزۈلدى.

## شىبە ئاتلىق ئىسكادروننىڭ قىسىم قۇرۇلۇشى

سۇمۇل ناھىيىسىدىكى شىبە خەلقى شىبە ئاتلىق قوشۇنىنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مەيلى كوماندىر ياكى جەڭچى بولسۇن، ھەممىسى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىشى ئارقىلىق قوبۇل قىلىندى، كوماندىرلار ئەخلاق ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئىسكادرون كوماندىرلىقىغا نار.يانتۇ تەيىنلەندى. ئۇ، 35 ياشلاردىكى، قاۋۇل، كېلىشكەن كىشى بولۇپ، بېشىغا ئىسپانكا، ئۇستىگە كۆك رەڭلىك ھەربىي فورما، پۇتىغا قىزىل ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە ماۋزېر ئېسىپ يۈرەتتى. ئۇ، دوغىلاق، ئاق يۈزلۈك بولۇپ، قارا قېشىنىڭ ئاستىدىكى ئىككى كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەن بىلەن باتۇرانە كۆرەش قىلدى. ھەرقانداق ئىشتا ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسەتتى. ھۇجۇملاردا ئۆزى ئالدى بىلەن ئاتلىنىپ، دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇ، شىبە ئاتلىق ئىسكادروننى باشلاپ، ئىنجىخودىكى قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا، باجاخۇغا ھۇجۇم قىلىپ جىڭ ناھى-

يېسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا، ھەتتا قومبۇلاق، گورتۇ، توتۇ، چىڭگىشۇر، كونا شىخو قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا، شۇنىڭدەك ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىچە بولغان پاخوت يۈرۈشىگە قاتناشتى. ئۇ، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرلىقىغا فۇچا. شىكسەن تەيىنلەندى. ئۇ، ئوتتۇرا ياشلىق، ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، قەيسەر ئادەم ئىدى، ئۇ، ئەسكەر يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، جەڭچىلەر بىلەن ئىچقويۇن — تاشقويۇن بولۇپ ئۆتەتتى. قاراۋۇللۇق، چارلاش، سۇ مەنبەسىنى ئىزدەش قاتارلىق ئىشلاردا باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەيتتى. شىبە ئىسكادرونىنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانى گۇڭگۇ رۇۋ.سىشان باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتناشقان. ئۇ، ئۆز خىزمىتىگە ئەستايىدىل بولۇپ، تىرىشىپ ئىشلەيتتى؛ ھەربىي تۇرمۇش ئىنتايىن مۇشكۇل بولسىمۇ، باشقا جەڭچى — ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ كەلدى.

ئىسكادروننىڭ تەركىبىدە تۆت ۋزۋوت بولۇپ، ۋزۋوت كوماندىرلىرىنىڭ ھەممىسى **شىبە** خەلقى ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار مەيلى جىددىي ئۇرۇشتا ياكى كۈندىلىك قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە، ھەربىي تەلىم — تەربىيە ئىشلىرىدا بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ قورقماس يۈرەك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

## قوشۇنلارنى رەتكە سېلىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش

1945 – يىل 4 – ئاينىڭ 8 – كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. يىغىندا ئارمىيە بايرىقى



تەقدىم قىلىنىپ، پارات ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، مۇستەقىل شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تورگۇن سۇمۇل دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ، شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئادەم ۋە ئاتلارنى ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇدۇل غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق پەنجىم يېزىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار پەنجىمدا بىر كۈن تۇرۇپ «مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرون» دېگەن نامنى ئۆزگەرتتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيونى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، دىۋىزىيوننىڭ بىرىنچى ئاتلىق ئىسكادرونى بولدى. بۇ ئاتلىق دىۋىزىيوندا جەمئىي ئۈچ ئاتلىق ئىسكادرون بولۇپ، شىبە ئاتلىق ئىسكادروندىن باشقا، ئىككىنچى ئاتلىق ئىسكادرون رۇسلاردىن، ئۈچىنچى ئاتلىق ئىسكادرون خۇيزۇلاردىن تەشكىل قىلىنغان.

قىسىمنى رەتلەپ ئۇزاق ئۆتمەي، ھەربىي ئۇنۋان بېرىش يولغا قويۇلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ كوماندىرى نار. بايانتۇغا، پولك مەسلىھەتچىسى بارسۇۋقا مايورلۇق ئۇنۋان، شتاب باشلىقى كىرمىنسوپ، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەمەت ئاخۇنلارغا كاپىتانلىق ئۇنۋان بېرىلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى فۇچا. شىكسەن، دىۋىزىيون كوماندىرلىرى پولشىن، پالتۇرۇك (سىياسىي رەھبەر) باخىروپ، شتاب باشلىقى شىپكىنلەرگە ستارشى لېيتېنانت (پارۇچىك) لىق ئۇنۋان بېرىلدى. تەرجىمان كون گۇرۇ.سىشانغا مىلادشى لېيتېنانتلىق ئۇنۋان بېرىلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ تۆت ۋزۋوت كوماندىرلىرىغا فېدفىل (ستارشىنا) لىق ئۇنۋان بېرىلدى. خوجىلىق باشلىقى فۇئانتايغا ستارشى سېرژانتلىق، ياۋگۇەن جۇڭلەنگە مىلادشى سېرژانتلىق ئۇنۋان بېرىلدى. قالغانلارغا رىيادوۋويلىق ئۇنۋان بېرىلدى. شىبە ئاتلىق

ئۇسكادرونىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانلىرى مىللىي ئارمىيە ئىچىدە خېلى يۇقىرى دەرىجىدە بولۇپ، مىللىي ئارمىيە باش شىتابىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

قوشۇنلار رەتكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئىسكادروندىكى پارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ جاپاغا چىداپ بىرلىكتە تىرىشىشى ئارقىسىدا، جەڭچىلەر ھەر خىل ئۆگىنىش ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇرۇش قىلىش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈردى.

تەلىم - تەربىيە پائالىيىتىدىن كېيىنلا قوشۇنغا ھەربىي قورال - ياراق، ئوق - دورىلار تولۇقلاپ تارقىتىلىپ بېرىلدى. ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسكادرونىمىز يۇقىرى ئورۇننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى، كىشى بېشىغا بىر خالتىدىن سۇخار (قۇرۇتۇلغان بولكا)، ئات يېمى قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىلىپ بېرىلدى. ھەربىي يۈرۈش مەخپىي بولغاچقا، يۈرۈش قىلىش يۆنىلىشى ئۇقتۇرۇلمايتتى. شۇڭا، يۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بېسىپ ئۆتكەن جايلارنى كۆرۈپلا، قەيەرلەردىن ئۆتكەنلىكىمىزنى بىلىۋالدۇق. قوشۇنىمىز چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ، تۇرپانيۈزى، جېلىلىيۈزى، موللىتوختىيۈزى، چۇلۇقاي قاتارلىق جايلاردىن داغدۇغا بىلەن ئۆتۈپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغان ۋاقىتتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ غول - گۆرسايىنىڭ چىقىش ئېغىزى تار دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بىز بۇ جايدىمۇ توختىماي ئىلگىرىلەپ، سۇ بويىدا ئوت - چۆپلەر تازا بولۇق ئۆسكەن ئورۇننى تېپىپ بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقتۇق. قوشۇنىمىزدا 300 گە يېقىن



ئاتلىق جەڭچى ۋە كادىر بولۇپ، ئۇلار سەپ بولۇپ تىزىلىپ ماڭغاندا بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، يول بويىغا جايلاشقان يېزا - سەھرالاردىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، رۇس قاتارلىق ھەر مىللەت قېرىنداشلار بالا - چاقىلىرىنى باشلاپ، ياشلار قېرىلارنى يۆلەپ، يول بويىدا ئۆزلۈكىدىن سەپ بولۇپ تۇرۇپ، قوشۇنىمىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى. قوشۇن گۆرسايدىن يولغا چىقىپ، كېچىچە توختىماي يۈرۈش قىلىپ، تاڭ ئاتقاندىلا ئېگىز خەتەرلىك داۋان - ئاچال داۋىنىغا يېتىپ باردۇق. داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قېلىن ئورمان، قويۇق ئوت - چۆپ ئۆسكەن يايلاققا كەلدۇق. ئۇ يەردە بىر سۇ بويىنى چۈشكۈن قىلىپ ئورۇنلىشىپ، بىر كۈن ئارام ئالدۇق. ئاچال داۋىنى ئېگىز تاغ چوققىسىدا بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بۇلۇت قاپلاپ، ھاۋادا سەل ئۆزگىرىش بولسىلا قارا بوران چىقىپ، دەھشەتلىك مۆلدۈر يېغىپ كېتىدىكەن. ئەمما، ئۇ يەرنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جىڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمىنى ئاچال داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتىپ، ھەيرانباغدىكى ئايرودرومدا جان تالىشىپ تۇرغان قوشۇنلىرىنى قۇتقۇزماقچى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى دۈشمەننىڭ غەرىزىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، مەلۇم ساندىكى پارتىزانلارنى ئاچال ئېغىزىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. مەسلىھەتلەشكەندەكلا، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىمۇ ئاچال ئاغزىغا دەل شۇ چاغدا يېتىپ بارغان. ئېغىزدا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ قارا بوران چىقىپ، بىردەمدىلا پۈتۈن تاغ ئېتىكىنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن، داۋان ئاغزى قېلىن قار بىلەن توسۇلۇپ قالغان. قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرىدىن

ئۈتۈپ كېتكۈدەك سوغۇق بولغان. ئۇچۇقچىلىقتا قالغان
دۈشمەنلەر شىۋىرغاننىڭ دەردىدە كۆزىنى ئاچالماي قالغان.
داۋان ئۈستىدىكى پارتىزانلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
داۋان ئۈستىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ،
دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەرگەن. دۈشمەنلەرنىڭ نۇرغۇنى
ئوقتا ئۆلگەن ياكى يارىدار بولغان، ساق قالغانلىرى سوغۇقتا
توڭلاپ ئۆلگەن. بىز بارغان چاغدىمۇ يولنىڭ ئەتراپىدا
دۈشمەن ئۆلۈكلىرىنى ۋە ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ھەربىي
لازىمەتلىكلەرنى ئۇچراتتۇق. ئاتلىق قوشۇنىمىز ئاچالدىكى
قىلىن ئورمانلىقتا بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، كۈن
ئولتۇرغاندا يولغا چىقتۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا دىۋىزىيون
كوماندىرى پولشىن ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدا دىققەت قىلىشقا
تېگىشلىك بىرقانچە كونكرېت ئىنتىزام، بەلگىلىمىلەرنى
بەلگىلەپ بەردى. بىز ئۆتكەن جايلار پۈتۈنلەي قاقاس چۆل،
قۇملۇق بولۇپ، بۇ يەردە دۈشمەن ئەسكەرلىرى پات - پات
چىقىپ چارلاپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھوشيارلىقنى
ئۆستۈرۈپ، مېڭىشنى سەگەك تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدىكەن. بۇ
كېچىسى بىرقانچە قېتىم ئاتتىن چۈشۈپ دەم ئېلىپ ۋە يۈرۈش
قىلىپ، تاڭ ئاتقاندا قىلىن قومۇشلۇق بازلىقنىڭ غەربىگە
يېتىپ باردۇق ۋە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. بۇ چاغدا نار.
بايانتۇ كۆپچىلىككە بۇ يەرنىڭ ئىنجىخو ئىكەنلىكىنى
ئۇقتۇردى.

## مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش

جىڭ بىلەن شىخو ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا قىسمىمىز
ئىنجىخوغا ئورۇنلاشتى. جىڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى جىڭ



ناھىيىسىنى مەركەز، باجاخۇنى تايانچ قىلىپ، خەلقلەرنىڭ
ئۆي - ئىمارەتلىرىنى بۇزدۇرۇپ، دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ،
كۆپلىگەن پوتەي ۋە ئاكوپلارنى ياساپ مۇداپىئە ئىستىھكامىنى
قۇرغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قازدۇرۇپ،
خەندەكنىڭ ئىچىگە لىق سۇ توشقۇزغان. بۇنىڭ بىلەن مىللىي
ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇماقچى بولغانىكەن. شىبە ئاتلىق
ئىسكادرونى ئورۇنلاشقان ئورۇن بىر پارچە قىلىن قومۇشلۇقنىڭ
غەربىدە ئىدى. قومۇشلۇقنىڭ جەنۇب تەرىپى قىيپاش قۇم-
دۆڭلەر بولۇپ، قومۇشلۇقنىڭ شىمال تەرىپى ئۇزۇنغا سوزۇلغان
شورتاڭلىق، ئۇدۇلى باجاخۇئىدى. باجاخۇغا گومىنداڭ قوشۇ-
نىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى جايلاشقان بولۇپ، بىز دۈشمەن
قاراۋۇلى بىلەن تېخىمۇ تىغ قارشىلىشىش ھالىتىدە، بىر-
بىرىمىزنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتۇق. دۈشمەنلەر ئېغىر تېپتىكى
قوراللاردىن ئوت كۈچى قوراشتۇرغان، دۈشمەننىڭ قوماندانلىق
شتابى جىڭ ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق
شارائىتتا ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ كېلىشى ئوڭايلىق ئىدى.
دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى چېگرا ئىنجىخو
سازلىقى ئىچىدىكى تاشيول كۆۋرۈكى ئىدى. ئىنجىخونىڭ
غەربىي جەنۇبىدىن تا ئاچالنىڭ غەربىگىچە بولغان كەڭ
زېمىن ۋە ئىنجىخونىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى كەڭ
شورتاڭلىق ئارمىيىمىزنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ئىنجىخو-
نىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە جەنۇبىدىن شىمالغىچە
سوزۇلغان كەڭ زېمىن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كونتروللۇقىدا
ئىدى. دۈشمەن بۇ مۇداپىئە رايونى ئىچىدە كۈچلۈك ھەربىي
شتات تۈزۈلمىسى قۇرغان. شۇڭا، بىز ھوشيار تۇرۇپ،
ئۆزىمىزگە تەۋە مۇداپىئە رايونىنى قاتتىق ساقلىدۇق. بىزنىڭ
كونكرېت ۋەزىپىمىز مۇداپىئە دائىرىمىزنىڭ ئامانلىقىغا
كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى، ئىغۋا-

گەرچىلىكى ۋە بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش، مۇداپىئە رايونىدا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى ئورۇننى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.
ئەمما، بىز تەرەپتە ئالاھىدە ياسالغان ھەربىي ئىنشائاتلار يوق ئىدى. پەقەت ئىنجىكە سازلىقىدىكى قومۇش، قارىياغاچ تەبىئىي قۇم دۆڭلىرى، ئېگىز - پەسلىكلەر ۋە باشقا پايدىلانغۇدەك نەرسىلەردىنلا پايدىلىناتتۇق. دۈشمەن قوشۇنى دائىم ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ھاۋا بوشلۇقىدىن ئىستىھكامىمىزگە بومبا تاشلاپ، پىلىموت بىلەن ئوقچا تۇتۇپ تۇراتتى. دۈشمەن ئايروپىلانى كەلگەندە بىز بوش كەلمەي، قارىياغاچ ۋە باشقا پايدىلانغۇدەك جىسىملاردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن ئايروپىلانىغا ئوق ئۈزدۇق.

## خىزمەت كۆرسىتىش

1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاڭ سەھەردە، شەرق تەرەپتىكى دۈشمەن كونتروللۇقىدىكى رايوندا ھۇجۇم سىگنالى — راكېتا ئوقى ئېتىلدى. پۈتۈن ئىنجىكىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ، ئېغىر - يېنىك زەمبىرەك، پىلىموتلار تەڭلا ئىستىھكامىمىزنى ئوققا تۇتتى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدىنقى قاراۋۇل ئورنىغا كىرىپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. كوماندىرىمىز نار. بايانتۇ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇئاۋىن كوماندىرىمىز فۇچا. شىگىسەن جەڭچىلەرنى تېزدىن توغرا سەپ قىلىپ تىزىپ، چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان سايلىقنى بويلاپ كەتكەن سۇ چىقىرىش ئۆستەڭگە يوشۇرۇپ تۇرغۇزۇپ، بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشكە



تەييار تۇردى. بىراق، شۇ پەيتتە ئاتلىق دىۋىزىيونىمىز ئىنتايىن خەتەرلىك شارائىتقا چۈشۈپ قالدى: بېسىپ كىرگەن دۈشمەنلەر بىزدىن 3 — 4 ھەسسە كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئوت كۈچىمۇ ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، بىزنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىۋالغانىدى. لېكىن، جەڭچىلىرىمىزدە قىلچىلىكمۇ قورقۇش كەيپىياتى بولمىدى.

دۈشمەن ئاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى ئەتراپىمىزغا چۈشۈپ پارتلاپ تۇردى، پۈتۈن يەر - جاھان قاراتۇتەككە تولدى. بۇنىڭدىن باشقا، دۈشمەننىڭ بىر بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئۇچۇپ كېلىپ بومبا تاشلىدى ۋە پىلىموت بىلەن ئوقچا تۇتتى. بۇ چاغدا ئىستىھكامىمىز خۇددى يەر تەۋرىگەندەك ھالەتكە كېلىپ، ئىس - تۈتەككە تولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى پەيتتىن پايدىلىنىپ ئىستىھكامىمىزغا بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇندى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىمىز نار. بايانتۇنىڭ قوماندانلىقىدا، دۈشمەن بىلەن ئېغىر - بېسىق ۋە پىلانلىق ئېلىشىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇردى. دۈشمەنلەر ئادەم بويى ئۆسكەن قومۇشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئىستىھكامىمىزغا يوشۇرۇن ھالدا يېقىنلاپ كېلىپ، بىزنى ئىنتايىن قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، جەڭچىلىرىمىز پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، قولىدىكى قوراللاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغاندى ھەم ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. مەسىلەن: پىلىموتچىك خالىق ئىستىھكامىمىزغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە قارىتىپ قاتتىق ئوت ئاچتى، ئۇلارنى ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. دۈشمەننىڭ پىلىموت ئوقلىرى خالىقنىڭ قولاق تۈۋىدىن ئۆتسە، گراناتلىرى ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە پارتلايتتى. لېكىن، خالىق يەر تۈزۈلۈشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، بىردەم ئۇ تەرەپتە پەيدا بولۇپ دۈشمەننى

ئۇ قاقا تۇتسا، بىردەم بىر دومىلاپلا سول تەرەپتە پەيدا بولۇپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ، دۈشمەننى جىنىدىمىزگە يېقىنلاشتۇرمىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، بىر تال گرانات خالىقنىڭ ئايىغىدا ۋىژىلداپ پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. خالىق تېز ھەرىكەت قىلىپ، گراناتنى ئېلىپلا دۈشمەنگە قايتۇرۇپ ئاتتى. گرانات ئۆز ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا پارتلاپ، بىر تالاي دۈشمەننى يەر چىشلەتتى.

بىرىنچى ۋزۋوتنىڭ پىلىموتچى چولەنمۇ ئۇدۇل تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەنگە ئوت ئاچتى. پۈتۈن ۋزۋوت ئېغىر - يېنىك قوراللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكىمىزدىن، دۈشمەننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى ۋاقتىنچە چېكىندۈرۈلدى. دۈشمەن ئوت كۈچىگە تايىنىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىش بىلەنمۇ ئىستىھكامىمىزنى ئالالمىغاندىن كېيىن، باشقىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئىستىھكامىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئوت - چۆپكە ئوت قويۇپ، بىزنى ئىستىھكام ئىچىدە كۆيدۈرۈپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئوت شامالدا بىردىنلا لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. بىردەمدىلا ئىستىھكامىمىز ئوت - تۈتۈن ئىچىدە قالدى. ئىسكادرونىمىزدىكى جەڭچى - كوماندىرلار ئوتنىڭ تەپتىدە قىقىلىپ، تۈتۈندە كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىرەر كىشى تەۋرىنىپ چېكىنمىدى. جەڭچى دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن بېشىنى ئۆستەڭدىن چىقىرىشىغا ئوق تېگىپ، شۇ يەردىلا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. بۇ ئىش ئىسكادرونىمىزدىكى جەڭچى - كوماندىرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، كۆپچىلىك بىردەك: «غەلىبە قىلىشلا بىزنىڭ چىقىش يولىمىز. بىز دۈشمەننى يوقاتمىساق، دۈشمەن بىزنى يوقىتىدۇ. ئەگەر ئىستىھكامنى قولدىن بېرىپ قويساق، ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز ناتايىن» دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى. شۇ چاغدا



ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوت كۈچى ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ پىلىموت، گرانات، مىلتىق قاتارلىق قوراللىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش ئېلىپ باردى. دۈشمەن ئايروپىلان بىلەنمۇ پىلىموتتىن ئوققا تۇتۇپ ئىستىھكامىمىزغا بۇزۇپ كىرەلمىگەندىن كېيىن، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خۇيزۇ ئىسكادرونىغا يەردىن ۋە ھاۋادىن بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ يۆچۈق ئاچماقچى بولدى. دېگەندەك، يەردىن ۋە ھاۋادىن قىلىنغان ھۇجۇمدا خۇيزۇ ئىسكادرونىنىڭ ئىستىھكامى ۋەيران بولۇپ، دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. خۇيزۇ ئىسكادرونى ئىستىھكامىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دۈشمەنلەر خۇيزۇ ئىسكادرونىنىڭ ئىستىھكامىنى ئىگىلەپ بىر ئېگىزلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، رۇس ئىسكادرونىغا بولغان ھۇجۇمنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىمۇ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى بولسا، ئۆز ئىستىھكامىغا قاپسىلىپ، دۈشمەننىڭ قاتمۇ قات قورشاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. لېكىن، ئۇلار قىلچە تەۋرەنمەي، دۈشمەنگە ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ، ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. چۈشتىن كېيىن شامالنىڭ يۆنىلىشى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، دۈشمەن قويغان ئوت دۈشمەن تەرەپكە قاراپ كېڭىيىپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر ئوتنىڭ تەپتى ئىچىدە قېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى.

خۇيزۇ، رۇس ئىسكادرونلىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، شىبە ئىسكادرونى يەككە - يېگانە قېلىپ، دىۋىزىيون بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇلار دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. خۇيزۇ، رۇس ئىسكادرونلىرىنىڭ چېكىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دىۋىزىيون كوماندىرى پولشىن قوشۇنلار ئارىسىدا شىبە ئىسكادرونىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ، خەۋەرچىسىنى دەرھال شىبە ئىسكاد-

روئىغا قوشۇننى چېكىندۈرۈشنى ئۆتتۈرۈشقا ئەۋەتىدۇ. بىراق، ئارىلىق ئۈزۈلگەن بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى قاتتىق قامال قىلىنىپ تۇرغانلىقتىن، خەۋەرچى شىبە ئىسكادرونىنىڭ ئىستىھكامىغا كىرىشكە ئامالسىز قالىدۇ - دە، قايتىپ بېرىپ پولشىنغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان پولشىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، شۇئان يان قورالىدىن ئوق چىقىرىپ: «ھۇررا، ھۇررا! فرونتقا!» دەپ توۋلايدۇ. پۈتۈن قوشۇن شىبە ئىسكادرونىنىڭ ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامىدا يەنىلا دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، قاتتىق ھاياجانغا كېلىدۇ ۋە پولشىننىڭ كوماندىسى بويىچە ئاتلىرىنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەر تەرەپكە بۇراپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا «ھۇررا، ھۇررا!» دەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. پۈتۈن ئۇرۇش مەيدانى «ھۇررا! ھۇررا!» ساداسىغا تولىدۇ؛ چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشى، مىلتىق ۋە پىلىموتلارنىڭ ئوق ئاۋازى بىرلىشىپ، پۈتۈن فرونت چاڭ - توزانغا تولىدۇ. دۈشمەنلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچىدى ۋە «مىللىي ئارمىيىنىڭ داخىياڭزىدا تۇرۇشلۇق چوڭ قىسمى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەن تونۇشقا كېلىپ، قول - پۇتلىرىدا جان قالماي، قېچىشقا يول تاپالماي تۇرغاندا، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىدىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار ياردەمچى قوشۇن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قايتىدىن روھلىنىپ «ھۇررا! ھۇررا!» دەپ، پىلىموت، مىلتىق، گرانات، ئاپتوماتلارنى تەڭ ئېتىشقا سېلىپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

تۆتىنچى ۋزۋوتنىڭ كوماندىرى شايىشا ۋە بىرنەچچە جەڭچىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار «ھۇررا!» سادالىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنى يالاپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ،



تۈپلىشىپ كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ئوت ئاچىدۇ. دۈشمەنلەر ئۆز ئىچىدىن بىرلىشىۋاتقان بۇ زەربىدىن ھاڭ - تاڭ قالىدۇ ۋە قورقۇپ، ھولۇقۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغاندا، مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى فۇجا. شىڭسەن ئوڭ قولىغا ئوق تەگكەن بولسىمۇ، ئاپتوماتنى سول قولىغا ئېلىپ دۈشمەننى ئوققا تۇتىدۇ. «ھۇررا! ھۇررا!» دەپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك سادا بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان پولات قوشۇننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ، ئىنتايىن پەرىشان ھالدا جېڭغا قاراپ قاچىدۇ.

بۇ قېتىم ئۇرۇشتا، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچى يوقىتىلىش بىلەنلا قالماي، كۆپلىگەن ئوق - دورا، قورال - ياراق ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەر غەنىيمەت ئېلىندى. ئەمما، شىبە ئىسكادرونىمىزدىمۇ چىقىم ئاز بولمىدى. مۇئاۋىن كوماندىر فۇجا. شىڭسەننىڭ قولىغا ئوق تېگىپ يارىلاندى؛ دوشەنباي قاتارلىق يەتتە نەپەر سەپدىشىمىز قۇربان بولدى؛ بالدىڭ، ساگدائاجاجى قاتارلىق يەتتە نەپەر سەپدىشىمىز ئەسىر چۈشۈپ قالدى؛ يەنە بىر ئايال ھەمشىرىمىز تانە يارىلاندى؛ ئوق تېگىپ يارىلانغان ۋە ئۆلگەن جەڭ ئاتلىرى 40 دىن ئېشىپ كەتتى.

ئىنجىخودا دۈشمەننى توسۇپ يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى مۇداپىئەسىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ قالدى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ خورىكىگە قاقشاتقۇچ زەربە بولدى. ئارمىيىمىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچ - قۇۋۋىتى نامايان قىلىندى. بۇ قېتىمقى جەڭدە شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ داڭقى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە تارالدى، ئۇلار

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلەشكە ئېرىشتى.

## ئارمىيىمىز باش قوماندانىنىڭ ئېسكادرونىمىزدىن ھال سورىشى

ئىنجىخو ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال پالىنوۋ، باش شتاب رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى خى جىجىلىڭ (شىبە)، گېنېرال پالىنوۋ ۋە ئىسھاقبېكلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئىبراگىموۋ (تاتار)، غۇلجا 2 - پولكىنىڭ مەسلىھەتچىسى مايور بارىسوۋ، پولك سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كاپىتان ئەمەتئاخۇن قاتارلىق ئوفىتسېرلەر شىبە ئاتلىق ئېسكادرون ئورۇنلاشقان جايغا كېلىپ، ئېسكادروننى كۆزدىن كەچۈردى ھەم سەممىي ھال سورىدى. گېنېرال پالىنوۋ ئالدى بىلەن ئېسكادرونىمىزدىكى يارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن قازانغان نەتىجىلىرىمىزگە يۇكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىملىق ئىنجىخو ئۇرۇشىدا سىلەر باتۇرلۇق كۆرسەتتىڭلار، ئىنقىلابقا سەممىي - ساداقەتىڭلارنى بىلدۈرۈپ، دۈشمەننىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىپ، دۈشمەننى توسۇپ چېكىندۈردۈڭلار. سىلەر ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە رايونىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدىڭلار. يالغۇز قالغان ۋاقتىڭلاردىمۇ جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئىسسىق قېنىڭلارنى ئاققۇزۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردۈڭلار. ئەگەر سىلەرمۇ ئىككىلىنىپ چېكىنىپ چىققان بولساڭلار، ئالدىنقى قاراۋۇل قولدىن كەتكەن بولسا، بىز ئىنجىخودىن ئايرىلىش بىلەنلا قالماي،



بەلكى پۈتۈن مۇداپىئە سېپىمىزنىڭ بۇزۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولاتتۇق. ئۇ چاغدا داخىياگزا، سايرام كۆلى بويى قاتارلىق ستراتېگىيىلىك ئورۇنلار قولدىن كېتىپ، بىر قاتار كەڭ زېمىننى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قوياتتۇق. ئوتتۇرا يۆنىلىش خەتەرلىك ئەھۋالدا قالاتتى، شۇنىڭدەك بورتالامۇ خەۋپكە ئۇچرايتتى. بىز پەقەت كەڭساي ئېغىزى سۇكپۇتوزادىلا تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق... سىلەرنى زور خىزمەت كۆرسەتتى دېيىشكە بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپەڭلارنى تەبرىكلەيمەن!» دېدى. ئاندىن گېنېرال پالىنوۋ تۆتىنچى ۋزۋوت كوماندىرى شايشان بىلەن جەڭچى شىنىڭ سەنىنى تەقدىرلەپ، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى ئالاھىدە ماختىدى. باش قوماندان ئارقىدىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: «جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى قاتناش لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، تېلېفون سىملىرى كېسىۋېتىلدى. شۇڭا، دۈشمەن قاتناش - ترانسپورت ۋە خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە. ئىلگىرىدىن شىمالىي تەگرىتېغىدا بولغان داۋان، سارغازار، ساغراي ئۆتكەللىرى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. گورتۇ، توتو، چىگشۇر ئارىلىقىدىكى تاشيوللار، كۆۋرۈكلەرمۇ بۇزۇۋېتىلدى. ئارمىيىمىزنىڭ بىر قىسمى تارباغاتايغا بېرىپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي تارباغاتاي ئازاد قىلىنىشى مۇمكىن. ئالتايدىكى دەلىلقان رەھبەرلىكىدە قىلىۋاتقان پارتىزانلار ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، ئالتاينىمۇ پات يېقىندا ئازاد قىلىدۇ» دېدى. ئاخىردا: «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىنتايىن پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئەھۋالى كۈنسايىن خارابلاشماقتا. بىز پۈتۈن جەڭچى - ئوفىتسېرلار تېخىمۇ تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشىمىز كېرەك»

دېدى. گېنېرال پالىنوۋنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى، سەمىمىي ۋە قىزغىنلىق بىلەن هال سورىغانلىقى، كىشىلەر قەلبىنى ئىلهاملاندۇرىدىغان سۆزلىرى ئىسكادرونىمىزدىكى كەڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈردى، ئىسكادرونىمىزنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى قەتئىيلەشتى.

باش قوماندان سۆزلەۋاتقاندا، دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئۇچۇپ كېلىپ، بىزنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتقانىدى. باش قوماندان مەيداندىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ يوشۇرۇنۇشىغا ئەپچىللىك بىلەن قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى قىلچە ئالاقزادە بولمىدى، دۈشمەن بومبا تاشلىسىمۇ تىك تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋەردى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ: «قاراڭلار، دۈشمەنلەر بىزنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى تەبرىكلەپ، قىممەتلىك سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە تەقدىم قىلىۋېتىپ كەتتى» دېگەنىدى، مەيداندىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

باش قوماندان ئىسكادرونىمىزغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە هال سوراپ كەتكەندىن كېيىن، باش شتابتىن ئىبراي هېكىموۋنى ئىسكادرونىمىزغا ۋەزىيەت توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇ، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتى، ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتى هەققىدە ئۈچ قېتىم دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭ دەرسى ئىنتايىن تەپسىلىي، چوڭقۇر، مەنىلىك، ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، بارلىق جەڭچى - كوماندىرلار ۋەزىيەت توغرىسىدا بىر قېتىم چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى، ئارمىيىمىز ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، مىللىي ئىنقىلابنىڭ هەققانىيلىقى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى.



## ئىككىنچى قېتىملىق تەرتىپكە سېلىش، قەهرىمان — نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش

ئىنجىخۇدا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئىلى، بورتالا قاتارلىق جايلاردىن قوشۇن يۆتكەپ ئەكىلىپ، ئىنجىخونىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. ئەسلىدە جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىنجىخو بىردىنلا قايناپ كەتتى. هەربىي چېدىرلار خۇددى ئورماندەك تىكىلىپ، توپ - توپ ئاتلىق هەربىيلەر هەريان ئات ئويىنىتىپ، ئەر - ئايال ئەسكەرلەر دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆز تىللىرىدا ناخشىلار توۋلاپ، ئىنجىخونى قىزىتىۋەتتى. بۇ يەردە ئۇرۇش ئېهتىياجىغا ئاساسەن يەنە بىر قېتىم رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى. ئاتلىق دىۋىزىيون رەسمىي هالدا غۇلجا پولكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پولك كوماندىرى كاپىتان پىدايېۋ، مەسلىهەتچىسى سوۋېتلىك مايور بارسوۋ، شتاب باشلىقى كېرىمىنوۋ، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى كاپىتان ئەمەتئاخۇن ئىدى؛ پولكتا بىر نەپەر چوڭ ئاخۇنۇممۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ هەربىي ئۇنۋانى پودپولكوۋنىك بولۇپ، پولك بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پولكنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئىدى. بۇ پولك قارمىقىدا بىر ئاتلىق دىۋىزىئون، ئىككى پىيادە باتالىئون بولۇپ، جەمئىي ئۈچ باتالىئون بار ئىدى. پولكقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن زەمبىرەك روتىسى، رازۋېتكا روتىسى، بىر سەهىيە ئەترىتى قاتارلىقلار بار ئىدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ شتاتىدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولمىدى، بەلكى قورال - ياراقلار تولۇقلاپ بېرىلدى.

قوشۇنلار رەتكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئىنچىكە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى ۋە ئۇرۇشتا يېتىشىپ چىققان قەھرىمان — نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى گېزىت يۈزىدە تونۇشتۇرۇش، ھەرقايسى قىسىملارغا بېرىپ سۆزلەپ تونۇشتۇرۇش، رەسىملىك كۆرگەزمە ئېچىپ تەشۋىق — تەرغىب قىلىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدى. بۇ پائالىيەتلەرنى پولكنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەمەتئاخۇن بىۋاسىتە قول سېلىپ ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى باتالىئون ۋە روتىلاردىن سىياسىي يېتەكچى ۋە سىياسىي خىزمەتچىلەر ئاجرىتىلىپ، بىرقانچە كىشىدىن تەشكىل تاپقان تەشۋىق قىلىش ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى پىيادىلەر باتالىئونىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى مەمەتوۋ، ئىككىنچى پىيادىلەر باتالىئونىدىن خەمىتوۋ، ئاتلىق دىۋىزىئوندىن باخىروۋ، 3 — ئىسكادروندىن رامىزان سەردىلەر بار ئىدى. بۇ قېتىمقى تەشۋىقاتتا، شىبە ئىسكادروننىڭ ئىنچىكە ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇقلىرى ئاساس قىلىنىپ، روس، خۇيزۇ ئىسكادرونلىرىدىكى تىپىك ئەھۋاللارمۇ تەشۋىق قىلىندى. پىيادە باتالىئوننىڭ ئىنىستىرىكتورى (سىياسىي يېتەكچىسى) خېمىتوۋ يېزىپ چىققان، پولكنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەمەتئاخۇن تۈزەتكەندىن كېيىن بېكىتىلگەن شىبە ئاتلىق ئىسكادروننىڭ تىپىك ماتېرىيالىغا ئاساسەن، جەڭچى گورۇۋي بىرىنچى ۋزۋوتنىڭ پىلىموتچىكى چۇلەننىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى رەسىم قىلىپ سىزىپ بەردى. بۇنىڭدا شابىشەن، سومورۇپ كېيگىن، خېيىك قاتارلىقلارمۇ تونۇشتۇرۇلادى. قەھرىمانلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى توپلاپ رەتلەشكە مەن مەسئۇل بولدۇم، يەنە ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم.



تەشۋىق قىلىش ئۆمىكى ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گورۇپپا ئاغزاكى تەشۋىق قىلدى، يەنە بىر گورۇپپا كۆرگەزمە ئاچتى. كۆرگەزمىگە ئىشلىتىلگەن رەسىملەرنى خۇيزۇ ئىسكادرونىدىكى سەردى رامىزان چوقايېتىپ سىزىپ چىقتى. بۇ رەسىملەردە، تۆتىنچى ۋزۋوت كوماندىرى شەيشان، جەڭچى شىك سەن، مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى فۇجا. شىگسەن، پىلىموتچىك چۇلەنلەردىن باشقا، پىلىموتچىك خالىقىنىڭ ئىنچىكە ئۇرۇشى جەريانىدىكى قەھرىمانلىقلىرىمۇ تەپسىلىي سۈرەتلەنگەن. بۇلارنى سەردى رامىزان ناھايىتى ئەينەن سىزغانلىقتىن، ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولدى. ئاتلىق 2 —، 3 — ئىسكادروندىكىلەرنىڭ تىپىك ماتېرىياللىرىنى ئۇلار ئۆزلىرى يەتكۈزۈپ بەردى.

سىزىلغان رەسىملەرنى قىزىل لاتىغا چاپلاپ، ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇل ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كۆرگەزمە قىلىپ، ئاغزاكى تەشۋىقنىمۇ بىللە ئېلىپ باردۇق. تەشۋىقات ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىيادە باتالىئوندىن توختىيوۋ ئابدۇكېرىم دېگەن بىر جەڭچىنى تاللاپ، سۆزلەشكە قويدى. بۇ تەشۋىقات ئۆمىكى بارغانلا ئورۇندا قىسىملارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. قەھرىمانلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئاغزاكى تەشۋىقات ۋە رەسىملىك كۆرگەزمىلەردىن قىسىملار بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئوبرازلىق تەلىم — تەربىيىگە ئېرىشتى. تەشۋىقات پائالىيىتى ئاياغلاشقاندا، پولكنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەمەتئاخۇن پولكتا يىغىن چاقىرىپ، خۇلاسە چىقاردى ۋە بۇ قېتىمقى تەشۋىقاتنىڭ تەجرىبىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

بۇ قېتىمقى تەشۋىقاتتا، شىبە ئاتلىق ئىسكادروندىن چىققان تىپلارنى تەشۋىق قىلىش ئاساس قىلىنغانلىقتىن،

شۇنىڭدىن باشلاپ شىبە ئاتلىق ئىسكادروننىڭ ئىش پائالىيەتلىرى مىللىي ئارمىيە ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كەتتى.

## جىڭ ئۇرۇشىدىكى شىبە ئىسكادرونى

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، جىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ھاۋا ئىنتايىن دىمىق ھەم بەك ئىسسىق ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، ئىسكادرونىمىز دىۋىزىيونىنىڭ: «بىر كۈن ئىچىدە ئاتلارغا تاقا قاقتۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش؛ قورال - ياراقلارنىڭ زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، ئوق - دورىلارنى تەييارلاپ تولۇقلاش؛ ئارتۇق بىرنەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك» دېگەن جىددىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. بارلىق جەڭچى - كوماندىرلار بۇ جىددىي بۇيرۇققا ئاساسەن دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەن ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغان بولۇپ، ھېچكىمدە ئارتۇق نەرسىمۇ يوق ئىدى. كۆپچىلىك بىر كۈن ناھايىتى ئالدىراپ تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ ياتتۇق. ئەمما، ھېچكىمنىڭمۇ ئارام ئالغۇسى كەلمەيتتى ھەم خاتىرجەم بولالمايتتى. يېشى چوڭراقلار كىچىكرەكلەرگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىشاتتى.

كۈن غەربكە پېتىپ، كەڭ يەر يۈزىگە قاراڭغۇلۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا، ئىسكادرون كوماندىرى نار. بايانتۇ جىددىي يىغىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ھەممە ۋزۋوت ناھايىتى تېز يىغىلىپ، رەت بويىچە تىزىلىپ تۇردى. كوماندىرىمىز



ئاۋۋال پولكتىن ئىسكادرونىمىزغا مۇئاۋىن كوماندىر قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن موتۇزان (قىرغىز) نى تونۇشتۇردى. ئۇ، ئىسكادرونىمىزنىڭ سابىق مۇئاۋىن كوماندىرى فۇجا. شىڭسەننىڭ ئورنىغا كەلگەنىدى (فۇجا. شىڭسەن سايرام بويىدىكى شىپاخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى). ئاندىن كۆرە ھەربىي كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن 7 سۇمۇللۇق يى جىشەننىڭ 3 - ۋزۋوت كوماندىرلىقىغا بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى (ئۇ، كېيىن جىڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولدى) ۋە ئۇرۇش ئالدىدىكى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇزۇندىن كۈتۈپ كەلگەن جىڭ ئۇرۇشى ئەتە تاڭ سەھەردە باشلىنىدۇ. سەپداشلار! بىز مىللىي ئىنقىلاب ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلار ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى. شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، جاسارەت بىلەن قۇربان بېرىشتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قېرىنداش قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە باجاخۇدىكى دۈشمەننى قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، جىڭغا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى تارمار قىلىپ، غەلىبىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى!». ئاندىن ئۇ، ئۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان بىرقانچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ: «ئەتە ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن ئىككى ئايروپىلان ئەۋەتىدۇ. بىز يەر ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشنا قىسىملارغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىمىز، ئايروپىلانلارنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن، ئارمىيىمىز يەر يۈزىگە توغرىسىغا ئاق رەخت يېيىپ كۆرسىتىدۇ» دېدى. ئارقىدىن ئاتلارنى ئېگەرلەپ ئۆز ئورنىمىزدا دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى ۋزۋوتلار ئۇدۇللىنىشىنى بىرلىك قىلغان ھالدا تارقىلىپ بۇيرۇق

كۆتۈپ تۇردى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە، مىللىي ئارمىيە قۇدرەتلىك ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىنجىخونىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قاراپ شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى، بەش تال راكېتا ئوقى ئېتىلغاندىن كېيىن، ئىسكادرونىمىز تېزلىكتە يېغىلىپ، جەڭ قىلىش ھالىتىدە تېزلىنىپ تۇردى. ھەرقايسى ۋزۋوتلاردىن بىرنەچچە جەڭچى ئاجرىتىلىپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىسكادرونىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىنجىخۇنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، دۈشمەن قاراۋۇلى تۇرغان پاكار تام ئۆيدىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئىستىھكامنى ئاساس قىلغان لىنىيىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بۇ لىنىيىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، پاكار تامنى ئىشغال قىلىش ئىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، پاكار تام ئۆيگە گومىنداڭنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر ۋزۋوتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئاكوپ، بىلىنداژلار، تۆت ئەتراپىدا ئوق توچكىلىرى بار ئىكەن؛ ئېتىش دائىرىسى كەڭ، ئوت كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش قولايلىق ئىكەن. كوماندىر نار. بايانتۇ تام ئۆي ئىچىدىكى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، تۆت ۋزۋوت ئەسكىرىي كۈچىنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تام ئۆيىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا، ئارمىيىمىزنىڭ زەمبىرەكلىرى دۈشمەن ئىگىلەپ تۇرغان ئېگىزلىكنى توپقا تۇتتى؛ دۈشمەن ئاكوپى ۋەيران قىلىنىۋاتقاندا، جەنۇب تەرەپتىكى ھاۋا بوشلۇقىدىن بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى ئايروپىلان ئۇچۇپ كەلدى. دۈشمەنلەر ئۆزلىرىچە: «ئايروپىلانلىرىمىز دەل ۋاقتىدا ياردەمگە كەلدى» دەپ خۇشاللىنىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندا، ئايروپىلانلار بىز تۇرغان يەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كېلىپ، يەرگە يېيىتىلغان ئاق رەخت بەلگىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال بۇرۇلۇپ كەلگەن تەرىپىگە يەنى شەرقىي



جەنۇب تەرىپىگە ئۇچۇپ بېرىپ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى؛ ئاندىن باجاخۇنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىپ، پەسلەپ ئۇ يەرنى پىلىموتقا تۇتتى ۋە بومباردىمان قىلدى. باجاخۇدىن جىڭ ناھىيىسىگىچە بولغان پۈتۈن سەپ چاڭ - توزانغا تولۇپ، ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى؛ مىلتىق، پىلىموت، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازى يەر - جاھاننى تىترەتتى.

شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جەسۇرانە ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ئىنجىخونىڭ شەرقىي قىرغىقىنى دۈشمەندىن تارتىۋالدى ۋە باجاخۇغا دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلاپ، دۈشمەننىڭ باجاخۇدىكى پوتەي - ئىستىھكاملىرىنى ھەم ئىنجىخونىڭ غەربىي جەنۇب ئېگىزلىكىدىكى ئىستىھكاملىرىنى ۋەيران قىلدى. ئۇ يەردە دەككە يېگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى ھەدەپ پاكار تام ئۆيگە قېچىپ بېرىپ، ئىسكادرونىمىز بار يەرگە توپلىشىپ قالدى. ئىسكادرونىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئورنى دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ تۇرغاچقا، ئىسكادرونىمىز ئوت كۈچىنى توپلاپ پاكار تام ئۆيگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، دۈشمەنلەر مۇستەھكەم ئىستىھكامىدىن پايدىلىنىپ، قۇۋۋەتلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. ئىسكادرونىمىزنىڭ ئوت كۈچى دېگەندەك جارى قىلالماي قالغاچقا، ئىسكادرونىمىز پاكار تام ئۆيىنى بىر مەھەل ھۇجۇم بىلەن ئالالمىغاننىڭ ئۈستىگە، توپلىشىپ قېچىپ كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددىي ھەم خەۋپلىك ھالغا دۇچ كەلدى. ئىسكادرون كوماندىرى نار. بايانتۇ ئىنتايىن تەقەززا بولۇپ، ھەرقايسى ۋزۋوت كوماندىرلىرىنى ھەزقانداق چېقىمغا قارىماي، قىسقا ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق دۈشمەننى يوقىتىش، قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىشقا

بۇيرۇدى. نەتىجىدە، جەڭچىلەر قولىدىكى گراناتلارنى تۇپلاپ باغلاپ، پاكار تام ئۆينى ۋەيران قىلىش ھۇجۇمىنى كۈچەيتتى. دۈشمەن يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىنلەشتى. مۇئاۋىن كوماندىرىمىز مورتۇزان بىر تۈركۈم جەڭچىلەرنى باشلاپ، تۇپلاپ باغلانغان گراناتنى كۆتۈرۈپ، پاكار تام ئۆيگە قاراپ ئۆملەپ ئىلگىرى- لەپ كېتىۋاتقاندا، دۈشمەن ئوقى تېگىپ، شىبە ئىسكادرونىدىكى بارلىق جەڭچى - كوماندىرلار بىلەن تونۇشۇشقا ئۈلگۈرمەيلا دۇنيادىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جەڭچى فىڭ باۋ تۇپلاپ باغلانغان گراناتنى قۇچاقلاپ ئۆملەپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ئۇنىڭغىمۇ ئوق تېگىپ يارىلاندى ۋە كېيىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. شۇ پەيتتە، ئىككى تەرەپنىڭ ئوت كۈچى بەك شىددەتلىك بولۇپ، جىددىي ئېتىشىپ تۇرغانىدۇق. تۆتىنچى ۋزۋوتنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى يې جىشان (7 - سۇمۇللۇق)، جەڭچى سۇچۇنباۋ (4 - سۇمۇللۇق) قاتارلىقلار پەم بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، تۇپلانغان ئەڭ ئاخىرقى گراناتنى پاكار تام ئۆينىڭ تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدى. قاتتىق پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن تام ئۆينىڭ بىر چېتى غۇلاپ چۈشۈپ، دۈشمەننىڭ جەسەتلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچتى. لېكىن بەختكە قارشى، يې جىشان، خالىق (8 - سۇمۇللۇق)، سۇ چۇنباۋ ئۈچ كىشى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئەڭ ئاخىردا، ئىسكادرونىمىز پاكار تام ئۆينىڭ قالغىنىنىمۇ پارتلىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدى ۋە قاچقان دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، باجاخۇدىكى دۈشمەنلەر يەردىن ۋە ھاۋادىن بېرىلگەن زەربىگە چىدىماي، ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي جىڭغا قاراپ قاچتى. لېكىن، تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ توسۇپ



زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، شەرمەندىلەرچە يوقىتىلدى ۋە قولغا چۈشتى.

ئىنجىخو بىلەن باجاخۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جىڭنى قوغداشتىكى تايانچ بازىسى ئىدى. بۇ ئىككى ئورۇن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، دۈشمەنلەر تولىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇ پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، بارلىق ئېغىر - يېنىك ئوت كۈچىنى تۇپلاپ، جىڭغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەنلەر پۇت تىرەپ تۇرالماي، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، تاشيولنى بويلاپ شەرققە يەنى شىخوغا قېچىشقا باشلىدى. ئىسكادرونىمىز بۇيرۇققا بىنائەن، تاشيولنى ياقىلاپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىزنى بۇنىڭ ئالدىدا چەكسىز قايغۇ بىلەن ئالدىراش بىر تەرەپ قىلىپ بولغانىدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىۋىزىيون سېستراسى كېلاۋا (رۇس) مۇ بار ئىدى. ئۇ، ئىسكاد- رونىمىزغا چۈشۈپ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا قورسىقىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوماندانلىقنىڭ دۈشمەننى داۋاملىق قوغلاپ يوقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاتلىنىش ئالدىدا ئوكو باشچىلىقىدىكى ئۈچىنچى ۋزۋوت كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ ۋاقىتتا ۋەزىيەت جىددىي بولغاچقا، ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەشكە مۇمكىن بولماي قالغانىدى. كۆپچىلىك ئاتلىنىپ قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا، قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىللە جىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، قاچقان دۈشمەنلەرنى توسىدى. ئىسكادرونىمىز ئۇچرىغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ، نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يوقاتتۇق، زور تۈركۈمدىكى نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق. ئىسكادرونىمىز جىڭ ناھىيىسى- نىڭ شەرق تەرىپىدىكى مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى بولغان يىقىلغان تاشقا يېقىن بارغاندا، ئۈچىنچى ۋزۋوت كوماندىرى

ئوگونىڭ ئۆتۈكىنى ئوچراتتۇق. ئۆتۈكنىڭ ئەستىرىگە ئوگو دېگەن ئىسىم شىبەچە يېزىقلىق ئىكەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ بىرەر بەختسىزلىككە يولۇققانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئىسكادرون كوماندىرى دەرھال جىڭ ناھىيىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈردى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، سۈرۈشتۈرۈپ بارغان كىشىلىرىمىز قايتىپ كېلىپ، ئىسكادرون كوماندىرىغا ئوگو قاتارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ بەختكە قارشى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، بومبا پارتلىغان ئازگالغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى دوكلات قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىسكادروندىكى بارلىق جەڭچى - كوماندىرلار ئىنتايىن چوڭقۇر قايغۇغا چۆمۈپ، قۇربان بولغان سەپداشلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈردۇق. پۈتۈن ئىسكادروندىكى سەپداشلارنىڭ «قۇربانلارنىڭ قان قەرزىنى ھەسسىلەپ ئالايلى!» دېگەن ئۈنلۈك ئاۋازى تاغ باغرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. جەڭچى - كوماندىرلار قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇرۇش ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ھۇررا!» ساداسى ئىچىدە دۈشمەنلەرنى قىرىشقا ئاتلاندى.

دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىش ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، چۆل - باياۋاندا ھاۋا ئوتتەك ئىسسىق، سۇ يوق، كېچە - كۈندۈز پاخوتتا يۈرۈپ ئۇرۇش قىلغاچقا، ناھايىتى چارچاپ كەتكەنىدۇق، ئاخىر قۇمبۇلاقتىكى تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇلاق سۈيىگە يېتىپ كەلدۇق، ئىككى كۈندىن بۇيان توختىماي ئۇرۇش قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەچكە، ئادەم ۋە ئۇرۇش ئاتلىرى چارچاپ، ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك تولۇقلاشقا توغرا كېلىپ، بۇلاق بويىدا تۈنەمەكچى بولدۇق، سەپداشلار بۇلاق بويىغا بېرىپ، بۇلاق كۆزىدىن تالىشىپ سۇ ئىچتى؛ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، ئاتلىرىنىمۇ سۇغىرىپ بوغۇز



يېگۈزگەندىن كېيىن، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى سەھەردە، تاتلىق ئۇيقۇدىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ روھي كۈچى ئەسلىگە كېلىپ، خۇش خۇي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شۇ چاغدىلا بۇلاق بېشىدا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سۇ ئىچىۋاتقاندەك تۇرغان بىر ئۆلۈكنى كۆرۈشتى. ئۇ، تۈنۈگۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئىكەن. بۇلاقنىڭ سۈيى قانغا بويالغان بولۇپ، قانلار بۇلاق ئەتراپىدا ئويۇپ قالغانىكەن. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۈشمەن ئۆلۈكلىرى ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا پۇراشقا باشلاپتۇ. سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرەتتى. بۇلار ئەسلىدە دۈشمەننىڭ شىخوغا قاراپ قاچقان يارىدارلىرى بولۇپ، قېچىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، بىر - بىرىنى ئېتىپ ئۆلۈشۈۋاپتۇ. بەزىلىرىنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، بەزىلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئىسكادرونىمىز ئۈزلۈكسىز شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ چۈگۈسۇرغا يېتىپ كەلگەندە، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى يۇقىرىغا تاپشۇردۇق. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، سەپداشلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، قولغا چۈشكەن دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرگەنىدۇق. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىسكادرونىمىز چۈگۈسۇردىن چىقىپ كونا شىخوغا يۈرۈش قىلدى. يول بويى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن، قالدۇق دۈشمەنلەرنى پاكىز تازىلىدۇق. سكادرونىمىز شۇ جايدىكى موڭغۇل، قازاق قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار كېچە بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، پىنگىرمە نەچچە قوي سويۇپ، بىزدىن سەمىمىي ھال سورىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئىسكادرونىمىزدىكى جەڭچى - كوماندىرلار ئۆز يېرىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ تويغۇدەك گۆش يەپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا، گۆشنى يەپ، شورپىنى مەززە قىلىپ ئىچىشتۇق. بۇ، دەل شىخو ئۇرۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقان چاغ ئىدى.

دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش جەريانىدا، ئىسكادرونىمىزدىن ئانچە زور چىقىم بولمىدى، پەقەت جەڭ باۋ دېگەن يەتتە سومۇللۇق جەڭچى تارغىنقىغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەن ئىسكادرون كوماندىرى باياتتۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چولۇنباتۇ قاتارلىق تۆت نەپەر جەڭچى بىلەن شىخوغا بېرىپ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن ئوق - دورا، سۇخار، ئات يېمى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. شىخودا ئەسلى نەچچە مىڭ دۈشمەن ئەسكىرى بولۇپ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گېنېرال پالىنوۋ ۋە لېسكىنلەر رەھبەرلىك قىلغان بىرىگادا چەپەيزە ئارقىلىق شىخوغا ھۇجۇم قىلىپ ئازاد قىلغانىكەن. بىز شىخوغا بارساق، شەھەر ئىچى تېخى قالايمىقانىكەن: ناھىيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بانكا كۆيۈپ تۇرۇپتۇ. چوڭ كوچىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن دۈشمەن ئۆلۈكلىرى قالايمىقان يېتىپتۇ. بىز مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئوق - دورا ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئىسكادرونغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىسكادرونىمىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ساۋەنگە كەلدى؛ ئاندىن ئۇ يەردىنمۇ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ماناس ناھىيىسىنى نىشان قىلىپ شىخەنزىدىن ئۆتتۇق. ماناسقا كېلىپ، دەريا بويىغا ئورۇنلاشتۇق. ئۇ يەردە پولكنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى ئەمەتئاخۇن ئىسكادرون ۋە باتالىيونلارنىڭ سىياسىي خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، كۆپچىلىككە ئاۋۋال ماناسقا قارشى ئۇرۇشنىڭ



غەلىبە قىلغانلىقى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتتى؛ ئاندىن جىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى جىڭ ۋە شىخو ئۇرۇشلىرىغا گېنېرال پالىنوۋ، گېنېرال ئىسھاقبېك ئىككى قوماندان بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. جىڭ ئۇرۇشىغا غۇلجا 2 - پولك، ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى بىرىگادا، تېكەس 1 - ئاتلىق پولك، ئىلى 4 - ئاتلىق پولك بولۇپ جەمئىي 4000 ئەسكىرىي كۈچ، ئىككى ئايروپىلان ماسلاشتى. دۈشمەننىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق 45 - دىۋىزىيىسىدە جەمئىي 7000 چە ئەسكىرىي كۈچ بار ئىدى، بۇلارنىڭ زور تۈركۈمى يوقىتىلدى، 3000 ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 45 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى گېنېرال مايور گوچېنمۇ بار...... «بۇ غەلىبىلەر ھەرقايسى قىسىملارنىڭ جەسۇرانە ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. دۈشمەنلەر مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدۇ، يەنە غالجىرلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن. كۆپچىلىك ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك».

ئىسكادرونىمىز ئۇرۇش غەلىبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇرۇش داۋامىدا ئىسكادرونىمىزغا خېلى چوڭ زىيان بولدى. مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى مورتوزان، ئۈچىنچى ۋزۋوت كوماندىرى ئۇگو قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە سەپدىشىمىز قۇربان بولدى. كۆپچىلىك غەلىبىنى تەنتەنە قىلغاندا، چەكسىز قايغۇ بىلەن قۇربانلارنى ئەسلەپ ئۆتتى. جىڭ ئۇرۇشىدا شىبە ئىسكادرونىدىن قۇربان بولغان ئۇگو، شىنچەن قاتارلىق 34 نەپەر سەپدىشىمىزنى شىبە خەلقى تا ھازىرغىچە ئەسلەپ ۋە مەدھىيىلەپ كەلمەكتە.

## ھەربىي ئىنتىزام تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەسكىرىي قۇرۇلۇشنىڭ كۈچەيتىلىشى

شىبە ئىسكادرونى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، ئىسكادرون رەھبەرلىرى ئىسكادروننىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، باشتىن - ئاياغ قىلچە بوشاشتۇرمىدى. ئۇ چاغلاردا ئارمىيە بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزام ۋە نىزامنامىلەر يوق ئىدى. ئىسكادروننىڭ ئىنتىزام ۋە نىزامىنى ئىسكادرون رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەسكەر باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ نىزامغا كىرماندىرلار ئاكتىپلىق ھەم ئۈلگىلىك رىئايە قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىشقا ئاشۇراتتى. ئىسكادرون كوماندىرى نار. بايانتۇ، مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى فۇچىبا. شىڭسەنلەر ئەسكەر باشقۇرۇش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇرۇش قىلىشتا مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋاللار سادىر بولغاندا مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىش بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئىسكادرونىمىز تەشكىلىي ئىنتىزامنى باشتىن - ئاياغ ياخشى ساقلىغانلىقتىن، مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، قېرىنداش قىسىملار ئارىسىدا بىرقەدەر يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان. جەڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسكادرونىمىزدىكى خادىملاردىن چىقىم كۆپ بولغاچقا، جەڭچىلەر سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ھەقىقەتكە قايتقان روزى، ھادى دېگەنلەر باشچىلىقىدىكى بىر ئىسكادروننى ئىخچاملاپ بىر ۋزۋوت قىلىپ تەشكىللەپ، ئىسكادرونىمىزنى تولۇقلاپ بەردى. بۇ ۋزۋوت



پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىسكادرونىمىزنىڭ كوماندىرلىرى ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى تەلىم - تەربىيىدە رۇس ۋە شىبە تىللىرى ئىشلىتىلگەچكە، بۇ ۋزۋوتتا تىل قىيىنچىلىقى ۋە باشقا ئوڭايسىزلىقلار كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئىسكادرونىمىزنىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ۋە قوللاپ، ئۇلارنى ئاسراپ ۋە ئۇلار بىلەن ئوبدان چىقىشىپ، ئىناق ئۆتتى. كېيىن تارباغاتايدىن كەلگەن گوجۇڭشياڭ، بەي فىڭئەنلەر باشچىلىقىدىكى شىبە، داغۇرلاردىن تەركىب تاپقان ۋزۋوتنى ئىسكادرونىمىزغا تولۇقلاپ بەرگەندىن كېيىن، روزى ۋە ھادىلار باشچىلىقىدىكى ۋزۋوت باشقا قىسىمغا قوشۇپ بېرىلدى.

تارباغاتايدىن كېلىپ قوشۇلغان ۋزۋوت يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھېچقانداق تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن بولغاچقا، تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشى ئاجىزراق ئىكەن. ئۇلار ئىسكادرونىمىزغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىسكادرون كوماندىرى ماڭا بۇ ۋزۋوتنى باشلاپ كونا ساۋەندىن قىشلىق ئوت - چۆپ توشۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بىز ساۋەنگە بارغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇق. كۈن بويى يول ماڭغانلىقتىن، ھەممىمىز چارچاپ كەتكەنىدۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، پوست ۋە چارلىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يېتىپ ئۇخلاپ قالدۇق. تۈن يېرىم بولغاندا، يېنىمدا ياتقان 8 - سومۇللۇق خېيى سىلىڭ دېگەن جەڭچى مېنى ئويغىتىپ: «يامان بولدى» دېدى. مەن «نېمە بوپتۇ؟» دەپ سوراپ، سوئالىمغا جاۋاب ئالغۇچە ئارىلىقتا، قومۇشقا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە پۇقرا بىز ياتقان ئۆيگە كىرىپ، بىر نېمىلەر دەپ غودۇڭشىپ كەتتى. جەڭچى خېيى سىلىڭ

ماڭا: «تارباغاتايدىن كەلگەن قارا باشلىق بىرنەچچە يىگىت
جەڭچى كېچىدە ئاياللار ياتقان ئۆيگە كىرگەنىكەن. سىرتـ
تا كۆزەت قىلىۋاتقان ئەرلەر ئۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى
سېزىپ قىلىپ، قومۇشقا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئاياللار
ياتىدىغان كىرگەندە، ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، تېـ
نەپ ـ تەمتىرەپ، قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ» دېدى. بۇ پەسـ
كەشلىك مېنى چۆچۈتتى ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈردى، پەقەت
ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسى سەھەردە ئورنۇمىزدىن تۇرۇپ، چۆپـ
لەرنى ئاتلارغا ئارتىپ، پۇقرالار بىلەن خوشلىشىپ ۋە ئۇـ
لارنىڭ ھەربىي قىسىمغا ئوت ـ چۆپ ياردەم بەرگەنلىكىگە
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، يولغا راۋان بولدۇق. پۇقرالار:
«مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش قىلىپ، ئىنتايىن زور جاپا ـ مۇشەقـ
قەتلەرنى تارتىپ، غەلىبە قازاندى. بۇنچىلىك ئوت ـ چۆپ
بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ياردىمىمىز» دېدى. لېكىن، كېچـ
دە يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا پەقەت ئېغىز ئاچمىدى. پۇقـ
رالارنىڭ بۇ ئالىيجانابلىق خىسلىتى ۋە كەڭ قورساقلىقى
بىزنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى، قارانىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ
ھالدا قىلغان ئەخلاقسىزلىقى بىزنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇردى،
بىز پۇقرالارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىجىل بولدۇق. «بۇ ئىشـ
نى يول ئۈستىدىلا ھەل قىلىپ كېتەيلى» دېگەن پىكىرگە
كېلىپ، ئاۋۋال قارا ئىشىك ساقلاشقا قويغان جەڭچى ساتىلـ
قان بىلەن سۆزلەشتۇق. ساتىلقان ناھايىتى ياۋاش جەڭچى
بولۇپ، قارانىڭ يامان غەرىزىگە نارازى بولغانلىقىنى، قاـ
رانىڭ پۇقرالارنىڭ ئاياللىرىغا چېقىلماقچى بولغان ئەسكى
قىلمىشىنى پاش قىلدى، بىز پۈتۈن جەريانىنى ئۇققاندىن
كېيىن، قارانى چاقىرىپ سۆھبەتلەشتۇق. ئۇ، دەسلەپتە بويـ
نىغا ئالماي تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ ئەگەر قىلمىشىنى ئىقرار
قىلمىسا، ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، پاـ



ۋاشلىق بىلەن توۋا قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەندىن
كېيىن، ئۇ، قىلمىشىنى ئىقرار قىلغاندىن تاشقىرى، مۇندىن
كېيىن قەتئىي تۈزىتىپ، ئۇنداق ئىشلارنى قايتا سادىر قىلـ
ماسلىققا ۋەدە بەردى. بىز كۆپچىلىكنى چاقىرىپ يىغىن ئېـ
چىپ، كېچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەينەن ئۇقتۇرۇپ، كۆپچـ
لىكنى قارانىڭ بۇ خىل ئەسكى قىلمىشىدىن ئىبرەت ئېلىپ،
ھەربىي ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ شەـ
نىگە داغ چۈشۈرمەسلىككە چاقىردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
كۆپچىلىككە بۇ مەسىلە ھەل قىلىنىپ بولغانلىقىنى، قايتىپ
بارغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز تارقىلىشىنى قەتئىي
مەنئى قىلىپ، ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشنى تاپىلىدۇق. كۆپچىلىك: ناھايىتى ئوبدان بولدى، شۇنـ
داق قىلايلى، دېيىشىپ، بىر ئېغىزدىن قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى.

ئىسكادرون شتابىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىسكادـ
رون كوماندىرىغا ئەھۋالنى ئەينەن تولۇق دوكلات قىلدىم
ۋە باشقا ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئىسكادرون كوـ
ماندىرى نار. بايانتۇ باشقىچە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. لېكىن،
ئىككى كۈن ئۆتمەي، مېنى يەنە چاقىرتىپ «كونا ساۋەنگە
چۈشكەندە يەنە قانداق ئىش سادىر بولدى؟» دەپ سورىدى.
مەن «قارانىڭ ئىشىدىن باشقا ھېچقانداق مەسىلە سادىر
بولمىدى» دەپ جاۋاب بەردىم. كېيىن ئۇ، مېنى يەنە چاـ
قىرتىپ، ماڭا بىر رەسىمنى كۆرسىتىپ: «بۇ قانداق ئىش؟»
دەپ سورىدى. بۇ رەسىم بىر پۇقرانىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكى
چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرلىكتە
چۈشكەن سۈرىتى ئىكەن. ئۇ، بۇ سۈرەتنى ئاشۇ چاغدا ساۋەنگە
چۆپ يۆتكىگىلى بارغان تارباغاتايلىق جەڭچىلەرنىڭ قولىدىن
ئالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ سۈرەت قانداق بولۇپ جەڭچىلەرـ

نىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى سورىدى. مەن بۇ ئىشنى ئۇقمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. كوماندىر ماڭا ئىنتايىن مۇلايىم ھالدا: «بىز — ئىنقىلابىي ئارمىيە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، بىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىز، يۈرۈش — تۇرۇشىمىز ئاتا — ئانا ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شان — شۆھرىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. خەلقنىڭ مال — مۈلكىنى بۇلاپ — تالايدىغان، خوتۇن — قىزلارغا چېقىلىدىغان پەسكەش ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك» دېدى. ئۇ، كەچكى يوقلىما ۋاقتىدا كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: «يېقىندا ئالدىنقى سەپتە خەلقنىڭ خوتۇن — قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بىر دېلو يۈز بەرگەنىدى، جىنايەتچى دەل مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ بىر جەڭچىسى بولۇپ، باش شتابنىڭ قانۇن ئورگىنى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىدە ئېتىۋېتىلدى...... بىز مۇشۇ دېلودىن ساۋاق ئېلىپ، ھەرگىز پۇقرالارغا زۇلۇم سالماسلىقىمىز، پۇقرالارنىڭ خوتۇن — قىزلىرىغا چېقىلماسلىقىمىز، مىللىي ئارمىيىنىڭ شەنىگە ھەرگىز داغ چۈشۈرمەسلىكىمىز لازىم». ئۇ يەنە، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مۇشۇ تۇرغانلىرىمىزدىن كىمنىڭ **ئاتا** — ئانىسى يوق، كىمنىڭ ئاكا — ئۇكىسى، ئاچا — سىڭلىسى يوق، كىمنىڭ خوتۇن، بالاچاقىسى يوق. ئەگەر بىز قولىمىزدىكى مىلتىققا تايىنىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلساق، خۇددى ئۆز ئاتا — ئانىمىز، ئاكا — ئۇكىلىرىمىزنى بوزەك قىلغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ پۇقرالارنىڭ خوتۇن — قىزلىرىغا چېقىلساق، خۇددى ئۆز ھەدە — سىڭىللىرىمىزغا چېقىلغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك». ئىسكادرون كوماندىرىنىڭ سەۋر — تاقەتلىك بىلەن بەرگەن تەربىيىسى جەڭچى — ئوفىتسېرلارنى



چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەممە ئادەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەربىي ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ۋە ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ئاساسەن تۈگەتتى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، كىشى بېشىغا ھەر كۈنى ئاران 800 گرام بولكا، ھەپتىدە بىر قېتىم 500 گرام سۆڭەكلىك كالا گۆشى بېرىلەتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە يېمەكلىك يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى 18 — 20 ياش ئەتراپىدىكى ياشلار بولۇپ، ھەربىي مەشق كۈچلۈك بولغاچقا، نورمىلىق يېمەكلىككە قورسىقى تويمايتتى. شۇڭا، بەزىدە باشقىلارنىڭ نورمىسىغا خىيانەت قىلىش ئەھۋاللىرى پات — پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئېشىندى بولكىلىرىنى ئوغرىلىتىپ قويغانلار ئاچچىقى كېلىپ خاپىلىقىدىن بىئارام بولاتتى؛ بىر — بىرىدىن رەنجىش، خاپا بولۇش ئەھۋاللىرى پات — پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. كوماندىر نار.بايانتۇ مۇنداق ئەھۋاللارنى ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمەي، ئۇنى سادىر قىلغۇچىلارغا ئىخلاس بىلەن سەۋر — تاقەتلىك ھالدا تەربىيە بېرەتتى. يەنى دەككە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، ھامان قېرىنداشلارچە پوزىتسىيە بىلەن قايىل قىلاتتى. ئۇ، كۆپچىلىكنى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ كەملىكىنى نەزەرگە ئېلىشقا؛ ئارقا سەپتىن ئالدىنقى سەپكە بولغان قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، ئارقا سەپتىكى خەلقلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىقتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇۋاتقانلىقى، مۇشۇنداق شارائىتتا كۈنلۈك 800 گرام بولكا ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەن ئەمەسلىكى، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىغا ھېسداشلىق قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاپالىق كۈرەش

قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە چاقىراتتى. كونكرېت ئىشلاردا ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆز-
ئارا ئاسراش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ھەمكارلىشىش روھىنى
جارى قىلدۇرۇشىنى؛ نورمىنى ئۆزئارا تەكشۈرۈپ ئىشلىتىپ،
تاماقنى ئاز يەيدىغانلارنىڭ تاماقنى كۆپ يەيدىغانلارغا يار-
دەم قىلىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، كوما-
ندىرلارنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق، ئىسكادرونىمىزدا باشقىلارنىڭ
نومۇسىنى ئوغرىلاپ يېيىۋالىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن
تۈگىتىلىپ، بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى.
ئىسكادرونىمىزدا يەنە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى جەڭچىلەر-
دە باشقا قېرىنداش قىسىملاردىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار-
نى كەمسىتىدىغان، باشقا مىللەتتىن بولغان جەڭچى - ئوفىتسېر-
لار ئۇچرىسا سالام بەرمەيدىغان ياكى گەپ قىلمايدىغان
ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەنىدى. ئىسكادرون كوماندىرى نار. باياﻥ-
تۇ بۇنداق ئەھۋالنى سادىر قىلغان جەڭچىلەرگە تەنقىد ۋە
تەربىيە بەردى. ئۇ، كۆپچىلىككە: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق فرونتىمىز
ئىچىدە، مەيلى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىمىز
تەڭ - باراۋەر. شۇڭا، بىر - بىرىمىزگە ئوخشاش مۇئامىلىدە
بولۇشىمىز كېرەك. ھەممىمىز ئورتاق دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن
بىرلىكتە ئاتلانغان، بىز بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، بىر - بىرىمىزگە
ئىشىنىپ، دوستلۇق - ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر كىشىدەك ئىتتىپاق-
لىشىشىمىز لازىم. پەقەت شۇنداق قىلىشقىلا بولىدۇكى، يول-
سىزلىق قىلىپ ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزۇشقا يول قويۇلمايدۇ»
دېدى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ: «بىز بولساق ھەربىي، ھەربىي
سالام ھەربىيلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنىڭ بەلگىلىرىدىن
بىرى، ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك،
قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، بىز ھەر-
بىيلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشىمىز



كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئارمىيە ئىچىدە مىللەتلەر ئوتتۇر-
سىدىكى قېرىنداشلىق، دوستلۇق، كۆيۈمچانلىق كۈچىيىدۇ، بىز
شىبە مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەن - ئەنىلىرىنى ھەرگىز يوقىتىپ
قويماسلىقىمىز كېرەك» دېدى. كوماندىرلارنىڭ قاتتىق تۇتۇ-
شى، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى ئارقىسىدا، ئىسكاد-
رونىمىزدا ناپاك ئىستىل، يامان ئادەتلەر تېز تۈگىتىلىپ،
ئىچكى ئىتتىپاقلىق ياخشىلىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى باش-
قا مىللەت قوشۇنلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقمۇ باشتىن -
ئاياغ ئىنتايىن ياخشى بولدى.

## جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كەيپىيات

مىللىي ئارمىيىنىڭ تۇرمۇشى ماددىي تەمىنات جەھەتتە
ناھايىتى قىيىن ۋە ئىنتايىن مۇشەققەتلىك شارائىتتا ئۆتتى.
مىسال ئۈچۈن، پەقەت شىبە ئىسكادرونىنىڭ ئەھۋالىنىلا سۆز-
لەيدىغان بولساق، ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان بىر يېرىم
يىل جەريانىدىكى ئۇرۇش تۇرمۇشىدا، يېتىپ - قوپقۇدەك
ئۆي ياكى گازارمىغا، غىزالىنىدىغان ئاشخانىغا، شامال -
بورانلاردا دالدا قىلغۇدەك بىرەر جايغا ئىگە بولمىدى؛ ياز-
نىڭ تومۇز ئىسسىقىدىمۇ ئوچۇق دالىدا، قىشنىڭ قەھرىتان
سوغۇقىدىمۇ ئوچۇق دالىدا (ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە) يې-
تىپ - قوپۇپ، ئاستىغا سالغۇدەك كۆرپە، ئۈستىگە يېپىنغۇ-
دەك يوتقان، بېشىغا قويغۇدەك ياستۇق كۆرمىدى. مەيلى بو-
ران چىقسۇن، ھۆل - يېغىن بولسۇن، ئۈستىگە كىيگەن ياق-
سىز چەكمەن چاپاننى يېپىنچا، ئاتنىڭ ئۇچۇلۇقىنى كۆرپە،
ئېگەرنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلىدى، ياز كۈنلىرى ئىنجىقۇدى-
كى چۆل - باياۋاننىڭ تومۇز ئىسسىقىدا، ھېچقانداق دالدا

قىلغۇدەك نەرسە بولمىغاچقا، ئۆزىمىزنى خۇددى تونۇرنىڭ
ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلاتتۇق. قىش كۈنلىرى دەريا بويى
ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە سوغۇق ئىدى. ھەممىمىزنىڭ كىيى-
مىمىز بىر خىل بولۇپ، بېشىمىزدىكى ئىسپانكا، بىر قۇر كۆڭلەك -
ئىشتان، بىرقۇر گىمناستوركا - شىم، بىر يالاڭ ۋە بىر پاختىلىق
توجۇركا، ياقىسىز چەكمەن چاپان، بىر جۈپ سېرىق ئۆتۈكنى
قىش - ياز كىيەتتۇق (ئۇنىڭغا قوشۇپ ماتادىن پايتىما
تارقىتىپ بېرەتتى). ئۇنىڭدىن باشقا، ئالماشتۇرۇپ كەيگىدەك
ھېچقانداق كىيىم - كېچەك يوق ئىدى. يوتقان - كۆرپە
ياكى بىرەر جۇۋا بولمىغاچقا، يامغۇر ياكى
قار ياغقان كۈنلىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بەكمۇ مۇشكۈل ھا-
لەتتە ئۆتەتتى. ياز كۈنلىرى ئىنجىخۇدا پاشا، كۇمۇتا، چىۋىن
ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۈندۈزى كۇمۇتا بىلەن چىۋىن ئارام
بەرمىسە، كەچقۇرۇنلىرى پاشا ئارام بەرمەيتتى. يۈز - كۆزلى-
رىمىز ئىششىپ كېتەتتى. شامالسىز قاقاس چۆلدە پەيدا بول-
غان زەھەردەك ئىسسىق دولقۇنى ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇراتتى
ۋە نەپەس ئېلىشىمىز قىيىنلىشاتتى. ئىسكادرونىمىز بىرنەچچە
جەڭچىنى تۇز چىقىدىغان يەرگە تۇز ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتسە،
ئۇلار كەچلىكى ئوت قالاپ ئىس چىقىرىپ پاشىنى قوغلايمىز
دەپ، بىر ھەربىي ئاتنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. بەزى
سەپداشلار ئۆيلىرىگە سالام خەت يازغاندا، «ئىنجىخۇنىڭ
پاشىلىرىنىڭ قوۋۇرغىسى بار. بىر شاپىلاق ئۇرساق قاراسلى-
غان ئاۋاز چىقىدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن.
زاپاس كىيىم - كېچەك بەرمىگەچكە، بەدىنىمىزدە پارا-
زىتلار پەيدا بولۇپ قالاتتى. مۇنداق چاغدا سۇ بار ئورۇنلارغا
بېرىپ، خالى جايدا كىيىم - كېچەكنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بو-
لۇپ يۇيۇنۇپ، كىيىملەرنىمۇ يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، قايتىپ كېلەتتۇق.
تۇرمۇشىمىز ھەرقانچە ئېغىر ھالەتتە بولسىمۇ، كۆپچىلىك



قىلچە داد - پەرياد ئۇقۇماي، باشتىن - ئاياغ كۆتۈرەڭگۈ
روھلۇق ۋە جۇشقۇن بولۇپ، بىر يېرىم يىللىق جەڭگىۋار
تۇرمۇش جەريانىدا بار شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، مە-
دەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى.
ھەر خىل كونسېرتلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئويناپ، ئىسكادرو-
نىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. باجاخۇ ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى
ئىنجىخۇدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئىنقىلابىي قۇربان، ئۇچىنچى
سۇمۇللۇق خەلق ناخشىچىسى ئاجاجىي قاتارلىقلار ئۆزلىرى تەي-
يارلىغان ئويۇنلارنى قويۇپ، ناخشا ئېيتاتتى؛ خالىق ئۆزى
تۈزۈپ، ئۆزى ئويناپ چىققان «توشقان يۈرەك شەيتان» ناملىق
كومېدىيە ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، سەپداشلارنىڭ قىزغىن
ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.
ئۇلار گاھىدا جۈپ - جۈپ بولۇپ ياكى 3 — 5 كىچە
كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ «بەيلۇن ئۇسۇلى» نى ئويناييتتى؛
قول - پۇت، بەدەنلىرىنى تەڭ تەۋرىتىپ، گۈزەل ۋە كۆركەم
ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، تاماشىبىنلارنى قىزغىن جەلپ قىلاتتى.
قاراباغاتايدىن كەلگەن داغۇر، شىبە مىللەتلىرىدىن تەركىب
تاپقان بىر ۋزۋوت قوشۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىي تۇرمۇشىمىز
تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى ۋە تۈرىمۇ
كۆپەيدى. چاپچاللىق جەڭچى - كوماندىرلار «ئۇرۇن خشا» نى
ئېيتىپ، «بەيلۇن ئۇسسۇلى» نى ئوينىغاندا، تارباغاتايلىق
جەڭچى — كوماندىرلار ماندالىن چېلىپ، ئاكاردېئون تارتىپ،
قازاقلارنىڭ ئۆلەڭ، تاتارلارنىڭ جىرلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى؛
تارباغاتايلىق جەڭچى - كوماندىرلار «ئادىنوچكا» غا ئۇسسۇل
ئوينىغاندا، پۈتۈن مەيدان قىقاس - ئالقىشلارغا تولۇپ،
روھىي كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. جەڭچى - كوماندىرلار
ھارغان - چارچىغىنىنى بىلمەيتتى. تۇرگۇن (بىرىنچى) سۇمۇل-
دىن كەلگەن ئىسكادرون زاپچوزى جۇگىلەن خەت - چەك،

كىچىك تىپتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا قىزىقاتتى. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن تاشقىرى، سەپداشلارغا خەت يېزىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ «جەڭگىۋار تۇرمۇش» دېگەن خاتىرىسىنى جەڭچى - كوماندىرلار بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزئارا تالىشىپ كۆچۈرۈۋېلىپ ياكى باشقىلارغا كۆچۈرتۈپ، ئۆزلىرىگە ئۆمۈرلۈك خاتىرە قىلىۋالاتتى. شۇ چاپالىق يىللاردا سەپداشلىرىم ئوينىغان قىزىق ئويۇن، كومېدىيە، ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلار بۈگۈنگىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شىبە ئىسكادرونى مۇشۇنداق تولۇپ - تاشقان جۇشقۇنلۇق بىلەن، بەختسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق بىتىمى تۈزۈپ، ماناس دەرياسىنى ئاساسىي چېگرا قىلىپ، ئۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تىنچلىق بارلىققا كەلدى. شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. بۇ ئىسكادرون تەشكىللىنىپ، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلغانغا قەدەر بولغان بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئىنجىخو توسۇپ يوقىتىش جېڭى، جىڭ ئۇرۇشى، دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىش جېڭىغا ۋە قۇمبۇلاق، گورتو، توتو، كونا شىخو قاتارلىق جايلاردا بولغان چوڭ - كىچىك ئون نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ ئۇرۇشلاردا دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، جاھىل دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ۋاپاسىزلىق قىلماي،



مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئانا ۋەتىنىمىز ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ!

(ئاپتورى: ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

## چيەن لۇڭ خان دەۋرىدە ئىلىدا ھۆكۈمەت بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا ئىشلىرى

ئىلى قازاق خەلقى سودىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىللىي سودىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، چيەن لۇڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 1760 - يىلى) ھۆكۈمەت سودىسى شەكلىدە، دەسلەپ مالنى - مالغا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان ئاساسىي ماللىرى تاۋار، شايى، خام ماتا، يىپەك قاتارلىق شىنجاڭدا توقۇلغان يەرلىك رەختلەر ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى سودىدا كۈمۈش پۇل ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغانلىقتىن، كۈمۈش پۇل ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلگەن. ھەر يىلى سودىغا كىرىتىدىغان تاۋار، شايى، يىپەك قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى ۋە تارباغاتايدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار ئارقىلىق ئالدۇراتتى، يەنە بىر قىسمىنى شەنشى، گەنسۇلارنىڭ باش ۋالىيلىرى ئارقىلىق جىياڭنەن توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىن ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۆلكىلەردىن ئالدۇراتتى. بۇ ماللار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۈپىتى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى ۋە باھاسى ئوخشاشمايتتى، بەزى سۈ-



پىتى ياخشى ماللارنىڭ باھاسى ئەسلىدىنلا يۇقىرى بولۇپ، توشۇش راسخوتى بىلەن بۇ ماللارنىڭ باھاسى تېخىمۇ يۇقىرى بولاتتى. ھەر يىلقى خام ئەشيا باھاسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ھەر يىلى شىنجاڭغا توشۇلغان ماللارنىڭ تەننەرخى تۇراقسىز بولۇپ، گايى ئۆرلەپ، گايى تۆۋەنلەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئوخشاش جايلاردا چىققان ئوخشاش ماللارنىڭ باھاسىمۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئوخشاش بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ماللارنىڭ باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بەكمۇ قىيىن ئىدى.

ئىلى قازاق خەلقى بىلەن بولغان سودىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى تاۋار، يىپەك، شايى قاتارلىق ماللارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشتە، مەزكۇر تاۋارلارنىڭ تەننەرخىگە تۈرلۈك خىراجەت چىقىملىرىنى قوشۇپ بېكىتەتتى. قارىماققا، بۇ باھا مۇۋاپىق بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چىڭ ھۆكۈمىتى قازاق سودىگەرلەرنىڭ بۇ تاۋارلارنىڭ توقۇلۇش شارائىتىنى بىلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك خىراجەت چىقىملىرىنى تاۋارلارنىڭ باھاسىغا قوشۇپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاۋارلارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ، ئەكسىچە ئات، كالا، قويلارنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتەتتى. مۇشۇنداق يول بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى قازاق خەلقىنى ئالداپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ پايدا ئالاتتى. ئالماشتۇرۇلغان چارۋا قانچە كۆپ بولسا، چىڭ ھۆكۈمىتى شۇنچە كۆپ پايدا ئالاتتى. بىراق، چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ بۇ سودىدا بەك ئېھتىياتچان ئىدى. چۈنكى، سودىگەرچىلىكتە بىر قەدەر پىششىق قازاق سودىگەرلىرى ئۈرۈمچىدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن ئات، كالا، قويغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدى. ئەگەر توقۇلما ماللارنىڭ باھاسىنى بەك يۇقىرى ئۆرلىتىپ كەتسە چارۋىلارنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ، ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا زىيان تارتاتتى. جىياڭنەندە توقۇلغان

ئەنئەنىۋى يىپەك رەختلەر قازاق خەلقى ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇش بىلەنلا قالماي، مال ئالماشتۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋاستە ئىدى. ئىلىدا سودا ئېلىپ بېرىش ئۈرۈمچىدىكىگە قارىغاندا كۆپلىگەن سودىگەرلەر ئۈچۈن كۆپ ئاسان ئىدى. شۇڭا، ئىلىدا توقۇلما مال بىلەن چارۋا ئالماشتۇرۇش قازاق سودىگەرلىرىنى بەك جەلپ قىلاتتى.

قازاق سودىگەرلىرىنىڭ سودىدا ئالماشتۇرىدىغان چارۋىسى دەسلەپتە ئاساسەن ئات بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلەتتى. كېيىن ھەرقايسى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قوي سودىسى ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. بەزىدە ئالماشتۇرۇلغان قوينىڭ سانى 50 مىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى. كالا سودىسى دەسلەپكى مەزگىلدە ناھايىتى چەكلىك ئىدى. كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى كالىنىڭ بوز يەر ئېچىش، تېرىقچىلىق قىلىشتىكى رولىنى ۋە باشقا چارۋىلارغا قارىغاندا بېقىش ئوڭاي، چىداملىق، ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىپ، كالا سودىسىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئەمما، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ۋە شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، قازاقلارنىڭ قەبىلىلىرى ئىچىدە كالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بىردەك تۆۋەن ئىدى. شۇڭا ئات، قوي سودىسى يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر كالىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى 3 - دەرىجىلىك بىر ئاتنىڭ باھاسىغىلا تەڭ كېلەتتى.

ئىلىدىكى سودىدا مال - مالغا ئالماشتۇرۇلغانلىقتىن، ھەر ئىككى تەرەپ كۆمۈشنى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ماللىرىنى كۆمۈشكە سۇندۇرغاندىن كېيىن، ئالماشتۇرۇلىدىغان ماللار تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇلاتتى. ئىلى قازاقلىرىنىڭ يىپەككە ئات ئالماشتۇرۇش سودىسى 1760 - يىللىرى



باشلانغان بولسىمۇ، دەسلەپكى ئىككى يىلدا سودىنىڭ باشقۇرۇلۇش ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرى پۇختا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر جەھەتتىكى شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن بولۇپ، ئۇ چاغدىكى سودا ئاساسەن ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ ئىككى يىلدىكى سودا ئانچە ياخشى بولمىغانىدى. 1762 - يىلى ئىلى قاتارلىق جايلاردا جىياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلىدىكى سودا تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشكە باشلىدى ۋە بارا - بارا ئۈرۈمچىدىكى سودىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ھۆكۈمەت سودا مەركىزى بولۇپ قالدى.

چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى ئىلى قازاقلىرىنىڭ يىپەككە ئات ئالماشتۇرۇش سودىسى تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان:

1 - باسقۇچ: چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) دىن 28 - يىلى (1763 - يىلى) غىچە بولغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا چىڭ ھۆكۈمىتى ئالماشتۇرغان ئات، كالا، قويلارنىڭ ئىچىدە ئايغىرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بايتال، كالا، قويلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قول سانائەت توقۇلما بۇيۇملىرىدىن شايى ۋە ھەر خىل ماتالار ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى قازاقلار بىلەن قىلىنىدىغان سودىدا كۆپلەپ ئىشلىتىلدى ۋە سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، كېيىنچە سودىدىكى مۇھىم تاۋار بولۇپ قالدى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە، سودىغا ئىشلىتىلگەن خوتەن شايىسى 26 توپقا، يەكەن ماتاسى 9448 توپقا يەتكەن. بۇلارنىڭ رەڭگى ھەر خىل، تۈرى كۆپ بولۇپ، قازاق سودىگەرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. سودا قىلىنىدىغان ئات، كالا، قويلارنىڭ باھاسىدىن قارىغاندا، ئىلى سودىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك ئاتنىڭ باھاسىدىن تارتىپ 3 - دەرىجىلىك ئاتنىڭ با-

ھاسىغىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئۈرۈمچىدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك ئاتلارنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن بولغان. تۆت يىل ئىچىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىدا ئالماشتۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئايغىرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى تۆت سەر توققۇز مىسقال توققۇز فۇڭ ئالتە لىدىن ئارتۇقراق كۆمۈشكە، 2 - دەرىجىلىك ئايغىرنىڭ باھاسى تۆت سەر تۆت مىسقال يەتتە فۇڭدىن ئارتۇقراق كۆمۈشكە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئايغىرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى ئۈچ سەر سەككىز مىسقال سەككىز فۇڭ تۆت لى كۆمۈشكە، ئادەتتىكىلىرىنىڭ باھاسى ئۈچ سەر تۆت مىسقال كۆمۈشكە، 3 - دەرىجىلىك ئاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى ئىككى سەر توققۇز مىسقال بەش پۇڭ ئالتە لى كۆمۈشكە، ئادەتتىكى ئاتلارنىڭ باھاسى ئىككى سەر ئىككى مىسقالدىن ئارتۇقراق كۆمۈشكە توغرا كەلگەن؛ كالىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى ئىككى سەر ئالتە مىسقال بىر فۇڭ ئۈچ لى كۆمۈشكە، ئادەتتىكىلىرىنىڭ باھاسى ئىككى سەر ئۈچ مىسقال بەش پۇڭدىن ئارتۇقراق كۆمۈشكە، قوينىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى سەككىز مىسقال سەككىز فۇڭ كۆمۈشكە، ئەڭ تۆۋەن باھاسى سەككىز مىسقال بەش فۇڭ كۆمۈشكە توغرا كەلگەن.

2 - باسقۇچ: چيەن لۇڭنىڭ 29 - يىلى (1764 - يىلى) دىن 31 - يىلى (1766 - يىلى) غىچە بولغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتىكى سودىدا ئىككى تەرەپنىڭ پۈتۈشكەن سانى، سودا دائىرىسى بۇرۇنقىدىن مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيگەن ۋە يېڭى ئامىللار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سودىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، تاۋار، يىپەك، شايىنىڭ ئات، كالا، قويلار بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، بەلكى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئاتنىڭ باھاسى بىر ئاز تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكىدىن پەرق كۆپ بولمىغان. قوينىڭ باھاسىدا كۆپرەك ئۆزگىرىش بولۇپ،



ھەربىر قوينىڭ باھاسى ئىلگىرىكى سەككىز مىسقال سەككىز فۇڭ كۆمۈشتىن ئالتە مىسقال سەككىز فۇڭ كۆمۈشكە چۈشۈپ قالغان. بۇ مەزگىلدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىدا ھەر خىل سودا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن تەسىس قىلغان بولۇپ، سودىگەرلەر قاچان كەلسە شۇ ۋاقىتتا سودا قىلالايدىغان بولغان. سودىنىڭ قېتىم سانى ۋە پۈتۈشكەن مالنىڭ ئەڭ كۆپ بولىدىغان ۋاقتى چارۋىلار كۈزلەكتىن قىشلاققا يۆتكەلگەن ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا چارۋىلار سېمىز ۋە چوڭ بولغاچقا، باھاسىمۇ يۇقىرى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قازاق چارۋىچىلار قىشلاقتا تارغان مەزگىلدە ھەرخىل بۇيۇملارغا موھتاج بولىدىغانلىقى ۋە چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى قىيىن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئەتىيازغىچە كۆپىيەلەيدىغان ئات، كالا، قويلاردىن باشقا چارۋىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سودا - ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، كۈز پەسلىدىكى سودا باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ياخشى بولغان. بۇ مەزگىلدىكى سودىدا ئايغىر بىلەن بايتالنىڭ سودىسى يەنىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان؛ كالا، قويلارنىڭ سودىسى تۆۋەنرەك بولغان.

بۇ مەزگىلدىكى سودىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب:

① بۇ مەزگىلدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىنى ئېچىشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئىلى سودىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭدەك سودىنى مەمۇرىي ۋاستىلەر بىلەن تىزگىنلىگەن ۋە ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى تارباغاتاي رايونىنىڭ يار شەھىرى (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئۈرجار دېگەن يېرى) قازاق سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان جاي بولۇپ، تارباغاتاينىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قازاق سودىگەرلەر يار شەھىرىگە كېلىپ سودا قىلغان (ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئىلىغا كېلىشنى خالىمايتتى). شۇڭا، چىڭ ھۆكۈمىتى نەچچە

قىيتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يار شەھىرىدە سودا قىلىنىدىغان شايى، يىپەك، تاۋار قاتارلىق توقۇلما ماللارنىڭ باھاسىنى ئىككى - ئۈچ ھەسسە ئۆستۈرگەن، چارۋا، ماللارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلەتكەن ۋە شۇ ئارقىلىق سودىگەرلەرنى ئىلىغا بېرىپ سودا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ② چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ رايونىنى ئېچىشنى يولغا قويغان، مەسىلەن: بوز يەر ئېچىش، قاتناشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پوچتا ئۆرنى قۇرۇش قاتارلىقلار. چىڭ ھۆكۈمىتى سودىنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، كىرەكلىك چارۋىلار بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان. ③ ئىلىدىكى قازاقلار بىلەن بولىدىغان سودا مەلۇم نىسبەتتە باراۋەر سودا ھېسابلانغان، ئىككى تەرەپنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كەلگەن. شۇڭا، ئىلىدىن يىراق جايلاردا تۇرۇشلۇق قازاق سودىگەرلىرى ئىلىغا كېلىپ سودا قىلىشنى خالايدىغان بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى سودىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ، پۈتۈشۈش مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ، سودا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ قالغان.

3 - باسقۇچ: چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى (1767 - يىلى) دىن 33 - يىلى (1768 - يىلى) غىچە بولغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا سودىنىڭ مىقدارى يەنىمۇ ئاشقان، ئەمما چارۋىلارنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن. سودىغا ئىشلىتىلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئالماشتۇرۇشقا پۈتۈشكەن ئۇيغۇر شايى، ماتالىرىنىڭ مىقدارى يەنىمۇ كۆپەيگەن. شۇنىڭدەك شايى، يىپەك، تاۋارلارنىڭ رەڭگى ۋە تۈرىمۇ كۆپەيگەن.

4 - باسقۇچ: چيەنلۇڭنىڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) دىن 38 - يىلى (1773 - يىلى) غىچە بولغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ھەرخىل چارۋىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاتنىڭ دەرىجىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولغان. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە، قازاق سودىگەرلىرى ئەكەلگەن ئاتلار ئىچىدە بىرىنچى دەرىجە



لىك ئات يوق، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاتنىڭ سانىمۇ كۆپ ئازلاپ كەتكەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئاتنىڭ سانى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلىگەن سودا ماللىرىنىڭ يەنى شايى، يىپەك، تاۋار، ماتالارنىڭ تەننەرخى ۋە توشۇش خىراجىتى تۆۋەنلىمەستىن، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە ئۆرلىگەن. ئەكسىچە، چىڭ ھۆكۈمىتى چارۋىلارنىڭ دەرىجىسى ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، توقۇلما رەختلەرنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت باھا پەرقى ئارقىلىق سودىدا پايدا ئالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائەت مەھسۇلاتى بولغان ماتانىڭ ئورنى كۈندىن كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەپ، سودىدىكى مۇھىم بۇيۇم بولۇپ قالغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قازاق سودىگەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى يەنىمۇ مۇقىملىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودىسىغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئىلى سودىسىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتى تاۋارغا ئالماشتۇرغان ئات، كالا، قويلارنى شىنجاڭ رايونىدىكى ھەربىي ئىشلارغا، پوچتا خىراجەتلىرىگە ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ۋولگا دەرياسى بويلىرىدىن قايتىپ كەلگەن تورغۇت قەبىلىسى ۋە بىر قىسىم جۇڭغار، خوشۇت قەبىلىلىرىدىكى چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئىشلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ ھۆكۈمىتى سودىنى كونترول قىلىۋېلىپ، تورغۇت ۋە باشقا چارۋىچىلارنىڭ قازاق سودىگەرلەر بىلەن بىۋاسىتە سودا قىلىشىنى چەكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تورغۇتلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى يەنىلا قازاق سودىگەرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىنغان. شۇڭا، قازاق سودىگەرلىرى مەيلى قايسى خىلدىكى چارۋا ئەكەلسۇن، سانى قانچىلىك بولسۇن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئامالىنىڭ بارىچە چارۋىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ،

ھەممىسىنى سېتىۋالغان. بۇ، غۇلجىغا كېلىپ سودا قىلىدىغان قازاق سودىگەرلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور جەلپ قىلىش كۈچى پەيدا قىلىپ، سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، چيەنلۇڭ خان ۋاقتىدا ئىلى قازاقلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قىسمەن سودا باھادا مۇۋاپىق، باراۋەر، ئىككىلا تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ھەم گۈللەنگەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ سودا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى



# گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى سانجى ناھىيىسىنىڭ سودا ئىشلىرى

دەي لياڭزو

1900 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، سانجى ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق ئائىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدا تار كەتكەن ئىككىلا ئۇزۇن كوچا بار ئىدى؛ ئۇنىڭ بىرى، شەرقتىن غەربكە ئۇدۇل سوزۇلغان ئائىلىلەر رايونى؛ يەنە بىرى، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان يول ئىدى. نەنبەنجې (نەنگۇەن دەپ ئاتىلاتتى) كوچىسى سودا مەركىزى بولۇپ، ئىنتايىن قايناق بازار بولاتتى، يايمىچىلار ۋە باشقا سودا - سېتىق قىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇ چاغلاردا خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر سودىگەرلەر بۇ بازاردا سودا - سېتىق ۋە قول سانائەت تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا پېيجىڭ ماللىرىنى ساتىدىغان دۇكان ۋە گۆرۈخانىدىن ئون نەچچىسى، مىلىش ماللار دۇكىنىدىن 50 نەچچىسى، چەت ئەل ماللىرىنى ساتىدىغان دۇكانلاردىن 20 نەچچىسى؛ ئاشلىق دۇكىنى، تۈگمەن، ھاراق ئېچىتىش دۇكىنى، جۇۋازخانا قاتارلىق دۇكانلاردىن جەمئىي 30 نەچچىسى؛ مەيخانە، قەنت - گېزەك دۇكىنى، ئۇنخانا قاتارلىقلاردىن 20

دىن كۆپرەكى، قۇشخانىدىن ئون نەچچىسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تېرە ئەيلەش، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش، يىپ ئېگىرىش، گىلەم توقۇش، ئۆتۈك تىكىش، كىيىم تىكىش كارخانىسى ۋە ساتىراچخانا قاتارلىقلاردىن 30 دىن كۆپرەكى؛ مىسكەرچىلىك، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن يەتتە — سەككىزى، 20 دىن ئارتۇق دەڭ، جەمئىي 200 دىن ئارتۇق سودا دۇكانلىرى ۋە قول — سانائەت كارخانىلىرى بار ئىدى. ئۆز يېرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن: گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق، سېرىق پۇرچاق، يېسمۇق، نوقۇت، كەندىر، چاي، تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم، ئالما، ئات، كالا، قوي، چوشقا، توخۇ، غاز، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان، بېلىق، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، جەرەن تېرىسى، قوي تېرىسى قاتارلىقلار بولغان، يەنە بۇغا مۈڭگۈزى، بۇغا سىڭىرى ۋە يولۋاس سۆڭىكى قاتارلىقلارمۇ بولغانىدى.

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلاردىن: يوتقان — كۆرپە، پەشمەت (چاپان)، تېرە ئىشتان، كىگىز، پايپاق، كىگىز پىما، خۇروم ئاياغ، كەندىر يېغى، قىچا يېغى، هاراق، گۈرۈچ شىرنىسى، مالتوزا، بۇغداي كېپىكى، پىنتوزا، سېرىق هاراق، تاتلىق هاراق، سىركە ۋە دۇفۇ قاتارلىقلار بار ئىدى.

سودىگەرلەر تىجارەت قىلىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تۆۋەندىكى بىرقانچە يوللار ئارقىلىق باشقا جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى: بىر يول — تيەنجىن سودىگەرلىرى سانجىدىن سېتىۋالغان ماللارنى ماشىنا ئارقىلىق شەنشى ئۆلكىسىگە يۆتكەپ ساتاتتى، هەر يىلى سېتىلىدىغان مىقدارى: 400 دادەندىن كۆپرەك گۈرۈچ، 40 دادەندىن كۆپرەك لىۋمى گۈرۈچ، 2700 — 2800 دادەن بۇغداي، 1500 — 1600 دادەن نوقۇت، 100 نەچچە دادەن سېرىق پۇرچاق، 1200 دادەندىن كۆپرەك كەندىر، 20 — 30 دادەن كۆكتات ئۇرۇ-



قى، 40 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك چاي، 45 — 46 مىڭ دانە تاۋۇز، 26 — 27 مىڭ دانە قوغۇن، 100 دەندىن كۆپرەك ئۈزۈم، 200 دەندىن كۆپرەك شاپتۇل، 200 دەندىن كۆپرەك ئالما قاتارلىقلار.

يەنە بىر يول — سىچۈەنلىك سودىگەرلەر سانجىدىن سېتىۋالغان هەر خىل دورا ماتېرىياللىرىنى ئاۋۋال يېشەك بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. هەر يىلى: بىر مىڭ نەچچە يۈز جىڭ رەۋەن، 600 — 700 جىڭ كاسالپىيە، 500 — 600 جىڭ يالپۇز، 500 — 600 جىڭ شاقاقۇل، بىر مىڭ نەچچە يۈز جىڭ قارا بۇيا، 600 — 700 جىڭ كاشىم، 800 — 900 جىڭ سوغۇگۈل، 400 — 500 جىڭ كەتىرا، 300 جىڭدىن كۆپرەك ئانىمارىنا، 300 جىڭدىن كۆپرەك قاندىلا، 200 — 300 جىڭ كامپا، 300 جىڭدىن ئارتۇق پەربۇن ۋە قان تېپەر سېتىلغان.

ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ ساتىدىغان ماللاردىن يەنە، 500 — 600 تۇياق قوي، 500 دىن ئارتۇق چوشقا، مىڭدىن ئوشۇق توخۇ، 200 — 300 قىرغاۋۇل، 200 — 300 ياۋا توشقان، 20 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق كەندىر يېغى، قىچا يېغى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ئاھالىلىرىنىڭ يەيدىغان بارلىق كۆكتاتلىرىمۇ مۇشۇ جايدىن تەمىنلىنەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، سەنشى، شەنشى، گەنسۇلۇق سودىگەرلەر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلەر هەرخىل خام تېرىلەردىن (توشقان، چوشقا، كالا، ئات، قوي قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرى) ئاز بولغاندا بىر نەچچە پارچە، كۆپ بولغاندا 700 پارچىدىن ئارتۇق تېرە سېتىۋالاتتى. ھەمدە قوي يۇڭى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى ئاۋۋال گۇچۈڭ، ئۈرۈمچىلەرگە، ئاندىن سەنشى ياكى روسىيىگە ئاپىرىپ ساتاتتى.

سانجى ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدا سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ بىر قىسمى باشقا جايلاردىن كىرگۈزۈلەتتى. مەسىلەن: ھەر يىلى ئۈرۈمچىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلاردىن 2000 جىڭ جىياڭيۇ، 1500 — 1600 جىڭ گۈنجۈت يېغى، 2000 جىڭدىن ئارتۇق گۈلسامساق، 2000 — 3000 جىڭدىن كۆپرەك پىچەك گۈل، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن نىمچە، پەشمەت ۋە چاپانلاردىن 100 — 200 دانە، داۋانچىڭنىڭ ئاق تۇزىدىن 8000 — 9000 جىڭ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ جيۇلۇڭ كوچىسىدىكى ئىشلىتىلگەن ھاراقتىن 10 مىڭ جىڭ، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ سودا سىستېمىسى باشقۇرۇشىدىكى تاختا چايدىن 700 — 800 تاختا، ماناس ناھىيىسىنىڭ جىياڭيۇسىدىن 1000 — 1500 جىڭ، تۇرپاننىڭ پاختىسىدىن 10 — 12 مىڭ جىڭ، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە چىلانلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن 1000 — 1500 جىڭ، كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا ۋە ماگازىلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن 20 — 30 دانە، 60 — 70 پارچە قىزىل كىگىز، خۇرۇم ئۆتۈك ۋە خۇرۇم ئاياغلاردىن 100 — 120 جۈپ، 30 ساندۇقتىن ئارتۇق كورلا نەشپۈتى، 400 — 500 جىڭ مېغىز، خوتەن بەلبېغىدىن 20 — 30 دانە، 600 — 700 پارچە بوز، 1000 نەچچە يۈز قاپ تېرە قەغەز (ھەر قېپىدا 200 پارچە) قاتارلىقلار بولغان.

بولۇپمۇ سانجى ناھىيىسى ئىسسىق كۆمۈر ۋە ياغاچ كۆمۈرگە باي بولۇپ، ھەر ۋاقىت خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. تۇدۇڭخابادا ئۈچ كۆمۈر كېنى بولۇپ، يەرلىك ئۇسۇلدا كۆمۈر قېزىلاتتى. شىمالىي شىنجاڭلىقلار چوغدانىدا ئىسسىنغانلىقتىن، بۇ يەردىن چىقىدىغان كۆمۈرلەر ئۇ يەرگە ئات - قېچىرلار ئارقىلىق كۆپلەپ يۆتكەپ سېتىلاتتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى ئۈرۈمچى شەھى-



رىگە 3 مىليون 600 مىڭ جىڭ، جىمسار ناھىيىسىگە 100 — 120 مىڭ جىڭ، قۇتۇبىغا تەخمىنەن 170 — 180 مىڭ جىڭ، گۇچۇڭ ناھىيىسىگە 300 — 400 مىڭ جىڭ، ماناس ناھىيىسىگە 300 — 400 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق كۆمۈر يۆتكەپ سېتىلغان. ھەر يىلى سىرتقا جەمئىي 5 مىليون جىڭدىن ئارتۇق، ئۆز جايىدا 2 مىليون جىڭدىن ئارتۇق سېتىلاتتى.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 10 - سانىدىن ئېلىندى)

ئەكرەم نىياز تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

نىزامىدىن ھۈسەيىن

1930 - يىللاردىكى ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى ھەم كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى — ئابدۇراخمان رەھىمى باشلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ھەرىكەت قىلىشلىرى بىلەن، 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تۇنجى قېتىم رەسمىي قۇرۇلغان. ئابدۇللا داموللا رەئىس، مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ خىزمەت باشلىغان بۇ ئۇيۇشمىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلىي تەركىبى: ئۇيۇشما ئىشخانىسى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىشخانىلىرى، كاتىبات بۆلۈمى، مالىيە - ئىقتىساد بۆلۈمى. خوجىلىق بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، تەشۋىق - تەربىيات بۆلۈمى، مۇپەتتىش بۆلۈمى ۋە ئىدارە خەۋەر - ئالاقىلىشىش بۆلۈمچىسىدىن ئىبارەت يەتتە مەمۇرىي، كەسپىي تارماق ھەم بىر كىچىك بۆلۈمچىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇيۇشما قارىمىقىدا گېزىتخانىمۇ تەسىس قىلىنىپ، شاۋدۇن زۇنۇنى، قادىر ھاجى، ھەيدەر ئەپەندىلەر تەھرىرلىكىدە ھەپتىلىك گېزىت — «يېڭى شىن-



جاڭ گېزىتى» چىقىرىشقا كىرىشكەن، ئىدارە ئورنى ئەينى (ھازىرقى «تەڭرىتاغ مەسچىتى» نىڭ يېنى يەنى بۇرۇنقى مەدەنىيەت كىنوخانىسىنىڭ ئورنى) دا بولۇپ، دەسلەپكى خادىمى 23 نەپەر بولغان. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خىزمەت نىشانىسى: شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى (1. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، 2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش، 3. شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش، 4. شورالار ھۆكۈمىتى (سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى) بىلەن دوست بولۇش، 5. پارىخورلۇقنى يوق قىلىش، 6. ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش) نى يۈرگۈزۈشكە كۈچلۈك ياردەمچى بولۇش، ئۇيغۇر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك ئىشلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش... ئۈچۈن تىرىشىش ئىدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بۇ ئۇيۇشما قارىمىقىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەر (10 ۋىلايەت، 54 ناھىيە) دە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مائارىپ (مەكتەپ)، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت، نەشرىيات، ئاخبارات، پاراۋانلىق، خەيرىيەت... ساھەلىرى ئۇيۇشمىلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە مەركەزلەشكەن. ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرى: ئۆشرە - زاكات، يىغىش، ۋەخپە يەر، جاي، ئىمارەت، ئۆي - مۈلۈك... لەرنىڭ كىرىمىنى ئىگىلەش، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىئانىلىرىنى قوبۇل قىلىش... تىن كېلەتتى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان مەدەنىيەت يۇرتلىرى

نىزامىددىن ھۈسەيىن

1938 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم «ئۈرۈمچى مەدەنىيەت يۇرتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بولۇپ 1941 - يىلى قۇمۇلدا «قۇمۇل مەدەنىيەت يۇرتى» قۇرۇلغان. 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن مەدەنىيەت يۇرتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە 1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قاراشەھەر (ھازىرقى بايىنغولىن ئوبلاستى) ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزىۋات، مارالبېشى، ئاقسۇ كونا شەھەر، باي، كۇچا، ئۇچتۇرپان، لوپ، قارىقاش، كېرىيە، گۇما، كورلا، بۈگۈر، قاغىلىق، بارىكۆل، ماناس، جىمسار، گۇچۇڭ، تۇرپان، سانجى، پىچان، توقسۇن قاتارلىق 22 ناھىيىدە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ھەربىرىدە يۇقىرىسى 22 دىن، تۆۋىنى بەشكىچە كەسپىي مەدەنىيەت



خادىملىرى خىزمەت قىلاتتى. بۇ مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خىزمەت ۋەزىپىسى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى مەدەنىيەتكە قاراتقان سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، شېڭ شىسەي تۈزۈمىنى ئىجابىي تەشۋىق قىلىش، جەمئىيەتتە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، مەسىلەن: ئاممىلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى يويۇش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئاممىۋى قىرائەتخانىلارنى ئېچىش - باشقۇرۇش، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش - باشقۇرۇش؛ سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى بەرپا قىلىش، ئويۇنخانىلار (كىنو - تىياتىرخانىلار) نى بەرپا قىلىش ۋە باشقۇرۇش؛ تەنتەربىيە خىزمىتىنى تەشكىللەش، تەنتەربىيە ئورۇنلىرىنى قۇرۇش؛ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە خەلق ئاسار - ئەتىقىلىرىنى يىغىش - توپلاش، ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش... تىن ئىبارەت ئىدى.

دېمەك، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ئەينى زامانلاردا شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان مەدەنىيەت بازىلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ خىل مەدەنىيەت يۇرتلىرى مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قارىمىقىدىكى مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

بوراش ئىشنتايوپ


مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا «سو - سىن تورگ» (سوۋېت — شىنجاڭ سودا شىركىتى) ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مال ئالماشتۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن باشقا، ئىغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىقتا كېرەكلىك ھەر خىل ماشىنا - سايمانلارمۇ كىرگۈزۈلۈپ، بۇلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدا ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياغاچ سوقىنىڭ ئورنىغا تۆمۈر سوقا، قول بىلەن ئۇرۇق چېچىش ئورنىغا ئات سىيالكىسى (ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى)، ئورغاق ياكى چالغا بىلەن بۇغداي ياكى ئوت - چۆپ ئورۇشنىڭ ئورنىغا ساماز پۇرۇسكا (بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى) بىلەن بۇغداي ياكى ئوت - چۆپ ئورۇش، خامانىنى ئۇلاغقا دەسسىتىش ياكى تولۇقا باستۇرۇش ئورنىغا دان ئايرىش ماشىنىسى، ياغاچ گۈرجەك بىلەن خامان سورۇش ئورنىغا شامال كۆچى بىلەن ئۇرۇق تازىلاش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىشكە



باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى قالاق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغان مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ۋە باشقا پۇقرالار زامانىۋى قورال - سايمانلارنى ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. تەرەققىيپەرۋەر يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلارمۇ يېڭىلىققا پائال ئاۋاز قوشتى. قۇرغاقچىلىققا ئۇچراش تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل ئۇرۇشلار پەيدا قىلغان سۈنئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

1933 - يىلى شارىپقان جەڭگىسقان ئوغلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ۋە مۇداپىئە قوماندانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاۋۋال ماخېيىڭنىڭ، ئاندىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىقتىن ئاساسەن ھوسۇل ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يىلى ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، چارۋىماللار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. 1934 - يىلى ئەتىيازدا ئاپەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، خەلق ئاچارچىلىق ئازابىغا دۇچ كەلگەن. شارىپقان بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، شېڭ شىسەينىڭ ئالتايغا ئەۋەتكەن ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن 400 پۇت (6 مىڭ 500 كىلوگرام) ئۇن قەرز ئالدۇرغان. بۇ ئۇننى 60

ئۆگە بىلەن ئەكىلىۋاتقاندا، ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق يول
ئۈستىدە بولاپ كەتكەن. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئاشلىق قەرز
ئەكىلىپ ئاچ قالغان خەلققە تارقىتىپ بەرگەن. شۇ يىلى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جەمئىي 10 مىڭ پۇت (163 مىڭ 800
كىلوگرام) ئاشلىق قەرز ئېلىنغان. شارىپقان ئاشلىق مەسىلى-
سىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەسلىم بولغان ئارمىيە-
دىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىن 300 گە يېقىن ئەسكەر-
نى ئالتاي شەھىرىگە يېقىن شىڭراۋ، قىزىل ئۆي، قاراغاش
(قارا ياغاچ) دېگەن ئۈچ ئورۇن (ھازىرقى بىتەن بېيزىسى) دا
دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. ئۇلار 250 گېكتار (بىر گېكتار
15 موغا تەڭ) بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇر-
غان (تەسلىم بولغان ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى ئاق ئورۇسلار
بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى) ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن لېنىنگرادتىكى «قىزىل سەپەر» زاۋۇتىدا
1923 - يىلىدىن باشلاپ ئىشلەپ چىقىرىلغان «ФП — 20»
ماركىلىق، 20 ئات كۈچىگە ئىگە، ئۇزۇن چىشى بار، تۆمۈر
چاقلىق، كىرسىن ياقىدىغان تراكتوردىن ئىككىنى (رەسىمگە
قاراڭ)، ئۈچ چىشلىق سوقىدىن ئىككىنى، تراكتور سىيالكىسى



2-сурет. ФП тракторы.



(ئورۇق سېلىش ماشىنىسى) دىن بىرنى، ئالتە ئات سۆرەيدىغان
مولوتىلكا (دان ئايرىش ماشىنىسى) دىن ئىككىنى، ئادەم كۈچى
بىلەن ئورۇق تازىلايدىغان ماشىنىدىن بىرنى، 15 ئات سۆ-
رەيدىغان ساماز پۇرۇسكىدىن بىرنى، چۆپ ئورۇش ماشىنىسى-
دىن ئالتىنى، قوش چىشلىق ۋە قوش چاقلىق ئات سوقىسى-
دىن 50 نى، ئات سىيالكىسىدىن 10 نى، چىشلىق تىرنىدىن
25 نى بىراقلا ئەكەلدۇرگەن. بۇ تراكتور ۋە دېھقانچىلىق
ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە ئابدى-
رىشكوف (رۇس)، تۇسىپقان (قازاق) ئىسىملىك ئىككى مېخا-
نىكنى ئالدۇرغان؛ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ ئۆگىنىشكە
سۇلايمان ئىسىملىك يەرلىك ئادەمنى قوشۇپ قويغان (سۇ-
لايمان 1986 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى). ئابدىرىشكوف
بىلەن تۇسىپقان توختام ۋاقتى توشقاندىن كېيىن سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

1935 - يىلىدىن كېيىن چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى
قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە بۇ جايلاردىكى ئاي-
رىم بايلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتور ئەكەلدۈرۈپ،
ئۇلارنى يەر ھەيدەش، ئۆلگە كۆرسىتىش، تەجرىبە قىلىش
ياكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن. 1935 - يىلى
چۆچەكتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندا،
1932 - يىلى خاركوف تراكتور زاۋۇتى ئىشلەپ چىقارغان
«хТЗ — 37» ماركىلىق 37 ئات كۈچىگە ئىگە، تۆمۈر
چاقلىق، كىرسىن ياقىدىغان تراكتوردىن تۆتنى ۋە ئۇنىڭغا
چېتىپ ئىشلىتىلىدىغان بىر يۇرۇس ماشىنا - سايمانلارنى
ئەكەلدۈرگەن. چۆچەكتىكى بايلاردىن ئىگەمبەردى خەلپەت
نازاروف (ئىلمىر ھەسەن پالتا بايوپنىڭ ئۆز بالىسى ئورنى-
دىكى كۈيئوغۇلى) 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

«xT3—37» ماركىلىق تراكتوردىن بىرنى ئەكەلدۇرۇپ، پالتا بايوپىنىڭ باغچىسىدا ئىشلەتكەندە، پۈتۈن چۆچەك خەلقى چىقىپ كۆرۈپ تاماشا قىلغان. بۇ تراكتورنى ئىگەمبەردى خەلپەتنىڭ ماشىنا رېمونتچىسى مىڭغەلىي دېگەن تاتار ئادەم ھەيدىگەن. بۇ كىشى كېيىن ئامبىروسوف دېگەن رۇس مېخانىك بىلەن بىللە چۆچەكتە ماشىنا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىمۇ ئاچقان (1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن). شىبە مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىدىن دۇڭ رۇكچاڭ* 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، 1937 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە يېنىدىكى پۇلىغا «xT3 — 37» ماركىلىق تراكتوردىن بىرنى سېتىۋالغان. ئۇ، تراكتورنى چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە ھەيدەپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە بۇزۇلۇپ قالغان. بۇ كىشى كۆمۈر كان تېخنىكىسى كەسپىنى ئوقۇغان بولۇپ، تراكتورنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا، بۇزۇلۇپ قالغان تراكتورغا ئاچچىقلاپ، ئۆز تىلىدا: «راستدىراكتور ئىكەنسەن» دېگەن (دىراكتور— شىبە تىلىدا «يۈزى يوق»، «قارا يۈز» دېگەن بولىدىكەن). يەنە غۇلجىدىكى ئۇيغۇر بايلاردىن دادامتۇدا دېھقانچىلىق قىلغان سالىجانباي، نىلقا قارا سۇدا ئولتۇرۇشلۇق چىڭ باۋ ئىسىملىك شىبەمۇ 1938 - يىلى يۇقىرىقىدەك ماركىلىق تراكتوردىن ئەكەلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن.

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىلنامىسى» دېگەن كىتابتا: «شىنجاڭ 1934 - يىلدىن 1949 - يىلىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن (пф - 20) ۋە (xT3 — 37)

*دۇڭ رۇكچاڭ — ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، چاپچال ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. 1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.



ماركىلىق تراكتورلارنى خېلى كۆپ كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1949 - يىلغا كەلگەندە ئۇلاردىن ئاران 20 دانە قالغان، باشقىلىرى كېرەكتىن چىققان، ۋەيران بولغان ياكى يوقالغان» دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىدىكى ئەمەلىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆز ۋاقتىدىكى شىمالىي شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمىدە تراكتور ۋە باشقا زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كېڭەيتىش زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان. چۈنكى، ئوتتۇرا ھال دېھقانلار ۋە ئادەتتىكى باي دېھقانلارنىڭ بۇنداق يىرىك ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلىتىشكە قۇربى يەتمەيتتى، باشقا باي ۋە پومېشچىكلار بولسا، بۇنداق ماشىنا - سايمانلارنى ئىشلىتىشتىن كۆرە، نامرات دېھقانلارنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ چاغدا زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىش كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە بولدى، تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى. 1950 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتور ۋە ئۇنىڭغا چاتىدىغان ماشىنا - سايمانلار، ئادەم ياكى ئات - ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېرىم زامانىۋى ماشىنا - سايمانلار خېلى كۆپ كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىي قىسىملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1952 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە تراكتورلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنى تۈۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| ماشىنىلار نامى | بىۋاستە قىسىم | 2 - جون | 6 - جون | 22 - بىڭتۈەن | 5 - جون | جەمئى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تراكتور | 5 | 7 | 4 | 6 | 3 | 25 |
| 24 قۇرلۇق سېيالكا | 2 | 6 | 5 | 6 | 2 | 20 |
| ئاشلىق تېپىش ماشىنىسى | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 10 |
| دىسكىلىق تىرنا | 4 | 7 | 6 | 7 | 1 | 26 |
| پۇرژىنىلىق تىرنا | 7 | 15 | 10 | 14 | 4 | 50 |
| كومباين | 1 | 1 | 1 | 2 | 1 | 6 |
| دالا مەشقى ماشىنىسى | 4 | 5 | 3 | 4 | 3 | 19 |

| تراكتور ماركىسى | ئات كۈچى | سانى |
|---|---|---|
| ستالىن - 80 | 80 | 17 |
| ئا . ت . ز - ناتى | 52 | 79 |
| ك . د - 25 | 35 | 21 |
| ۋ . ت . ز - 2 | 22 | 13 |
| جەمئى | | 130 |

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەر خىل تراكتورلىرى 1955 - يىلىغا كەلگەندە 369 غا يەتتى.



چۆچەك بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا 1953 - يىلى تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان چۆچەك بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى، 1956 - يىلى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىڭتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۆزگەرتىلگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «كۈنلۈن» دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۈرۈمچى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى، قابا دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىلى «دولان» دېھقانچىلىق مەيدانى، قاراماي «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئالتە دېھقانچىلىق مەيدانىدا 1957 - يىلىغىچە كۆپەيگەن ماشىنا - سايمانلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| دېھقانچىلىق مەيدانلىرى | تېرىلغۇ مەيدانى | تراكتورلار | سوقا | سېيالكا | مولوتىلكا | ئاپتوموبىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى «1 - ماي» | 10·000 | 11 | 11 | 3 | 1 | 1 |
| چۆچەك بوزداق | 20·000 | 8 | 8 | 4 | 1 | 1 |
| قاباد دېھقانچىلىق مەيدانى | 15·000 | 8 | 10 | 3 | 2 | 1 |
| «ئىلى دولان» | 10·000 | 5 | 5 | 3 | 1 | |
| قاراماي «ئىتتىپاق» | 9·000 | 7 | 6 | 6 | 1 | |
| قاراقاش «كۈنلۈن» | 10·000 | 5 | 5 | 6 | 1 | |
| جەمئى | 74·000 | 44 | 45 | 25 | 7 | 3 |

بۇنىڭدىن باشقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىمۇ 1954 - يىلىدىن كېيىن تراكتور ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. 1962 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلاردىكى تراكتورنىڭ سانى 68 گە يەتكەن. 1954 -

يىلى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن باشقا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇلاردىمۇ كۆپلىگەن تراكتورلار ئىشقا سېلىندى. ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئۈرۈمچى ئەنەنچۇ تراكتور پونكىتىدا «د. ت - 54» ماركىلىق تراكتوردىن ئىككىسى، «ك. د - 35» ماركىلىق تراكتوردىن بىرى (ھەممىسى زەنجىر تاپانلىق تراكتور)، يەنە بىر دانە كومباين، بىر دانە مولوتىلكا، بىر دانە سېيالكا، بىر ئاپتوموبىل ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولغان. 1956 - يىلىغا كەلگەندە تۇرپان، گۇچۇڭ، سۇيدۇڭ، جىلىلىيۈزى، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چۆچەك تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇلاردىمۇ خېلى كۆپ تراكتورلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلگەن.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشى سولچىل لۇشيەن مەزگىلى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە زور زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1991 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى 4 مىليون 242 مىڭ كىلوۋات (5 مىليون 684 مىڭ 280 ئات كۈچى) گە، ئومۇمىي تراكتور سانى 145 مىڭ 605 دانىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 37 مىڭ 995 دانە، كىچىك تىپتىكىلىرى 107 مىڭ 610 دانىگە، كومباين 2100 دانە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سايمانلىرى 50 مىڭ 969 دانىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 35 مىليون ئۆلچەملىك موغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىقچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيە



سى تۆۋەندىكىچە:

ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش %79.8، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش %68، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش %23.2 (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينى ماشىنا بىلەن ئورۇپ يىغىۋېلىش %42)؛ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، قوي يۇڭىنى ماشىنا بىلەن قىرقىۋېلىش، ماشىنا بىلەن سىلوس ياساش قاتارلىق يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان تۈرلەردىمۇ كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىندى.

## يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەش 1936 - يىللىرى باشلانغان بولۇپ، بۇ خىزمەتنى دەسلەپ خەنزۇ يولداشلار ئىشلىگەن. 1937 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئاگرونوم ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مازاروف، ئوچوۋاتكىن، دېيپاكىن، تىرىگوف قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ، تۇنجى قېتىم ئۈچ يىللىق مىللىي سىنىپ ئېچىلغان. بۇ سىنىپتا ئوقۇغانلاردىن مەسۇم نەجىبى (دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پېشقەدەم ئىنژېنېرى)، تۇردىئاخۇن ناسىروف (غۇلجا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى)، ئەخمەت زەكىي (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى)، ئابلىز ئوسمانوف (ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ئابەيدۇللا (سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى)، بوسقىنباي (قازاق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە تراكتورچىلارنى تەربىيىلەش

كۇرسى ئېچىلغان، ئۇنىڭدا ئوقۇغانلاردىن شى لياڭجۈن (تۇرپان تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)، جېي خۇڭكۇي (خۇيزۇ، ئىلى ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان تېخنىكى)، رامىل غەرەپشە (تاتار، 1962 - يىلى چۆچەكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى 1953 - يىلى پۈتتۈرگەنلەردىن مەسئۇت ئىسھاقوپ (ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپنىڭ ئىنىسى، 1960 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) ۋە مەن (بوراش ئىشىنتا يوپ)؛ 1957 - يىلى پۈتتۈرگەنلەردىن ئابدۇراخمان (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىدا)، ياسىن ئەپەندى (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكۇمىدا)، سانىيە، كى چىڭئا (شىبە، ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكۇمىدا)، جامال نىياز (تۇرپان ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە) لار مۇشۇ ساھەدە ئىشلىگەن.

1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ فاكۇلتېتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدىكى بىر سىنىپ 1960 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن «1 - ئاۋغۇست» ئىنىستىتۇتىدا تەسىس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدىن ھەر يىلى خەنزۇ ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تۇردى. 1960 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەرلەردىمۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومى تەسىس قىلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى تېخنىكوم بىلىمى بىلەن مەخسۇس كەسپىي تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلۈپ تۇردى. 1970 - يىلدىن باشلاپ ھەربىر ۋىلايەت



ۋە ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى قۇرۇلدى. 1970 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ھەربىر ناھىيىلەردە تراكتورچىلارنى تەربىيىلەيدىغان كۇرسلار ئېچىلىپ، بۇ تېخنىكوم ۋە كۇرسلار چوڭلار مائارىپى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپى تەرەققىي قىلىپ، سىستېمىلىق ۋە مۇنتىزىم بىلىم يۇرتلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە ئېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 135 مىڭدىن ئاشىدۇ.

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ئەھۋالى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ رېمونت قىلىدىغان، كېيىن ئۆزىمىز ياسايدىغان ئىشلارمۇ قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلدى. 1952 - يىلى ئۈرۈمچىدە «ئۆكتەبىر» ئاپتو رېمونت زاۋۇتى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1954 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ «ژېتور - 25» ماركىلىق تراكتورىنىڭ نۇسخىسىغا ئاساسەن تراكتور ياساشتىن ئىبارەت جاپالىق كۈرەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 60 قا يېقىن ئىنژېنېر ۋە تېخنىكلارنىڭ 23 سوتكا جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، شۇ يىلقى دۆلەت بايرىمىغا ئۈلگۈرتۈپ «قىزىل ئۆكتەبىر - 25» ناملىق تراكتوردىن ئىككىسى ياسالدى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ياسالغان تراكتور بولۇپ،

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ساھەسىدە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، «ئۆكتەبىر» ئاپتو رېمونت زاۋۇتى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ مەزگىلدە مەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئەڭ ھالقىلىق سېخى بولغان ماشىنا قۇراشتۇرۇش سېخىدا مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيتتىم. مەن پىلان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، يېڭى ياسالغان تراكتورنى قۇراشتۇرۇش ئىشىغا قاتناشتىم. مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىشقا بىر ئۈلۈش قوشالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايمەن!

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى «ئۆكتەبىر - 28» ماركىلىق ئوتتۇرا تىپتىكى چاقلىق تراكتور، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «ئۆكتەبىر - 12» ۋە «ئۆكتەبىر - 15» ماركىلىق كىچىك تىپتىكى چاقلىق تراكتورلارنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقاردى. بۇ زاۋۇت ھازىر يىلىغا 12 مىڭ دانە تراكتور ئىشلەپ چىقىرالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ يەنە، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىرنەچچە يىل تەتقىق قىلىش، لايىھىلەش، سىناق قىلىش ئارقىلىق 1991 - يىلى ئوتتۇرا تىپتىكى ۋە 50 ئات كۈچىگە تەڭ «شىنجاڭ - 50» ماركىلىق يېڭى تۈردىكى زامانىۋى تراكتورنى ياساپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىمۇ 1954 يىلدىن باشلاپ تراكتور ياكى ئات - ئۇلاغ سۆرەيدىغان سوقا، كۈلتىۋاتور، تىرنا، بۇغداي ئورۇش ماشىنىلىرى، چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغانىدى. 1976 - يىللاردىن باشلاپ تراكتورغا چېتىپ ئىشلىتىدىغان «4LQ - 2.5» ماركىلىق چاتما كومبايىن ئىشلەپچىقىرىپ، «دېھقانچىلىق



ماشىنىلىرى زاۋۇتى» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى» دېگەن يېڭى نامغا ئېرىشتى. 1979 - يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ - 5» ماركىلىق ئاپتوماتلاشقان يېڭى كومبايىن ئىشلەپچىقاردى. ھازىر بۇ كومبايىنلار چەت ئەلگىمۇ چىقىرىلماقتا. يۇقىرىدىكى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتىدىن باشقا، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىمۇ قۇرۇلۇپ، چۆپ ئورۇش ۋە چۆپ توغراش ماشىنىلىرى، سۇلياۋ يۇپۇق يېپىش ماشىنىلىرى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) ۋە ناھىيىلەردە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندە تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى رېمونتلارنى ئېلىپ بارماقتا، كىچىك تىپتىكى ماشىنا - سايمانلارنىمۇ ياسىماقتا.

× × ×

بۇ تارىخىي ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىشىمغا ياردەملەشكەن، ئەھۋال تونۇشتۇرغان ۋە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇن ھەم شەخسلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتورى: غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز

# شىنجاڭ نەسىللىك چارۋىلىرى ۋە موسابايوۋلار

شېرىپ خۇشتار

(1)

شىنجاڭ ئەزەلدىن چارۋىچىلىق رايونى. ئارخىپتا خاتىرىلىنىشىچە، 1942 - يىلى شىنجاڭدا 15 مىليون 420 مىڭ تۇياق چارۋا بولغان. بۇ، شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يىل بولۇپ، مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدا ئىككى مال نەسىللەندۈرۈش باش پونكىتى، چۆچەك، كۇچا ۋە قەشقەرلەردە ئۈچ قوي نەسىللەندۈرۈش پونكىتى، بىر قان تازىلاش ئورنى، شىنجاڭ بويىچە بىر چارۋا مال دورىلىرى ياساش زاۋۇتى؛ ئون ۋىلايەتتە مال دوختۇرخانىلىرى، 63 ناھىيىدە كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى، باشقا جايلاردا 1829 نەسىللىك ئات، 954 نەسىللىك كالا، 35 مىڭ 215 تۇياق نەسىللىك قوي بولغان؛ 1934 - يىلى ئۈرۈمچىدە، 1939 - يىلى كۈنەستە، 1942 - يىلى موڭغۇلكۈرەدە ۋە قەشقەردە، 1943 - يىلى كۇچا قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى نەسىللىك قوي



فېرمىلىرى قۇرۇلغان①. بۇ يىللاردا چارۋا ماللارنى نەسىللەندۈرۈش، باشقۇرۇش، داۋالاش قاتارلىق خىزمەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلغان، يەنى جايلاردىكى مال دوختۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مال دوختۇرلۇق ئىلمىنى ئۆگىنىپ يېتىشكەنلەر ئىدى.

1943 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرى مۇقىمسىز بولغانلىقتىن، چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ نەچچە ھەسسە چېكىنىپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ناچارلاشتى. جۈملىدىن 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئون مىليون 382 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالغان. 1955 - يىلىغا كەلگەندە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭ چارۋىلىرى 16 مىليون (40 مىڭغا، 1985 - يىلى ئومۇمىي چارۋا سانى 30 مىليون 160 مىڭ 40 تۇياققا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى فېرمىلار 141 گە يەتتى. 1992 - يىلىغا كەلگەندە، قوتاندىكى چارۋا مال 35 مىليون 500 مىڭ تۇياق، شۇ يىلى 6 - ئايدىكى ئومۇمىي چارۋا مال 43 مىليون 220 مىڭ تۇياق دەپ ھېسابلاندى.

(2)

شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە چارۋا ماللارنى نەسىللەشتۈرۈشتە، موسابايوۋلارنىڭ تۆھپىسى بىر قەدەر كەۋدىلىك بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. جيائىنخىي، جاڭ جىباڭلارنىڭ «ئىلى تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىسىدە،

① ئاپتور يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئارخىپىدىن ئالغان.

«مۇساھاجىغا دادىسى ئابدۇرۇسۇل بايدىن 50 مىڭ تۇياق قويى، 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ۋە بىرمۇنچە سودا دۇكانلىرى قالغان. مۇساھاجى ئوغۇللىرى ھۈسەنجانباي، باۋۇدۇنبايلارنى ئېلىپ، 1860 - يىلى ئىلىغا كۆرۈنلاشقان ......

1909 - يىلى ئۇلارنىڭ قويى 80 مىڭ تۇياق، كالىسى ئون مىڭ باش، ئېتى (يىلقا) 20 مىڭ تۇياق ئىدى» دەپ يازىدۇ ①. ئۇلارنىڭ سودا ئارخىپىدا يىلىغا 120 مىڭدىن 200 مىڭغا يېقىن چارۋا مال ئېكسپورت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا، موسابايوپلار شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەپ تۇرغان. (بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز). موسابايوپلار شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى پائالىيىتىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى باشلىغان. 1920 - يىلى چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن قالدۇق قىسىملىرىدىن ئارلوۋسكى پارودا (نەسىللىك) ئايغىردىن بىرنى سېتىۋېلىپ، 1924 - يىلىغىچە نەسىللەندۈرىدۇ. ئەمما ئېلىنغان نەسىل چېپىش (شالغۇت) بولۇپ، ساپ نەسىلگە ئىگە بولالمايدۇ. كېيىن باۋۇدۇنباي سوۋېت تەرەپ بىلەن سودا توختامى تۈزگەندىن كېيىن، 1928 - يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئوكرائىناغا قاراشلىق ئودىسسا شەھىرى، قازاقىستانغا قاراشلىق ئەۋلىيا ئاتا شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن، ئانگۇلا - ئەرەب، ئىنگلىزمىكى پارودا (نەسىل)، ئارلوۋسكى نەسىل، بەدەخشانىسكى نەسىل، موڭغۇلىسكى نەسىل، شۋېتسىكى نەسىل قاتارلىق نەسىللىك ئايغىردىن 15 نى، سىمىنتال نەسىل، گوللاندىسكى نەسىل، موڭغۇلسكى نەسىل، شىۋېتسىكى نەسىل قاتارلىق نەسىللىك بۇقا - ئىسكىلىردىن 29 تۇياقنى سېتىۋېلىپ، غۇلجىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نەسىللىك چارۋىلارنى بېقىش ۋە نەسىللەندۈرۈش

① «ئىلى تارىخى ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە 8 - سانىدىن.



مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئىككى ئائىلىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، يۇقىرى مائاش بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىككى ئايغىرغا بىردىن، ھەربىر بۇقىغا بىردىن، ئۈچ سېغىنىغا بىردىن ئادەم تۇرغۇزىدۇ. بۇ چارۋىلارنىڭ ئېغىلى تاختايلىق، ئايرىم ئوقۇرلۇق بولۇپ، بوغۇز، ئوت - چۆپ بېرىش، دەم ئالدۇرۇش، يۇيۇندۇرۇش ئورۇنلىرىنى ياسايدۇ. نەسىللەندۈرۈشتە، ئالدى بىلەن ئۆز چارۋىلىرىدىن تاللانغان بىيە (بايتال)، سېغىن ۋە بۇقىلارنى، ئاندىن كېيىن تىكەس، موڭغۇلكۈرە، كونەس، يۇلتۇزدىن بىر بۆلۈم يارامىلىق ئايغىر، بۇقا، سېغىنلارنى تاللاپ سېتىۋېلىپ نەسىللەندۈرىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد نەسىللىك چارۋىلارغا كەڭ خەلق قىزىقىدۇ. موسابايوپلار ئۆز ئېھتىياجىدىن سىرت، باشقا كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرىنىمۇ نەسىللەندۈرۈپ بېرىدۇ ھەم بىر ئايغىر ئۈچۈن 16 كىلو سۇلۇ، بىر بۇقا ئۈچۈن 14 كىلو قوناق ئالىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئايغىر - بۇقىلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم، 1934 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تىجارەتخانىسى (سوۋسىن تورگ) ئارقىلىق بور (BOR) ئىسىملىك بىر ئايغىرنى 1200 تۇياق قويغا تېگىشىۋالىدۇ. بۇ ئايغىر بىلەن بىر نەپەر نېمىسنى ئات بېقىش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ كېلىپ ئايغىرغا قارىتىدۇ. بۇ ئايغىردىنمۇ يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن نەسىل ئېلىنىدۇ. مۇسابايوپلارنىڭ نەسىللىك چارۋا سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ چارۋىلىرىنى نەسىللەندۈرۈشى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى ئىش ئىدى.

مۇسابايوپلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭ نەسىللىك قويىنى يېتىشتۈرۈشتىمۇ تۇنجى بولۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشلەپ بارىدۇ. 1924 - يىلى مۇسا ھاجىم (مۇسابايوپ) نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مامۇت ھاجىم ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىشىدا

قازاقىستاندىن ئۇن تۇياق تۇز مۈڭگۈزلۈك نەسىللىك (رامبوۋلىيە) قويىنى سېتىۋالدۇ. بۇ قويلارنى قاپان دېگەن بىر قازاق چارۋىچىنى ياللاپ، غۇلجىنىڭ لۇسۇگۇڭ دېگەن يېرىدە بىر قوتان (200) قوي بىلەن بىللە باقتۇردۇ. بىراق، مۇسابايوپ ئائىلىسى ۋە قوي باققۇچى رامبۇلىيە قويىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، بېقىش ئۇسۇلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەي قويلارنى پىت بېسىپ، باشقا قويلارغا يۇقۇپ، قوتۇر كېسىلى پەيدا بولۇپ، بىر قوتان مال زىيانغا ئۇچرايدۇ.

1928 - يىلى مۇسابايوۋلار قازاقىستاندىن نەسىللىك ئات، كالا سېتىۋالغاندا، پېرېكوس نەسىللىك قوشقاردىن 40 تۇياقنى سېتىۋالدۇ. 1934 - يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە 40 تۇياق نەسىللىك قوشقار، 1938 - يىلى ئۈچىنچى قېتىم يەنە 40 تۇياق نەسىللىك قوشقار سېتىۋالدۇ. بۇ نەسىللىك قوشقارلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن مال باققۇچى، نەسىللەندۈرگۈچى ۋە داۋالىغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە زامانىۋى ئۇسۇلدا بېقىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ۋالىن قىلىنىپ، كىرئولىن، گېكساخلورات پاراشوكى («666») قاتارلىق دورىلار بىلەن يۇيۇلىدۇ. بۇ قوشقارلار بىلەن دەسلەپ مۇسابايوۋلارنىڭ ئۆز قويلىرى ئىچىدىكى ساغلىقلارنى، كېيىنچە ئالتاينىڭ سۆڭەكى يوغان بىرخىل ساغلىقلىرىنى نەسىللەندۈرىدۇ. كېيىن دولان (مەكىت) قويىنىڭ نەسلىنى تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا نەسىللەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمكانىيەت بولمايدۇ.

مۇسابايوپلار شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدىكى، بولۇپمۇ چارۋا ماللىرىنى نەسىللەندۈرۈشتىكى تۆھپىكارلارنىڭ بىرى. 1920 - يىلدىن، بولۇپمۇ 1928 - يىلدىن 1950 - يىللارغىچە بولغان 20 نەچچە يىل جەريانىدا ئۇلار نەسىللەندۈرگەن ساپ نەسىللىك قويلار ئون گېنېراتورغا (ساپ قانلىقى



يەتكەن. نەسىللىك ئايغىر، نەسىللىك سىيىر، بۇقىلار ئىككى مىڭغا، ساپ قانلىق دەرىجىسى ئون گېنېراتورغا، ساپ نەسىللىك قويلىرى (سېتىۋەتكەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) 18 مىڭ تۇياققا يەتكەن. بۇ قويلارنىڭ نەسلى ياخشىلىنىش بىلەن بىرگە، تەن ئېغىرلىقى، يۇڭ بېرىش ئىقتىدارىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ياخشىلانغان. مۇسابايوپلار يېتىشتۈرگەن چوڭ قوشقارلارنىڭ تەن ئېغىرلىقى 75 كىلوگرامغا، يۇڭ مىقدارى سەككىز كىلوگرامغا. چوڭ ساغلىقنىڭ ئېغىرلىقى 45 — 50 كىلوگرامغا، يۇڭ مىقدارى تۆت يېرىم كىلوگرامغا، ياش ساغلىقنىڭ ئېغىرلىقى 33 — 35 كىلوگرامغا، يۇڭ مىقدارى 3.7 كىلوگرامغا يەتكەن. ياش قوشقارنىڭ ئېغىرلىقى 40 كىلوگرامغا، يۇڭ مىقدارى 3.7 كىلوگرامغا يەتكەن.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق چارۋىچىلىقىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ چارۋىلىرىنى نەسىللەندۈرۈش تارىخىنى ئەسلىگىنىدە، نەسىللىك چارۋا يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىمىزغا تۆھپە قوشقان مۇسابايوپلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

چاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# تارىختىكى يول — مۇساپىلىرىمىز

## ئىزامىدىن ھۆسەيىن

ئەجدادلىرىمىز يۇرتىمىز تارىخىدا تېپىپ، ياساپ، راۋانلاشتۇرۇپ، پايدىلىنىپ ۋە ئۇنۇملۇك باشقۇرۇپ كەلگەن ئۇزاق مۇساپىلىق مەشھۇر كارۋان يوللىرى («خان يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىچىدىن نۇرغۇن بولارنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## خوتەن ۋىلايىتىدىن ئۆتكەن يوللار

خوتەندىن ئۆتكەن يوللار مىلادى 1920 - يىللاردىن بۇرۇنقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىسىدە بولغان چەرچەن ①، نىيە، كېرىيە، چىرىيە، لوپ، ئىلچى (ھازىرقى خوتەن شەھىرى)، قارىقاش، گۇما، كونا قاغىلىق ② ناھىيىلىرىنىڭ (تەخمىنەن

① چەرچەن — 1914 - يىلى ناھىيە بولغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېرىيىگە تەۋە ئىدى.

② كونا قاغىلىق — 1942 - يىلدىن بۇرۇن خوتەن ۋىلايىتىگە قارايتتى، 42 - يىلدىن كېيىن يەكەن ۋىلايىتىگە قارىدى، 50 - يىللار ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىدى ۋە بىر قىسىم زېمىنى (پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئىككىسۇ تۇغچى، كوييار، ئاقتام، سەيلى يېزىلىرى) 1950 - يىلى پوسكامغا ئايرىپ بېرىلدى. «كونا قاغىلىق» 40 - يىللاردىن بۇرۇنقى قاغىلىقنى كۆرسىتىدۇ.



420 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىنىنىڭ) يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### خوتەن — ئۈرۈمچى خان يولى

مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە، ئەڭ كونا تارىخلىق بۇ يولنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇكەممەل كارۋان قوشلىرى ئۈچۈن سەككىز چوڭ ئۆتۈشمە تۈگۈن (بەندەر) ئارقىلىق چوڭ - كىچىك 14 چۆلنى كېزىپ سوزۇلىدىغان 60 ئۆتەڭلىك يەنى 660 پوتەي (تەخمىنەن 2100 كىلومېتر) دىن ئۇزۇنراق مۇساپىلىق يول ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بىلىشىمىزچە، خوتەن ئىلچىدىن (ھازىرقى خوتەن شەھەرىدىن) باشلىنىپ خوتەن، قارىقاش، گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ يېڭىشەھەر (ئاقسۇ شەھىرى)، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، كۇچا، بۈگۈر، كورلا، قاراشەھەر، ئۇششاقتال (خوشۇت)، توقسۇن ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى تەۋەلىرىنى بېسىپ ئاخىرلاشقان بۇ غول يولنىڭ تارىختىكى چوڭ ئۆتۈشمە تۈگۈنى (قاتناش مۇلازىمەت مەركىزى) يەكەن، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا، قاراشەھەر، توقسۇن، ئۈرۈمچىلەردىن ئىبارەت بولغان. مىلادىي 1925 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە كەسپىي ئاتچىلىق (ئات - ئۇلاغ كارۋانچىلىقى) بىلەن تارىختىكى مەشھۇر لاداق يولىنى 11 قېتىم، خوتەن — ئۈرۈمچى خان يولىنى سەككىز قېتىم باسقان يەتتە قوش ئارتىپ مېڭىپ داڭق چىقارغان قاغىلىق يېتىمالىق ئۇماسۇق مەشھۇر ئاتچى مامۇتخان 1952 - يىلى بۇ يولنىڭ 1930 - يىللاردىكى مەنزىل - ئۆتەڭ (لەنگەر) لىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن:

1) خوتەن ئېلچىدىن قارىقاش بازىرىغىچە 1 - ئۆتەڭ، قارىقاش بازىرىدىن زاۋا لەنگەرگىچە 2 - ئۆتەڭ، زاۋىدىن پىيالما لەنگەرگىچە 3 - ئۆتەڭ، پىيالمىدىن موجى لەنگەرگىچە 4 - ئۆتەڭ، موجىدىن موكويلا لەنگەرگىچە 5 - ئۆتەڭ، موكويلىدىن باش لەنگەرگىچە 6 - ئۆتەڭ (هازىرقى قارىقاش — گوما تەۋەلىرى)، باش لەنگەردىن بورا لەنگەرگىچە 7 - ئۆتەڭ، بورا لەنگەردىن قاغىلىق بازىرىغىچە 8 - ئۆتەڭ، قاغىلىق بازىرىدىن ئىككىسۇ بازىرىغىچە 9 - ئۆتەڭ، ئىككىسۇ بازىرىدىن پوسكام بازىرىغىچە 10 - ئۆتەڭ (هازىرقى قاغىلىق — پوسكام تەۋەلىرى)، پوسكام بازىرىدىن يەكەن بازىرىغىچە 11 - ئۆتەڭ. دېمەك، بۇرۇنقى ئېلچى بازىدىن يەكەن شەھىرىگىچە 11 كۈنلۈك يول. يەكەن، پوسكام، مەكىت كارۋان يوللىرى يەكەندە مۇشۇ غول يولغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

2) يەكەندىن ئېلىشقۇ بازىرىغىچە 1 - ئۆتەڭ، ئېلىشقۇ بازىرىدىن تېرەكلەنگەر (هازىرقى خاكدى) غىچە 2 - ئۆتەڭ، تېرەكلەنگەردىن شېھىتدۆڭ ياكى ئاتچاپا (هازىرقى ئاۋات بازىرى) غىچە 3 - ئۆتەڭ، ئاتچاپادىن سېرىقبۇيىغىچە 4 - ئۆتەڭ، سېرىقبۇيىدىن ئاقساقمارالغىچە 5 - ئۆتەڭ، ئاقساقمارالدىن شامالغىچە 6 - ئۆتەڭ، شامالدىن مارالبېشى بازىرىغىچە 7 - ئۆتەڭ. دېمەك، يەكەن، مەكىت ۋە مارالبېشى تەۋەلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن بۇ يولنىڭ يەكەندىن مارالبېشىغىچە بولغان مۇساپىسى يەتتە كۈنلۈك. هازىرقى يېڭىسار، تاشقورغان، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات، ئاتۇش، پەيزىۋات، يوپۇرغا، قەشقەر، كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر كارۋان يوللىرىنىڭ تۈگۈن ئۇچى مارالبېشى بازىرىدىن بۇ خان يولىغا بىرىكىپ كەتكەن.

3) مارالبېشى بازىرىدىن ئۇقۇ مازىرىمغىچە 1 - ئۆتەڭ، ئۇقۇ مازىرىمدىن تومشۇققىچە 2 - ئۆتەڭ، تومشۇقتىن سېسىق قۇدۇققىچە 3 - ئۆتەڭ، سېسىق قۇدۇقتىن قىزىلتام (قىزىل



لەنگەر) گىچە 4 - ئۆتەڭ. قىزىلتامدىن كەلپىن ئاچىلىغىچە 5 - ئۆتەڭ، كەلپىن ئاچال (كۆل) دىن كونا چىلانغىچە 6 - ئۆتەڭ، كونا چىلاندىن شوتا قۇدۇققىچە 7 - ئۆتەڭ، شوتا قۇدۇقتىن كۆلگىچە 8 - ئۆتەڭ، كۆلدىن ئاقسۇ يېڭىشەھەر (هازىرقى ئاقسۇ شەھىرى) گىچە 9 - ئۆتەڭ. دېمەك، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ كونىشەھەر تەۋەلىرىنى ئارىلاپ ئۆتكەن بۇ يول توققۇز كۈنلۈك. ئاۋات، ئۇچتۇرپان، ئۇش (هازىرقى ئاقچى)، بۇرۇنقى ئاقسۇ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر ئاھىيەلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق كارۋان يوللىرىنىڭ هەممىسى ئاقسۇ شەھىرىدە مۇشۇ خان يولىغا ئۇلىنىپ كەتكەن.

4) ئاقسۇدىن جامغىچە 1 - ئۆتەڭ، جامدىن قارا يۇلغۇنغىچە 2 - ئۆتەڭ، قارا يۇلغۇندىن جوغاغىچە 3 - ئۆتەڭ، جوغادىن ياقىرىققىچە 4 - ئۆتەڭ، ياقىرىقتىن باي بازىرىغىچە 5 - ئۆتەڭ، باي بازىرىدىن توقسۇنغىچە 6 - ئۆتەڭ، توقسۇندىن سايرام ياكى قىزىلغىچە 7 - ئۆتەڭ، سايرامدىن كۇچاغىچە 8 - ئۆتەڭ. دېمەك، هازىرقى ئاقسۇ شەھىرى، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، كۇچا تەۋەلىرىنى ئارىلاپ سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئاقسۇدىن كۇچاغىچە بولغان ئارىلىقى سەككىز كۈنلۈك. بۇ خان يولىغا كۇچادا هازىرقى شايار، توقسۇ، باي، كۇچا تەۋەلىرىدىكى يۇرتلارنىڭ كارۋان يوللىرى ئۇلىنىپ كەتكەن.

5) كۇچادىن ياقىغىچە 1 - ئۆتەڭ، ياقىدىن چۆلئاۋاتقىچە 2 - ئۆتەڭ، چۆلئاۋاتتىن قوشئاۋات لەڭگەرگىچە 3 - ئۆتەڭ، قوشئاۋاتتىن چومباققىچە 4 - ئۆتەڭ، چومباقتىن بۈگۈرگىچە 5 - ئۆتەڭ، بۈگۈردىن يېڭىسارغىچە 6 - ئۆتەڭ، يېڭىساردىن چىدىرغىچە 7 - ئۆتەڭ، چىدىردىن قۇرۇق ئەشمىگىچە 8 - ئۆتەڭ، قۇرۇق ئەشمىدىن يانتاق قۇدۇق ياكى داش بۇلۇڭغىچە 9 - ئۆتەڭ، يانتاق قۇدۇقتىن كورلىغىچە

10 - ئۆتەڭ. دېمەك، كۈچادىن كورلىغىچە بولغان ئارىلىق ئون كۈنلۈك يول. بۇ يولغا كورلا شەھىرىدە چەرچەن - كورلا كارۋان يولى، لوپنۇر - كورلا كارۋان يولى ۋە كورلا تەۋەسىدىن ئۆتكەن باشقا ئارماق كارۋان يوللىرى بىرىكىپ كەتكەن.

6) كورلىدىن تاشلەنگەر (تاشدەنگىچە) 1 - ئۆتەڭ، تاشلەنگەردىن دەنزىلگىچە 2 - ئۆتەڭ، دەنزىلدىن قارا شەھەرگىچە 3 - ئۆتەڭ. دېمەك، كورلىدىن قاراشەھەرگىچە ئۈچ كۈنلۈك يول. بۇ يولغا قاراشەھەردە تارىختىكى خوتۇنسۇمۇل، ئۇششاقتال، قاراشەھەر (ھازىرقى خوشۇت، خېجىڭ، باغراش، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى) تەۋەلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن يەرلىك كارۋان يوللىرى ئۇلانغان.

7) قاراشەھەردىن تاغارچى (خوشۇت) قىچە 1 - ئۆتەڭ، تاغارچىدىن ئۇششاقتالغىچە 2 - ئۆتەڭ، ئۇششاقتالدىن قارا قىزىلغىچە 3 - ئۆتەڭ، قارا قىزىلدىن كۆمۈشكىچە 4 - ئۆتەڭ، كۆمۈشتىن ئۈجمەلەنگەر (ئايغىر بۇلاق) قىچە 5 - ئۆتەڭ، ئۈجمەلەنگەردىن يىلانلىق ياكى سۇ بېشىغىچە 6 - ئۆتەڭ، يىلانلىقتىن توقسۇنغىچە 7 - ئۆتەڭ. دېمەك، قاراشەھەردىن توقسۇنغىچە بولغان ئارىلىق يەتتە كۈنلۈك يول. بۇ يول توقسۇن بازىرىدا تۇرپان - قۇمۇل خان يولى، ئۈرۈمچى - توقسۇن خان يولى بولۇپ ئىككى شاخقا ئايرىلىدۇ.

8) توقسۇندىن پارچە سايغال (باي توقاي) غىچە 1 - ئۆتەڭ، پارچە سايغالدىن بەلقورغان (كونا داۋانچىك ئۆتىڭى) غىچە 2 - ئۆتەڭ، بەلقورغاندىن شامال ئۆتەڭ (ساي ئۆپا) غىچە 3 - ئۆتەڭ، شامال ئۆتەڭدىن چىغلەنگەر (چىغدەن) گىچە 4 - ئۆتەڭ، چىغلەنگەردىن ئۈرۈمچى چوڭ كۆۋرۈكىگىچە يېرىم ئۆتەڭ. دېمەك، توقسۇندىن ئۈرۈمچىگىچە تۆت يېرىم كۈنلۈك يول.



بۇ 60 كۈنلۈك مۇساپىدە ئاتچى كارۋانلار تۆۋەندىكى چوڭ چۆل - دەشتلەرنى: 1) قارىقاش بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى پىيالما چۆلى، 2) گۇما بىلەن قاغىلىق ئارىلىقىدىكى قوش چولاق چۆلى، 3) مارالبېشى بىلەن كەلپىن ئارىلىقىدىكى شاقو - يايدى چۆلى، 4) كەلپىن بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى چىلان - ھىنگان چۆلى، 5) ئاقسۇ كونىشەھەر بىلەن باي ئارىلىقىدىكى جوغا چۆلى، 6) باي بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى چۆلتاغ (كۇچار داۋىنى) چۆلى، 7) كۇچا بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىكى يېسىۋاشىنىڭ چۆلى، 8) بۈگۈر بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى ئۈۋانىڭ چولى، 9) كورلا بىلەن قاراشەھەر ئارىلىقىدىكى دەنزىل ئىدىرلىقى، 10) قاراشەھەر بىلەن ئۇششاقتال ئارىلىقىدىكى تېۋىلغۇ چۆلى، 11) ئۇششاقتال بىلەن كۆمۈش ئارىلىقىدىكى قارىتاغ چۆلى، 12) كۆمۈش بىلەن توقسۇن ئارىلىقىدىكى ئايغىربۇلاق ئېدىرلىقى، 13) توقسۇن بىلەن بەلقورغان (كونا داۋانچىك) ئارىلىقىدىكى پارچە سايغال چۆلى، 14) بەلقورغان بىلەن شامال ئۆتەڭ (سايئۆپا ئۆتىڭى) ئارىلىقىدىكى سايئۆپا چۆلى ۋە يۇقىرىقى چۆللەرگە تەۋە نۇرغۇن چوڭ - كىچىك پارچە چۆل - دەشتلەرنى يېرىپ ئۆتكەن.

يۇرتىمىزنىڭ يول - قاتناش تارىخىغا ئائىت سېلىشتۇرما تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن بىلىشىمىزچە، تارىختىكى خوتەن - ئۈرۈمچى خان يولىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە بولغان مۇساپە ئارىلىقىنىڭ ئوندىن يەتتە قىسمى چۆل - جەزىرىلەرنى ئارىلاپ سوزۇلغان، ئوندىن ئۈچ قىسمى كۆجۈم ئارىلىق: قاغىلىق - يەكەن كۆجۈملىقى، ئاقسۇ كۆجۈملىقى، باي كۆچۈملىقى، كۇچا كۆجۈملىقى، بۈگۈر كۆجۈملىقى، قاراشەھەر كۆچۈملىقى ۋە توقسۇن، كورلا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ بىر قىسىم پارچە كۆجۈم يۇرتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كارۋان قوشلىرى «يۇرت ئىچىدە

توققۇز كۈن، چۆلدە 30 كۈن» دېگەن يول ئۇقۇمى بىلەن سەپەر قىلغان. بۇ يولغا ئائىت يەنە بەزى خاتىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، 1940 - يىللىرى بۇ يوللارنى كەسپىي ئاتچى كارۋانلار 60 كۈندە، ئەمىرى كارۋانلار (ھۆكۈمەت ئات كارۋانلىرى) 55 كۈندە، ئېشەكچى كارۋانلار 75 كۈندە، ھاشار كارۋانلىرى (ئاشلىق ۋە باشقا بويۇملارنى ھۆكۈمەت ئۈچۈن توشۇيدىغان ئېشەكچىلەر) 65 كۈندە، داكچى (پوچتالىيون) ئاتلىقلار 30 كۈندە، ئۆي (كالا) ھارۋىلىرى 80 كۈندە، ئات ھارۋىلىرى 55 كۈندە، تۆگە كارۋىنى 50 كۈندە، ھەربىي قوشۇن 40 كۈندە مېڭىپ تۆگەتكەن. ئەركىن كارۋان قوشلىرى بۇ يولدا ئاساسەن ھەر يىلنىڭ 7 - ئېيىدىن 12 - ئېيىغىچە سەپەر قىلىشنى سەپەر مەۋسۇمى قىلىپ تاللىغان.

## قاغىلىق - لاداق كارۋان يولى

تارىختا «لاداق يولى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يول ئەينى زامانلاردا ھازىرقى قاغىلىق بازىرىدىن ھىندىستانغا قاراپ غەربىي شىمالىي كەشمىر تەۋەسىدىكى ھازىرقى لاداق بازىرىغا يەنى غەربىي شىمالىي سەسكەر بەگلىكىنىڭ مەركىزىگىچە سوزۇلغان، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك تاغ ئۈستى كارۋان يولىدۇر. بۇ يولنىڭ قاغىلىق بازىرىدىن لاداق بازىرىغىچە سوزۇلغان ئومۇمىي مۇساپىسى 36 ئۆتەڭلىك (تەخمىنەن 1100 كىلومېتىر ئەتراپىدا) بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرەپتىكى قونالغۇ ئۆتەڭلىرىنىڭ نامى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: 1 - ئۆتەڭ (1 - ئارىلىق لەڭگەر): قاغىلىق بازىرىدىن بەشتېرەككىچە؛ 2 - ئۆتەڭ: بەشتېرەكتىن ئامۇتلۇققىچە؛ 3 - ئۆتەڭ: ئامۇتلۇقتىن پوساغىچە؛ 4 - ئۆتەڭ: پوسادىن قوزا يايلاق ياكى قورام ئېغىلغىچە؛ 5 - ئۆتەڭ:



قورام ئېغىلدىن ئاقاز داۋانىغىچە؛ 6 - ئۆتەڭ: ئاقازدىن كۆرەگىچە؛ 7 - ئۆتەڭ: كۆرەدىن جۇداقىچە؛ 8 - ئۆتەڭ: جۇداقتىن قارا كۆرۈككىچە؛ 9 - ئۆتەڭ: قارا كۆرۈكتىن سېرىق نارت (سېرىق داۋان) غىچە؛ 10 - ئۆتەڭ: سېرىق نارتتىن مازار داراغىچە؛ 11 - ئۆتەڭ: مازار دارادىن قىرغىز جاڭگىلىغىچە؛ 12 - ئۆتەڭ: قىرغىز جاڭگىلىدىن كۆك نارت (كۆك نارت داۋىنى) غىچە (يۇقىرىقى جايلار قاغىلىق تەۋەسىدە)؛ 13 - ئۆتەڭ: كۆك نارتتىن شەيدۇللاغىچە؛ 14 - ئۆتەڭ: شەيدۇللادىن ئىگە تاقاش (سۆگەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غىچە؛ 15 - ئۆتەڭ: مالىقسادىن ھاجىلەنگەرگىچە؛ 16 - ئۆتەڭ: ھاجىلەنگەردىن ئۈچ ئېغىزغىچە؛ 17 - ئۆتەڭ: ئۈچ ئېغىزدىن (ھازىر بۇ يەر «سەنشەنگوۇن» دەپ ئاتالماقتا) قارا قۇرۇم لەنگەرگىچە (يۇقىرىقى جايلار گۇما تەۋەسىدە).

قارا قۇرۇم لەنگەر ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ھىندىستان، كەشمىر ئارىلىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر تەرەپنىڭ پاسىل بېكىتى ياكى بىر تەرەپنىڭ چېگرا چىقىش ئېشىكى بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، جۇڭگو - ھىندىستان ياكى جۇڭگو كەشمىرنىڭ كىرىش - چىقىش ئېشىكى (قاراۋۇلخانىسى) بولۇپ كەلگەن. مېنىڭچە، بۇ قاراۋۇلخانا 1914 - يىلىدىكى سىملار يىغىنىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئاتالمىش «مېكماخون سىزىقى» بويىچە بىزنىڭ زېمىنىمىز ھېسابىغا ئالاھىدە ئىچكىرىلەپ پەيدا قىلىنغان ناھەق سىياسىي قاراۋۇلخانا بولۇپ، ھەرگىز ئەنئەنىۋى تارىخىي ئېشىك ئەمەس.

1956 - يىلى 3 - ئايدىن 1957 - يىلى 10 - ئايغىچە قاغىلىق بازىرىدىن شىزاڭنىڭ چوگار، چۇسات رايونلىرىغا يەنى ھازىرقى ئالىي رايونىنىڭ مەركىزى بازىرى - سىچۇەن (گاداخ) قا توغرىلاپ ياسالغان 1200 كىلومېتىر مۇساپىلىك

شىنجاڭ – شىزاڭ قارا قۇرۇم تاشيولىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ يولنى ئاساس قىلىپ ياسالغان. قاغىلىق – لاداق يولىنىڭ بىر تەرەپ لىنىيىسىدە يەنە، بىزدىن چەتئەللەرگە سوزۇلغان ئىككى تاشقى ۋە ئىچكى جايلىرىمىز ئارا سوزۇلغان ئىككى شاخچە يول لىنىيىلىرىمۇ بار. ئىككى شاخچە يولنىڭ بىرى بىزدىن پاكىستان كەشمىرنىڭ شيۆك ئويمانلىقىدىكى لالرابات (لۇڭخې) بازىرىغىچە سوزۇلغان قۇمبەل يولى بولۇپ، بۇ يول قاغىلىق – لاداق غول يولىنىڭ مازاردا رادىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، تارام كۆل («تارام كەگرى» دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ) دائىرىسىدىكى قۇمبەل ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ قونالغۇدىن كېيىن لالراباتقا ئۇلانغان. يەنە بىرى — ئاق لەنگەر – شوم يولى (خوتەن – شىزاڭ يولى) بولۇپ، بۇ يول هازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ ئاق لەنگەر ئېگىزلىكىدىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، سارداۋان چېگرا ئېغىزىدىن هازىرقى ئالىي رايونىنىڭ (بۇرۇن تاشقى شىزاڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى) شوم ئاهالىلەر رايونلىرىغا ئۆتۈپ ئاخىرلاشقان. ئىككى ئىچكى يولنىڭ بىرى – سانجۇ – شەيدۇللا يولى بولۇپ، بۇ يول گۇمىنىڭ سانجۇ يېرىسى مەركىزىدىن باشلىنىپ، سانجۇ ئېقىنىنى بويلاپ، ئېرىغىل، كەڭقىر قاتارلىق ئۆتەكلەرنى ئارىلاپ. شەيدۇللادا قاغىلىق – لاداق يولىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىرى — دۇۋا – كەڭشۆە يولى بولۇپ، بۇ يول گۇمىنىڭ دۇۋا دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، خوتەن شەھىرى تەۋەسىدىكى كەڭشۆەدە قاغىلىق — لاداق يولىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

## شىنجاڭ – تىبەت كارۋان يولى

شىنجاڭ — تىبەت كارۋان يولى قاغىلىقنىڭ كۆكيار رايونىدىن كۆك ئارتقىچە سوزۇلغان ئىككى يولنىڭ قوشۇلـ



مىسىدىن ئۇۋما تەۋەسىدىكى شەيدۇللا ئېگىزلىكىدە، چوڭ يول پۈتۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئالىي رايونىنىڭ مەركىزى ئارساڭ (دومارپتو) ئېدىرلىقىدىكى پولىيەن بازىرىغىچە سوزۇلغان. تارىختا بىر تەرەپتىن ياسالغان بۇ مەشھۇر تارىخىي يولنىڭ ئاساسىي قونالغۇ – ئۆتەكلىرى: 1 – ئۆتەك: شەيدۇللادىن گۈلباساغىچە؛ 2 – ئۆتەك: گۈلباسادىن قاپاقچىغىچە؛ 3 – ئۆتەك: قاپاقتىن پۇر تاشقىچە؛ 4 – ئۆتەك: پۇر تاشتىن كەڭشۆەگىچە؛ 5 – ئۆتەك: كەڭشۆەدىن مالغۇنسايغىچە (هازىر «جۇڭلۇتۇەن» دېيىلىۋاتىدۇ)؛ 6 – ئۆتەك: مالغۇنسايدىن مالغان داراغىچە (هازىر «داخۇڭلۇتۇەن» دېيىلىۋاتىدۇ)؛ 7 – ئۆتەك: مالغۇن دارادىن شاتىراق داۋانغىچە؛ 8 – ئۆتەك: شاتىراق داۋاندىن تاتلىق بۇلاققىچە؛ 9 – ئۆتەك: تاتلىق بۇلاقتىن شورساي (هازىر «شەنشۇيخې» دېيىلىۋاتىدۇ) غىچە؛ 10 – ئۆتەك: شورسايدىن جەسەت داۋىنىغىچە؛ 11 – ئۆتەك: جەسەت داۋىنىدىن دوما (شىزاڭ چېگرىسى ئىچىدە) غىچە بولغان مەنزىللەردىن ئىبارەت. تارىختا قاغىلىقتىن شەيدۇللاغىچە 13، شەيدۇللادىن دوماغىچە 11، جەمئىي 24 كۈنلۈك مەنزىل هېسابلانغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي مۇساپە ئارىلىقى قارا قۇرۇم ئېگىزلىكىنى يېرىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، «بارسا – كەلمەس يول»، «جەسەت يولى»، «سەپىرى مۇشكۇلات» دېگەندەك ۋەھىمىلىك تەرىپلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. 1956 – يىلدىن 1957 – يىلىغىچە ياسالغان «شىنجاڭ – شىزاڭ قارا قۇرۇم تاشيولى» يۇقىرىقى كونا كارۋان يولى لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ پۈتتۈرۈلگەن، هازىرقى تاشيول بازىلىرىمۇ ئەنە شۇ كونا ئۆتەكلەرنى تۈگۈن قىلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن.

## خوتەن — دۇنخۇاڭ كارۋان يولى

خوتەن - دۇنخۇاڭ كارۋان يولى مىلادى 1910 - يىللاردىن ئىلگىرى قاتنىشى ناھايىتى راۋان مەشھۇر كارۋان يوللىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يول ئەينى زامانلاردىكى خوتەن يەتتە يۇرت (1910 - يىللاردىن ئىلگىرىكى خوتەن خەرىتىسىگە سىزىلغان ھازىرقى چەرچەن، نىيە، كېرىيە، چىرىيە، لوپ، ئىلچى، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق ناھىيىلىرى بىلەن ھازىرقى پوسكام زېمىنىنىڭ يېرىمى) نىڭ مەركىزى شەھىرى ھېسابلانغان ئىلچىدىن يەنى ھازىرقى خوتەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ تەۋەسىدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقى (توخلۇچۇن) غىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ مۇساپىسى تەخمىنەن 300 چاقىرىم (1500 كىلومېتىر) بولۇپ، 45 قونالغۇ ئۆتەڭ بولغان. قونالغۇ - ئۆتەڭلەرنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى مۇنداق خاتىرىلەش مۇمكىن:

1) خوتەن ئىلچىدىن كېرىيە بازىرىغىچە بولغان 354 چاقىرىم (177 كىلومېتىر) ئۇزۇنلۇقتىكى يولدا ئىلچى بازىرىدىن دولىغىچە، دولىدىن لەڭگەرگىچە، لەڭگەردىن چىرىيە بازىرىغىچە، چىرىيە بازىرىدىن قارا قىرغىچە، قارا قىردىن ياقا ساراي ياكى دامىكۇغىچە، دامىكۇدىن كېرىيە بازىرىغىچە ئالتە ئۆتەڭ بولغان.

2) كېرىيە بازىرىدىن نىيە بازىرىغىچە بولغان 252 چاقىرىم يولدا كېرىيە بازىرىدىن ئۇيتوغراققىچە، ئۇيتوغراقتىن يېسىيولغۇنچىچە، يېسىيولغۇندىن لەمپە لەڭگەرگىچە، لەمپە لەڭگەردىن نىيە بازىرىغىچە تۆت ئۆتەڭ بولغان.

3) نىيە بازىرىدىن چەرچەن بازىرىغىچە بولغان 630 چاقىرىم يولدا (1930 - يىللاردىن كېيىن ئۆزگەرتىلگەن



يېڭى يول لىنىيىسىنىڭ مۇساپە ئۇزۇنلۇقى ۋە يېڭى ئۆتەڭلەرنىڭ ناملىرى ئاساس قىلىنىدى) نىيە بازىرىدىن بېلىقچىچە، بېلىقتىن ياۋا توڭگۇز لەڭگەرگىچە، ياۋا توڭگۇز لەڭگەردىن چۈچۈكسۇغىچە، چۈچۈكسۇدىن ئەندىرى لەڭگەر (ھازىرقى ئەندىر) غىچە، ئەندىرى لەڭگەردىن قاماغازغىچە، قاماغازدىن پاقا قۇدۇققىچە، پاقا قۇدۇقتىن چىڭگىللىككىچە، چىڭگىللىكتىن ئاقباي لەڭگەرگىچە، ئاقباي لەڭگەردىن يانتاق قۇدۇققىچە، يانتاق قۇدۇقتىن كەلمەگىچە، كەلمەدىن چەرچەن بازىرىغىچە 11 ئۆتەڭ بولغان.

4) چەرچەن بازىرىدىن چاقىلىق بازىرىغىچە بولغان 700 چاقىرىم يولدا چەرچەن بازىرىدىن باغلىققىچە، باغلىقتىن باش تاتىرانغىچە، باش تاتىراندىن ئاياغ تاتىرانغىچە، باش تاتىراندىن ئاياغ تاتىران (قىياقتىن) غىچە، ئاياغ تاتىراندىن چوڭ لەڭگەرگىچە، چوڭ لەڭگەردىن كۆك چاقماققىچە، كۆك چاقماقتىن ئاقا ئېرىققىچە، ئاقا ئېرىقتىن قوش ساتماققىچە، قوش ساتماقتىن ياقا توغراققىچە، ياقا توغراقتىن ۋاششەرگىچە، ۋاششەردىن تاتلىق بۇلاققىچە، تاتلىق بۇلاقتىن چەرچەن بازىرىغىچە 11 ئۆتەڭ بولغان.

5) چاقىلىق بازىرىدىن چاقىلىق — گەنسۇ چېگرىسىدىكى گەنسۇ تەرەپ كىرۋەك توخلۇچۇنغىچە بولغان 960 چاقىرىم يولدا چاقىلىق بازىرىدىن ياندىشكۆككىچە، ياندىشكۆكتىن مىرەنگىچە، مىرەندىن پاختا بۇلاققىچە، پاختا بۇلاقتىن دۆڭ كۆلگىچە، دۆڭ كۆلدىن ساس لەڭگەرگىچە، ساس لەڭگەردىن شور ئېغىلغىچە، شور ئېغىلدىن لاۋىزاغىچە، لاۋىزادىن قوش لەگزىگىچە، قوش لەگزىدىن يېتىم ئېغىلغىچە، يېتىم ئېغىلدىن دۆقاشقىچە، دۆقاشتىن قۇم قۇدۇققىچە، قۇم قۇدۇقتىن قوش قۇدۇققىچە، قوش قۇدۇقتىن توخلۇچۇنغىچە 13 ئۆتەڭ بولغان.

تارىخچى چېن خۇيشېڭ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازغان: «... ياڭ زىڭشىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، چاقىلىقتىن ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان تۆت كونا يول بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى شەرقتە دۇڭخۇاڭدىن ئۆتۈپ، شىئەن ئارقىلىق تۇپتوغرا ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان يول ئىدى... بۇ يولدا كۆپىنچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى مال توشۇيتتى... بۇ يول خوتەندىن چىقىپ، چاقىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ياڭگۇەن قوۋۇقى (دۇڭخۇاڭ تەۋەسى) دىكى قەدىمكى يول ئارقىلىق لەنجۇغا بېرىپ، ئاندىن چېڭدۇغا كىرەتتى. بۇنىڭغا تەخمىنەن 80 كۈن ۋاقىت كېتەتتى...»

بۇ يولنىڭ خوتەن ئېلچىدىن دۇڭخۇاڭ توخلۇچۇنگىچە بولغان ئارىلىقىدا كېرىيىدىن تىبەتكە ئۆتىدىغان كېرىيە — ئادەم پاششا (تىبەت) چىغىر يولى، كېرىيە — شايار چىغىر يولى؛ چەرچەن — قارامىرەن تېغى (تىبەت) چىغىر يولى، چاقىلىقتىن قوشلاش دالىسى ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گازكۆل رايونى ياكى تۆمۈرلۈك رايونىغا سوزۇلغان چاقىلىق — چىڭخەي چىغىر يولى، چاقىلىق — لوپنۇرخان يولى قاتارلىق قەدىمىي يوللار بولغان.

تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي گىرۋەكلىرىنى بويلاپ سوزۇلغان بۇ مەشھۇر كونا يولنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى (تەخمىنەن 1000 چاقىرىم مۇساپىسى) 12 چوڭ كۆجۈم يۇرتنى، ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاساسەن چۆل — باياۋاننى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ 12 چوڭ كۆجۈم يۇرت: چىرىيە، كېرىيە، ئويتاغراق، نىيە، ئەندارا، ياۋا توڭگۇز، چىڭگىللىك، چەرچەن، تاتران، ۋاششەرى، چاقىلىق — تىكەنلىك ۋە مىرەنلەردىن ئىبارەت. بۇ كۆجۈملۈكلەردە 21 كەسپىي يولۇچىلار لەڭگىرى ۋە بۇ لەڭگەرلەردە 100 دىن ئارتۇق كارۋان سارايلىرى كارۋان قوشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ تۇرغانىدى،



كېرىيىلىك تۇرسۇن قارى 1912 - يىلى يازغان «سەپەرنامە» دە، بۇ يولنىڭ مۇلازىمەت ئىشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «قەيىسى كارۋانلىرى (تارىختا بۇ يول خوتەن قەيىسى، قەيىسى يولى دەپمۇ ئاتالغان) كېرىيە شەھىرىدە قوشلىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كېرىيە بازىرىدا ھەر بازار كۈنى 500 دىن ئارتۇق ئات — ئۇلاغ سودىسى بولۇپ تۇراتتى. كېرىيە تۈرگىسى، كېرىيە ئىپتى سەپەرگە چىداملىق بولغاچقا، قاغىلىق ۋە خوتەن يەتتە شەھەر كارۋانلىرى كېرىيىگە كېلىپ ئات — ئۇلاغ سېتىۋېلىپ، قوشلىرىنىڭ كېمىنى تولۇقلاپ تۇراتتى. كېرىيىدە 30 كارۋان سارىيى بار... مىڭلىغان ئۇلاغ، 200 دىن 250 كىچە كارۋان سىغىشىپ ئۆتۈشۈپ كېتىدۇ...»

## تارىختىكى قەشقەر يوللىرى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىن يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، تاشقورغان، پەيزاۋات، يەكەن، مارالبېشى، ئاتۇش، ئۇلۇغچات، ئاقتۇ، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 168 مىڭ 444 كۋادرات كىلومېتىر كۆجۈم زېمىن تەۋەسىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئىچكى — تاشقى داڭلىق كارۋان يوللىرىدىن تۆۋەندىكى بىر قىسىم يوللارنى ئەسلەپ ئۆتۈش مۇمكىن:

1) قەشقەر — يەكەن خان يولى

1930 - يىللاردا قەشقەر — يەكەن خان يولى (تۈزلەڭلىك يول) كەڭ، خەتەرسىز، مۇلازىمەت نۇقتىلىرى خىل، يولۇچى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ زاماندىكى ئالتە شەھەر يوللىرىنىڭ ئۆلگىسى ھېسابلىناتتى. ئەينى زا-

مانلاردا داگچى (پوچتالىيون) ئۈچۈن ئىككى، ئاتلىق قوشۇن ئۈچۈن ئۈچ، ئادەتتىكى كىراكەش ئاتچىلار ئۈچۈن تۆت، ئات هارۋا ترانسپورتى ئۈچۈن بەش قونالغۇلۇق (ئۆتەڭلىك) هېسابلانغان 400 چاقىرىم (200 كىلومېتىر) مۇساپىلىق بۇ يولنىڭ تۈزلەڭ رايونلار بويىچە كونا ئۆتەڭلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى مۇنداق: 1 – ئۆتەڭ: قەشقەر شەھىرىدىن ياپچانغىچە، ئۆتىڭى — ياپچان بازىرى؛ 2 – ئۆتەڭ: ياپچان بازىرىدىن يېڭىسارغىچە، ئۆتىڭى – يېڭىسار بازىرى؛ 3 – ئۆتەڭ: يېڭىساردىن قىزىلغىچە، ئۆتىڭى – قىزىلنىڭ لەنگىرى؛ 4 – ئۆتەڭ: قىزىلدىن كوراۋاتقىچە، ئۆتىڭى – كوراۋات لەنگىرى؛ 5 – ئۆتەڭ: كوراۋاتتىن يەكەن بازىرىغىچە، ئۆتىڭى – يەكەن كونىشەھىرى.

قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن زېمىنلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يول يېڭىسار بىلەن قىزىل ئارىلىقىدىكى قىزىلنىڭ سېيىنى، قىزىل بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى ھەمىتنىڭ سېيىنى، ياپچان بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى سوغۇلۇق شورتاڭلىقنى يېرىپ ئۆتكەن. بۇ يولنىڭ يېرىم مۇساپىسى كۆجۈم مەھەللىلەر ئارىسىدىن، قالغان قىسمى ئادەمسىز چۆل، قاقاس سايلار ئارىسىدىن ئۆتكەن. هازىرقى قەشقەر – يەكەن تاشيولى (جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ بىر ئارىلىق مەنزىلى) ئاساسەن مۇشۇ كونا يولنى لىنىيە قىلىپ ياسالدى.

2) قەشقەر – مارالبېشى خان يولى

قەشقەر – مارالبېشى خان يولى تارىختىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يوللىرى ئىچىدە پۈتۈنلەي چۆلسىز ۋادىدىن يېرىپ ئۆتكەن، هازىرقى قەشقەر شەھىرىدىن مارالبېشى بازىرىغىچە بولغان مەشھۇر ئىچكى يوللارنىڭ بىرى. بۇ يولنىڭ قەدىمدىن بۇيان ياندۇما، يامانيار (قەشقەر يېڭىشەھەر تەۋەسى)،



شاپتۇل، پەيزاۋات، قۇمدۆڭ (قۇم لەنگەر)، لەنگەر، يېڭىئاۋات، باش، قاراسىدىق، قارا يۇلغۇن (ئۇتۇن)، ئۆردەكلىك، تۇنگان مازار (پەيزاۋات تەۋەسى)، قارا قىلچىن، بەشتام ياكى تالادا (مارالبېشى تەۋەسى) قاتارلىق يول ئۈستى ئاهالىلەر نۇقتىلىرىدا مۇقىم قاتناش مۇلازىمەت تۈگۈنلىرى بولغان. بۇلاردىن قونالغۇ مەركەزلەشتۈرۈلگەن سەككىز لەنگەرنىڭ ئۇيغۇرچە نامى مۇنداق:

قەشقەر شەھىرىدىن ياندۇمىغىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – ياندۇما؛ ياندۇمىدىن شاپتۇلغىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – شاپتۇل بازىرى؛ شاپتۇلدىن لەنگەرگىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – لەنگەر؛ لەنگەردىن باش ياكى قاراسىدىققىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – باش لەنگەر؛ باش لەنگەردىن قۇم كەپىگىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – قۇم كەپە؛ قۇم كەپىدىن قارا قىلچىنغىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – قارا قىلچىن؛ قارا قىلچىندىن بەشتام؛ (تالادا) غىچە بىر كۈنلۈك يول، لەنگىرى – بەشتام؛ بەشتامدىن مارالبېشى بازىرىغىچە يېرىم كۈنلۈك يول، لەنگىرى – مارالبېشى.

قەشقەردىن مارالبېشى بازىرىغىچە بولغان بۇ يولغا تارىختىكى مەشھۇر پەيزاۋات – چوڭقۇرچاق يولى، يوپۇرغا – تۆۋەنئاۋات يولى، ئۆردەكلىك ئارقىلىق ئۆتۈشكەن ئاتۇش – مارالبېشى يولى قاتارلىق يەتتە يەرلىك كارۋان يولىمۇ قوشۇلۇپ كەتكەن. دېمەك، هازىرقى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، تاشقورغان، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات، ئاتۇش تەۋەلىرىدىن شەرققە قاراپ باشلىنىدىغان كارۋان يوللىرىنىڭ هەممىسىلا مارالبېشى بازىرىدا مەشھۇر خوتەن – ئۈرۈمچى (ئەسلىدە خوتەن – تۇرپان) خان يولىغا ئۇلىنىپ كەتكەن.

3) يەكەن - تاشقورغان كارۋان يولى

يەكەن - تاشقورغان كارۋان يولى تارىختا «يىپەك بۇيۇك» يەنى يىپەك يولىنىڭ كېيىنكى زامانلاردىكى قالدۇق ئىزناسى بولۇپ، بۇ يولنىڭ قىسقا مۇساپىلىق يەرلىك ئىچكى قاتنىشى 1940 - يىللارغىچە ئۈزۈلۈپ قالمىغان. 40 - يىللاردىن كېيىن يۇرتىمىزنىڭ يول - قاتناش مەدەنىيىتىدە يېڭىلىنىش (ھازىرقى زامان قاتناش مەدەنىيىتىگە كۆچۈش) بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۇيول ئۆزلۈكىدىن تاشلىنىپ كەتكەن. تارىختا مەشھۇر بۇ قەدىمىي يولنىڭ ئەينى زامانلاردىكى مۇلازىمەت تۈگۈنلىرى توغرىسىدا بەزى پېشقەدەم ۋەقەشۇناسلار مۇنداق ئەسلىمە قىلىشىدۇ:

يەكەن شەھىرىدىن چىققان كارۋان تاشقورغان بازىرىغا ئۇلاشقىچە خان ئېرىق، ياقئېرىق، توپا داۋان (ھازىرقى يەكەن تەۋەلىرى)، كۆكيار، تام، ئارپىلىق، سېرىق تەكە، قوش ئۆتەك، چىلگۈمبەز، كوسراپ، چارلۇڭ (ھازىرقى ئاقتۇ تەۋەلىرى)، يىبلاندى، يامبۇلاق (يامان تەرس داۋىنى)، دارشاد، تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان (ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسى) قاتارلىق مۇلازىمەت تۈگۈنلىرىنى بېسىپ ئۆتەتتى.

بۇ يولنىڭ تارىختىن قېپقالغان مەشھۇر لەنگەر خارابىلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىدىن ھازىرغىچە ياقىرىق لەنگىرى، توپا داۋان لەنگىرى، ئارپىلىق لەنگىرى، چىلگۈمبەز (قىرىق گۈمبەز خارابىلىقى)، كوسراپ لەنگىرى، چارلۇڭ قونالغۇسى، يامبۇلاق قونالغۇسى، تاغارما ۋە تاشقورغان قونالغۇلىرىنىڭ خاراب ئىزلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

4) قەشقەر - مىڭتېكە كارۋان يولى

قەشقەر - مىڭتېكە كارۋان يولى لىنىيىسى تارىختا قەشقەر غىدىرلاڭدىن (ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق تەۋەسىدىن) باشلىنىپ، قارا قۇرۇم ئېگىزلىكىنىڭ



ئۇرۇك (دەسكەم) ئېگىزلىكى (تاشقورغان تەۋەسى) دىكى مىڭتېكە (تېكە ئارت) گىچە سوزۇلۇپ، ئاخىرى ئۈچ چوڭ ئۆتۈشمە يولغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرى كۆك تۇرۇك ئىدىرلىقىدىن بۆلۈنگەن سۇبىھان بەندىرىدىن (قاراۋۇلخانا قىلىنغان ئورۇندىن) ئافغانىستان زېمىنىنىڭ ئابەۋاخان (چاقماق كۆل) دائىرىسىگە تۆۋەنلىگەن. يەنە بىرى بىزنىڭ مىڭتېكىدىن كەشمىرنىڭ (ھازىرقى پاكىستاننىڭ) پاتمە ئىدىرلىقى ئارقىلىق خونىزار دەرياسى ساھىلىگە تۆۋەنلىگەن. يەنە بىر تارماق يول بىزنىڭ تېكەلىك (ھازىر «خونجىراپ» دېيىلىدۇ) داۋىنىمىزدىن ئېشىپ، پاكىستاننىڭ دىغ ئويمانلىقىغا قاراپ تۆۋەنلىگەن. تارىختىكى «يىپەك يولى» مەنزىلى مانا مۇشۇ تېكەلىك داۋىنىمىزدىن ئالەمگە سوزۇلغان.

بىلىدىغانلارنىڭ تەرىپلىشىچە، بۇ يول غىلدىرلاڭدىن مىڭتېكە داۋىنىغىچە 18 ئۆتەڭلىك بولۇپ، كارۋان ئەجدادلىرىمىز تارىختا «ئاسمان يولى»، «سەپىرى قىيامەت» دەپ ئاتىشىدىغان، يۇرتىمىزدىن چەتكە ئاشىدىغان ئەڭ مۇشكۈل مۇساپىلىق يوللارنىڭ خەتەرلىك بىر قىسمى ھېسابلىنىدىكەن. «يىپەك يولىدا ساياھەت» دېگەن ئەسەرنىڭ 24 - ماقالىسىدە مۇنداق بىر خاتىرە ئىزھار قىلىنغان: «... تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن قايتىشىدا مىڭتېكە داۋىنىدىن ئۆتكەن. شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايون خاتىرىسى» دە: «بىر قېتىملىق سەپەردە ئون مىڭ كىشىدىن ئارتۇق سودا كارۋىنى بۇ يەردە قار - شىۋىرغاندا قېلىپ ھالاك بولغان...» دەپ يازغان. ھازىرقى دۇنياۋى تاش يول — جۇڭگو - پاكىستان قارا قۇرۇم تاشيولى مۇشۇ مىڭتېكە داۋىنى ئەتراپىغا سوزۇلۇپ، ھازىرقى تېكەلىك تاغ بېلىدىن (ھازىر «خۇنجىراپ تاغ ئېغىزى» دېيىلمەكتە) پاكىستاننىڭ كانجۇت ۋادىسى زېمىنىگە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەجدا-

لىرىمىز تارىختا ئاچقان بۇ تۈگۈن يولغا سىرىق غول ئېگىزلىكىدە يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىن (هازىرقى يەكەن، قاغىلىق زېمىنلىرى ئارقىلىق) يەنە مەشھۇر ئىككى چوڭ تارماق يول قوشۇلغان. ئۇنىڭ بىرى يەكەننىڭ كاچۇڭ - چامسال رايونىدىن باشلىنىپ (يەكەن دەرياسىنى بويلاپ)، هازىرقى تاشقورغاننىڭ ئوچا رايونى (هازىر «ۋۇچە يېزىسى» دېيىلىۋاتقان قەدىمكى قۇراغ تۇلۇكى) تەۋەسىدە قەشقەر - مىكتىكە يولىغا ئۇلانغان. يەنە بىرى چوپان - مىكتىكە يولى بولۇپ، ئۇ قاغىلىقنىڭ چوپان - ئازغانسال دائىرىسىدىن باشلىنىپ، هازىرقى تاشقورغاننىڭ دەپتەر ئېگىزلىكىدىكى ئۇدۇك كەنتىدە چوڭ يولغا ئۇلانغان. بۇ ئىككى تارماق يولنى قەدىمدە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇر كارۋانلار ئاچقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يول تارىختا «قاغىلىق - سىرىقغول يولى»، «يەكەن سىرىقغول يولى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى يولنىڭ يەنە ئون نەچچە شاخچە تارماقلىرى بولۇپ، قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ ئىچكى يول لىنىيىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

5) زەرەپشان خان يولى

40 - يىللاردىن ئىلگىرىكى خوتەن ۋىلايىتى بىلەن زەرەپشان (يەكەن) دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى يەكەن، مەكىت، پوسكام ناهىيىلىرىدىن پامىر ئېگىزلىكى (هازىرقى تاشقورغان، ئاقتۇ ناهىيە زېمىنلىرى) ئارقىلىق چەت ئەللەرگە (سوۋېت، ئافغان، پاكىستان... لارغا) سەپەر قىلىدىغان كارۋانلار ۋە يولۇچىلار قاتناپ كەلگەن مەشھۇر ئىچكى كارۋان يوللىرىنىڭ بىرى زەرەپشان خان يولىدۇر. بۇ يولنىڭ قاغىلىقتىن باشلىنىدىغان شەرقىي جەنۇبىي تارمىقى (قاغىلىق يولى) قاغىلىق بازىرىدىن سىرىق ئاتىغا، سىرىق ئاتىدىن خان لەڭگىرى ئارقىلىق چىمدۇغا، چىمدۇدىن قوشراپ ئارقى-



لىق چامسالغىچە ئۈچ قونالغۇ بولۇپ، چامسالدا بۇ يولنىڭ شەرقىي شىمالىي تارمىقى (يەكەن يولى) بىلەن بىرىكىپ، چوڭ يول پۈتۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يولنىڭ شەرقىي شىمالىي تارمىقى (يەكەن يولى) يەكەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، كالتىلا، توققۇز مەت، تۇمشۇق ساراي، كاچۇڭ قونالغۇلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى ئۈچى قاغىلىق يولى بىلەن بىرىكىپ، زەرەپشان چوڭ يولى پۈتۈنلۈكىنى هاسىل قىلغان.

زەرەپشان يولى چامسالدىن ئارتاشقىچە، ئارتاشتىن كوسراپقىچە ئىككى ئۆتەڭلىك مەنزىل بولۇپ، كوسراپتا يەكەن - تاشقورغان كارۋان يولىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، ئاقتۇ زېمىنلىرىنى ئارىلاپ سوزۇلغان، مەنزىل مۇساپىسى قاغىلىق بازىرىدىنمۇ، يەكەن بازىرىدىنمۇ ئوخشاشلا بەش قونالغۇ كېلىدىغان بۇ يولنى بەزى تارىخچىلار تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ كونا ئىزلىرىدىن بىرى، دەپ قارىشىدۇ.

6) قەشقەر - ئەركەشتام كارۋان يولى

تارىختا قەشقەر بىلەن ئوش شەھىرى (هازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى شەھەر) ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي يول يەنى قەشقەر — ئەركەشتام① كارۋان يولى — قەشقەردىن چەت ئەلگە سوزۇلغان تاغ - داۋانلىق تاشقى يوللارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى. بۇ يول ئۇلاغ يولى بولۇپ، ئەركەشتام قورۇلىدىن (ئەركەشتام — بۇرۇن قەشقەر - سوۋېت چېگرا قاراۋۇلخانىسىنىڭ سوۋېت تەرەپ بەندىرى تۇرغان ئورۇن) قەشقەر شەھىرىگىچە بولغان مۇساپىسى 430 چاقىرىم. ئۇنىڭ تارىختىكى مۇلازىمەت ئۆتەڭلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ناملىرى مۇنداق: ئەركەشتامدىن جېيىن (يىغىن) غىچە تەخمىنەن 46 چاقىرىم، لەڭگىرى — جېيىن؛ جېيىندىن ئۇلۇغچات قورغىنىغىچە 42 چاقىرىم، لەڭگىرى - ئۇلۇغچات قورغىنى؛ ئۇلۇغچات قورغىنىدىن سار-

① ئەركەشتام — نوقۇل ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ، «ئەركەش» — ئۆچكىنىڭ يېچىلغان ئەركىكى، مال پادىلىرىغا باشلامچى بولغۇچى؛ «تام» — توساق، قاپسالما مەنىسىدىكى سۆز.

قان چاتقىچە 46 چاقىرىم، لەنگىرى - سارقان چات؛ سارقان چاتتىن ئۇقسالورغىچە 44 چاقىرىم، لەنگىرى - ئۇقسالور؛ ئۇقسالوردىن كان (قوغۇشۇن كان) غىچە 54 چاقىرىم، لەنگىرى - كان لەنگەر؛ قوغۇشۇن كاندىن كانسۇ (قىزىل ئۆي) غىچە (يۇقىرىقى جايلار ئۇلۇغچات تەۋەسىدە) 45 چاقىرىم، لەنگىرى - كانسۇ؛ كانسۇدىن مىڭ يولغىچە 60 چاقىرىم، لەنگىرى - مىڭ يول؛ مىڭ يولدىن مۇشقىچە 40 چاقىرىم، لەنگىرى - مۇش؛ مۇشتىن قەشقەر شەھىرىگىچە 55 چاقىرىم، لەنگىرى - قەشقەر شەھىرى.

قاتناش شارائىتى ناچار، ئات - تۆگىلىرى خىل كارۋانلارلا ماڭالايدىغان، ئاستا سۈرئەتلىك، خەتىرى كۆپ بۇ يولنى بەزىلەر تارىختىكى «پەرغانە يولى»، «يىپەك بۈيۈك» (يىپەك يولى) نىڭ كېيىنكى ئىزى، دەپ تەرىپلىشىدۇ. بىلىشىمىزچە، تارىختا ئۆتكەن قەشقەر كارۋانلىرى بۇ ئاستا سۈرئەتلىك ئۇلاغ يولىنى «چەتتە يەتتە، بىر تەرەپتە سەككىز» قونۇپ ماڭغان. 70 پىرسەنتى تاغ - داۋان، چۆل - ئېدىرلارنى، قالغان قىسمى تۈزلەڭلىك ۋادىلارنى ئارىلاپ سوزۇلغان بۇ يولدا ياز ئايلىرى كەلكۈن كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈز ۋە ئەتىياز ئايلىرى ئاساسىي قاتناش ۋاقتى قىلىنغان.

7) قەشقەر — مىڭتىپكە كارۋان يولى

قەشقەر — مىڭتىپكە كارۋان يولى (تاغ - داۋانلىق يول) تارىختا قەشقەر غىلدىرلاقدىن (هازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق تەۋەسىدىن) باشلىنىپ، قاراقۇرۇم ئېگىزلىكىنىڭ ئۆرۈك (رەسكام) ئېگىزلىكى (تاشقورغان تەۋەسى) دىكى مىڭتىپكە (تېكە ئارت) گىچە سوزۇلۇپ، ئاخىرى



ئۈچ چوڭ ئۆتۈشمە يولغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرى گۆك تۈرك ئېدىرلىقىدىن بۆلۈنگەن سۇبىھان بەندىرىدىن (قاراۋۇلخانا قىلىنغان ئورۇندىن) ئافغانىستان زېمىنىنىڭ ئابەۋاخان (چاقماق كۆل) دارىسىغا پەسلىگەن. يەنە بىرى بىزنىڭ مىڭتىپكەدىن كەشمىرنىڭ (هازىرقى پاكىستاننىڭ) پاتىمە ئېدىرلىقى ئارقىلىق خونزار دەرياسى ساھىلىغا تۆۋەنلىگەن. يەنە بىر تارماق يول بىزنىڭ تېكەلىك (هازىر «خونجىراپ» دېيىلىدۇ) داۋىنىمىزدىن ئېشىپ، پاكىستاننىڭ دىخ ئويمانلىقىغا قاراپ تۆۋەنلىگەن. تارىختىكى «يىپەك يولى» مەنزىلى مانا مۇشۇ تېكەلىك داۋىنىمىزدىن ئالەمگە سوزۇلغان.

بىلىدىغانلارنىڭ تەرىپ قىلىشىچە، بۇ يول غىلدىرلاقدىن مىڭتىپكە داۋىنىغىچە 18 ئۆتەڭلىك بولۇپ، كارۋان ئەجدادلىرىمىز تارىختا «ئاسمان يولى»، «سەپىرى قىيامەت» دەپ ئاتىشىدىغان، يۇرتىمىزدىن چەتكە ئاشىدىغان، ئەڭ مۇشكۈل مۇساپىلىق يوللارنىڭ خەتەرلىك بىر قىسمى ھېسابلىنىدىكەن.

هازىرقى دۇنياۋى تاشيول — جۇڭگو - پاكىستان قاراقۇرۇم تاشيولى مۇشۇ مىڭتىپكە داۋىنى ئەتراپىغا سوزۇلۇپ، هازىرقى تېكەلىك تاغ بېلىدىن پاكىستاننىڭ كانجۇت ۋادىسى زېمىنىگە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئاچقان بۇ تۈگۈن يولغا سىرىقغول ئېگىزلىكىدە يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىن (هازىرقى يەكەن، قاغىلىق زېمىنلىرى ئارقىلىق) يەنە مەشھۇر ئىككى چوڭ تارماق يول قوشۇلغان. ئۇنىڭ بىرى، يەكەننىڭ كاچۇڭ - چامسال رايونىدىن باشلىنىپ (يەكەن دەرياسىنى بويلاپ)، هازىرقى تاشقورغاننىڭ ئۇچا رايونى (هازىرقى ۋۇچە يېزىسى دېيىلىۋاتقان قەدىمكى قۇراغ تۆپىلىكى) تەۋەسىدە قەشقەر - مىڭتىپكە يولىغا ئۇلانغان. يەنە بىرى، چۇپان - مىڭتىپكە يولى بولۇپ، ئۇ قاغىلىقنىڭ چۇپان - ئازغانسال دائىرىسىدىن باشلىنىپ، هازىرقى تاشقورغاننىڭ دەپپەر

ئېگىزلىكىدىكى ئۆرۈك كەنتىدە چوڭ يولغا ئۇلانغان.

8) قەشقەر — تورغات كارۋان يولى

تارىختىكى قەشقەر — تورغات كارۋان يولى (تاشقى يول) — سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نارىن ئېگىزلىكىدىكى نارىن قورغىنى بىلەن قەشقەر شەھىرى ئارىلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان 540 چاقىرىملىق تاغ ئۈستى كارۋان يولى. بۇ يولنىڭ تورغات داۋىنىدىن (بۇ داۋان دېڭىز يۈزىدىن 3752 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئېشىپ چۈشۈش مۇساپىسى 6 كىلومېتىر) قەشقەر شەھىرىگىچە سوزۇلغان مۇساپىسى 125 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلاغلىق كارۋانلار تۆت يېرىم لەنگەر قونۇپ، 5 — قونالغۇدا مەنزىلنى تاماملاپ تۇرغان. بۇ يولنىڭ سۇ، ئوت — خەس، يېقىلغۇسى بار قونالغۇ لەنگەرلىرىنىڭ يەرلىك نامى تۆۋەندىكىچە: تورغات ئۆتىكىدىن تۇيۇنغىچە 65 چاقىرىم، لەنگىرى — تۇيۇن؛ تۇيۇندىن بايقۇرتقىچە 66 چاقىرىم، لەنگىرى — بايقۇرت؛ بايقۇرتتىن ئۈستۈن ئاتۇشقىچە 66 چاقىرىم، لەنگىرى — ئۈستۈن ئاتۇش؛ ئۈستۈن ئاتۇشتىن قەشقەر شەھىرىگىچە 53 چاقىرىم، لەنگىرى — قەشقەر ياۋاغ.

ھازىرقى ئۇلۇغچات، ئاتۇش، (قەشقەر كونىشەھەر ۋە قەشقەر شەھىرى) زېمىنلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ قەدىمىي يولنىڭ كېيىنكى زامان لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ 40 — يىللاردىن كېيىن ھازىرقى قەشقەر — تورغات تاشيولىنىڭ ئەسلى يولى ياسالغان.

بۇ يول تارىختا تورغان ۋە چاقماق دەريالىرىنى (ئۇلۇغچات تەۋەسىدە) بويلاپ سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن، بەزى يەرلىك تەزكىرە — خاتىرىلەردە «تورغات — چاقماق يولى»، «نارىن — قەشقەر يولى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن.

## 1940 — يىللاردىن بۇرۇن قەشقەردىن سىرتقا ئېچىلغان چىغىر يوللار

1940 — يىلدىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىن سىرتقا (چەت ئەللەرگە) ئېچىلغان ئاشكارا (قانۇنلۇق) ئات — ئۇلاغ



چىغىر يوللىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇلاردىن تارىختا قاتناش ئۇنۇمى مۇقىم ۋە بىر قەدەر يۇقىرىراق بولغان تۆۋەندىكى يوللارنى ئالاھىدە ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:

* بوتامويناق چىغىر يولى. بۇ يول ئاتۇشنىڭ قارا تېكە رايونىدىن قىرغىزىستاننىڭ كەكسۇ رايونىغا ئۆتىدىغان ئۇلاغ يولى (داۋانلىق چىغىر يول) بولۇپ، تارىختىن بۇيان يەرلىك سودا يولى، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ پەسىللىك مۇناسىۋەت يولى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى زامان چېگرا قاتنىشى ماشىنىلاشقان، چېگرا تۈزۈمى يېڭىلانغان. 40 — يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن بۇ يولنىڭ ئوچۇق قاتنىشى ئۈزۈۋېتىلگەن.

* سارت يولى. بۇ يول ئۇلۇغچاتنىڭ ئوتتۇرا سۇ دەرياسى ۋادىسىدىن قىرغىزىستاننىڭ كۆك ئايغىر دەريا ۋادىسىغا ئاشىدىغان ئوتتۇرا سۇ داۋان يولى بولۇپ، بۇرۇن «سارت يولى» دەپ ئاتالغان، تارىختا شەكىللەنگەن بۇ ئېپتىدائىي يولنىڭ مەنزىلى خەتەرلىك، مۇھىتى ناچار، قونالغۇسى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا «مۈشكۈل داۋان» دېگەن نامىمۇ بار ئىدى، 50 — يىللاردىن كېيىن بۇ يولدا ئوچۇق قاتناش ئۈزۈلگەن.

* چىچار يولى. بۇ يول ئۇلۇغچاتنىڭ تويۇن رايونىدىن قىرغىزىستاننىڭ ئالاي ئېگىزلىكىگە قورۇمدۇ داۋىنى ئارقىلىق ئاشىدىغان ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ئېگىز تاغ ئۈستى يولى بولغاچقا، بەزى خاتىرىلەردە «چىچار يول» دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. 40 — يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن رەسمىي چىغىر يول قاتنىشى ئۈزۈلگەن.

* تالقىدى يولى. ئۇلۇغچات بازىرىدىن تالقىدى داۋىنى ئارقىلىق قىرغىزىستاننىڭ قىزىل خار ۋادىسىغا ئاشىدىغان مەشھۇر تارىخىي يول بولۇپ، بەزى خاتىرىلەردە يىپەك يو-

لىنىڭ تارىختىكى تارماقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى قىياس قىلىنغان.

دەرۋەقە، بۇ يولنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىن بۇرۇنقى قونالغۇ، گەمە، ئىغىللارنىڭ خارابىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. سۇ، يېقىلغۇ، ئوت - خەس قىس ئەمەسلىكى توغرىسىدا ھازىرمۇ بەزى يازما خاتىرىلەر بار.

* ئۇچبەل يولى. بۇ، ئاقتۇنىڭ مەرگەنسۇ دەرياسى ۋادىسىدىن قىرغىزىستاننىڭ قىزىل ئارت ئىگىزلىكىگە تۇتاشقان ئۇچبەل داۋان چىغىر يولى بولۇپ، 40 - يىللاردىن بۇرۇن قەشقەر - قارا كۆل سودا يولى ھېسابلىناتتى. 45 - يىلدىن كېيىن قاتناش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

* كالتا داۋان يولى. بۇ يول ئاقتۇنىڭ بولۇڭكۆل سايە تۇك ئىگىزلىكىدىن قىرغىزىستاننىڭ قارا كۆل رايونىغا ئاشىدىغان چىغىر يول بولۇپ، 40 - يىللاردىن ئىلگىرى خېلى راۋاج تاپقان سودا يولى. كۆچمەن يولى ۋە شۇ زاماندىكى قەشقەر - قارا كۆل ئارىلىقىدىكى يىللىق مۇقىم قاتناش يولى ھېسابلىناتتى. 1945 - يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ يولدا قاتناش ئۈزۈپ قويۇلغان.

* قارازاق يولى. بۇ يول ئاقتۇنىڭ مۇجى ئىگىزلىكىدىن قىرغىزىستاننىڭ قارا كۆل رايونىغا ئاشىدىغان ئىچىدا ئىي يوللاردىن بىرى بولۇپ، تارىختا قەشقەر - قارا كۆل يولى دەپمۇ ئاتالغان.

* ئۈزبەل يولى. بۇ يول تاشقورغاننىڭ رەڭكول رايونىدىن ئاقتۇنىڭ ئۈزبەل تاغ ئېغىزى ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىڭگازەر رايونىغا كېتىدىغان داۋانلىق چىغىر يول بولۇپ، XIX ئەسىردىن تارتىپ جۇڭگو، سوۋېت دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە چىغىر يولى ھېسابلانغانىدى، تارىختا بۇلۇڭكۆل - ئۈزبەل يولى دەپمۇ ئاتالغان.



* تاش داۋان يولى. بۇ يول تاشقورغاندىكى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ باش سۇ ساھىلىدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئالچۇر ئىگىزلىكى (جۇڭگو، سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم تۈزۈلمىگەن زېمىن) گە كېتىدىغان بىر تەرەپنىڭ داۋانلىق چىغىر يولى بولۇپ، پامىر ئىگىزلىكى بويىچە يېقىلغۇسى يوق، خەتىرى كۆپ، يىللىق قاتناش پەسلى ئەڭ قىسقا، قونالغۇلىرى ئادەمسىز... بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى يەرلىك خاتىرىلەردە «تەرس يول» دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. 50 - يىللاردىن بۇرۇنلا قاتناش ئۈزۈلگەن.

(داۋامى بار)

(ئاپتورى: شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى

ئەيساجان مۇسا

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى

شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن ئىلىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى مائارىپى، مەلۇم جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن دىنلىرىغا باغلىق بولۇپ، شۇ دىننىڭ ۋاستىسى بولغان يېزىقتىكى دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. ئىلى رايونى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسىگە جايلاشقان، شۇڭا بۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ھەرخىل تەسىرلىرىنى، بولۇپمۇ سودا - سېتىق، مەدەنىيەت - سەنئەت، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىلى رايونىنىڭ بىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلگۈچى ياشلىرى ئۇزاق ۋاقىتلار



جەريانىدا بۇخارا، سەمەرقەند، ئىستانبۇل، قازان، يېڭى دېھلى، دەمەشق، باغدات، قاھىرە، ئورېنبورگ ۋە باشقا ئوتتۇرا شەرقنى ئۆلگە قىلغان دىنىي مائارىپ مەركەزلىرىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان بولسا، زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 1840 - يىللىرىدىن باشلاپ راشىدىن، مەنسۇر قاتارلىقلار پەننىي مائارىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى. 1860 - يىلىدىن باشلاپ، ئىلىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، تىل، تەبىئەت، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە دەرسلىكلىرى قوشۇمچە ئۆتۈلىدىغان بولدى.

1866 - يىلى ئىلى سۇلتانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن مائارىپ خىزمىتىمۇ كۈچەيتىلدى. 1871 - يىلىدىن 1881 - يىلغىچە بولغان ئون يىل جەريانىدا، ئىلى رايونى بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى، كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك، ئىلى پۇقرالىرىنىڭ ياۋروپاغا قەدەر بېرىپ كېلىشى كۆپەيدى. نەتىجىدە دىنىي دەرسلەر بىلەن پەننىي دەرسلەر ئارىلاش ئوقۇتۇلىدىغان غەربىي ئاسىيا مەكتەپلىرى تېخىمۇ كۆپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يۇقىرىقىدەك ئالاھىدە شارائىت ئىلى رايونىدا پەننىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ بىرقەدەر بالدۇرراق مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغانىدى (يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تەرەققىيات جەريانلىرى مۇشۇ مەجمۇئەنىڭ 4 - سانىدىكى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىدە سۆزلەندى). 1875 - يىلى (بەزى ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 1872 - يىلى) مەرىپەتپەرۋەر ئاكا - ئۇكا ھۈسەيىن باي بىلەن باۋدۇنباي غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زال بىلەن ياۋروپاچە تۆت سىنىپلىق پارتا ۋە دوسكىلىرى تەل مەخسۇس پەننىي مەكتەپ سالدۇردى. مانا بۇ، ئىلىدىكى

ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۈنچى پەننىي مەكتەپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن باشقا جايلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىلاپ سېلىنىشقا ياكى پەننىي دەرسلەرنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويغان مەكتەپلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

1884 - يىلى 11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭنى ھەربىي - مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى (ئورنى ھازىرقى قورغاس ناھىيە كورە يېزىسىدا ئىدى) ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى تەسىس قىلدى. ئۆلكە مەركىزىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى ئىدى. ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يىپەكچىلىكنى كېڭەيتىش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى چەت ئەللەرگىچە كېڭەيتىش، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىش، مەدەنىي - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى، مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ مەبلەغ، ماتېرىيال چىقىرىشى بىلەن يېڭىچە پەننىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1885 - يىلى روسىيىنىڭ قازان شەھىرى قاتارلىق جايلىرىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىلىپ، كېرەم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. دەرسلىك كىتابلار ئاساسەن قازان شەھىرىدىن كەلتۈرۈلەتتى. 1916 - يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1910 - يىلى دېيىلىدۇ) ئەشپۇل ئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار مەسچى



تى يېنىدا ئىككى قەۋەتلىك، ئون سىنىپلىق مەخسۇس ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىندى. مانا بۇ ئىلىدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ باشلىنىشى ئىدى. شۇ يىللىرى باشلانغۇچنىڭ 1 - سىنىپىدىن 7 - سىنىپىغىچە ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپلەر «رۇشتىيە» مەكتەپ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تاتار مەكتەپ بولۇپ، باشلانغۇچ سىنىپ يوق، ئوتتۇرا سىنىپلارلا بار ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سىنىپ سانى ئالتىدىن، ئوقۇتقۇچىلىرى ئوندىن ئاشىدىغان مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1933 - يىلقى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جايلاردىكى شەرتكە توشىدىغان مەكتەپلەر ھۆكۈمەت خىراجىتى ئارقىلىق باشقۇرۇلۇشقا ئۆتتى. قالغانلىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇ چاغدا يالغۇز غۇلجا شەھىرىدىلا 13 مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، چۆياى (رايونلۇق) مەكتەپ قولغانىدى. ناھىيىلەردە ئىككىدىن - ئۈچكىچە مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار بىلەن تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن، جايلاردا ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى قىسمەن ھەل قىلىندى.

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى

شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى نەتىجىسىدە، باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلار قاتارىدا كاپىتالىس

تېنىڭ سانائەتمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنىدى. 1905 - يىلى ئىلىدىكى تەرەققىيپەرۋەر باي ھۈسەيىن مۇسابايوپ گېرمانىيىدىن بىر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى كىرگۈزدى ھەمدە ئايرىم تېخنىكىلارنى تەكلىپ قىلدى. 1906 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم سېخلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، باشقا مەشغۇلاتلىرى ياراملىق ئىشچىلارنىڭ كەملىكىدىن تۇرۇپ قالدى. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1907 - يىلى ھازىرقى ئىلى سىفەن شۆيۈەنىنىڭ ئورنىدا بىر تېخنىكوم ئېچىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ياشلىرىدىن 200 ئوقۇغۇچى تاللاپ قوبۇل قىلىندى، تېخنىكومغا بۇخارا، ئورېنبورگ ۋە باشقا جايلاردا ئوقۇغان داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار، گېرمانىيىدىن تەكلىپ بىلەن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىغا كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، فىزىكا، رۇس تىلى، تېرە ئىشلەش تېخنىكىسى قاتارلىقلار ھەققىدە دەرس ئۆتكەن. مەزكۇر مەكتەپ ئىلى تارىخىدىكى تۇنجى ئوتتۇرا تېخنىكوم ھېسابلىناتتى.

1911 - يىلى دۆلىتىمىزدە شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئىنقىلابنى قىزغىن قوللاپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ كەڭ راۋاجلاندۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇردى. ئەسلىدە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆرەدە قۇرۇلغان بىر مەكتەپ بار ئىدى. 1912 - يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە 1915 - يىلى) ياڭ زېڭشىنىڭ تەستىقى بىلەن كۆرە قەلئەسى ئىچىگە 500 نەپەر ئوقۇغۇچى سىغقۇدەك شۆتاڭ سېلىنىپ، ئىلى رايونىدىن خەنزۇ، شىبە، مانجۇ، داغۇر، موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىندى. يەرلىك خەلق بۇ مەكتەپنى «كۆرە شۆتاڭ» دەپ ئاتايتتى (بەزى ماتېرىياللاردا «مىڭ - خا شۆتاڭ» يەنى «موڭغۇل - قازاق مەكتىپى» دېيىلگەن). بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىل -



يېزىقى ئاساس قىلىنىپ دەرس بېرىلگەندىن باشقا، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىنمۇ دەرس بېرىلەتتى، ئوقۇغۇچىلارغا بىردەك پۈتۈن تەمىنات بېرىلگەن. بۇ، ئىلى رايونىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى كەسپىي مەكتەپ بولۇپ، دەرىجىسى ئوتتۇرا تېخنىكومغا توغرا كېلىدۇ. تاكى شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانغا قەدەر بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، بۇ مەكتەپتىن نۇرغۇن مەمۇرىيەت خادىملىرى، تەرجىمانلار، مەدەنىيەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەندى.

1918 - يىلى غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (شەنگەن يامۇل) قورۇسى ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ، يەنى يەرلىك خەلق «ئىلى شۆتاڭ» دەپ ئاتايدىغان بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، خەنزۇ ۋە يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىلاش قوبۇل قىلىندى. خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى ئاساسىي دەرس بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە كەسپىي دەرسلەرمۇ ئۆتۈلدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار جايلاردىكى كەسپىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىندى، نۇرغۇنلىرى تەرجىمانلىق، بوغالتىرلىق ۋە كاتىپلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. داڭلىق تەرجىمان مەھەممەت پەيىي شۇنىڭدا ئوقۇغان. مەزكۇر مەكتەپ 1931 - يىلى يېپىلدى. 1920 - يىلىدىن كېيىن ھازىرقى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدا بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولدى.

1933 - يىلىدىكى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ يېڭىچە سىياسەتنى يولغا قويدى. 1933 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، 1934 - يىلى مەدەنىي -

مائارىپ ئىدارىلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى؛ ھەرقايسى جايلاردا مىخ مەتبەئەدە بېسىلىدىغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللار كۆپەيدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە، 1933 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرستېتىغا ھەر يىلى 100 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا خىزمەتلىرىدە تايانچلىق رول ئوينىدى. ئىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلىرى مۇشۇلار ئىچىدىن چىققان. 1935 - يىلدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يېنىدا (ھازىرقى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ كەينىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسى سۇلتان ئاخۇن شەنگەن بىلەن سۇڭ جۇيجاڭلارنىڭ تەشكىللىشى ئارقىلىق بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ، 1936 - يىلى ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، قىرغىزلار ئوقۇيدىغان سىنىپ، يەنە بىرى خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرىلىدىغان، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبەلەر ئوقۇيدىغان سىنىپ، يەنە بىرى ساپ قىزلار سىنىپى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈنلەي دۆلەت تەمىناتىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارا سارجىدىن فورما، مۇۋۇت شەپكە، شىبلىت بېرىلگەن. شەپكىنىڭ خەنزۇچە يېزىلغان «جيەنيى سىفەن» دېگەن كاكارى بار ئىدى. دەرسلىكلەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە بولغان. 1 - يىللىق ئوقۇش تۈگەپ 2 - يىللىق ئوقۇش باشلانغاندا، مەكتەپ ئورنى تار بولۇپ قېلىپ، 1937 - يىلى كۆرەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى قورۇسىغا كۆچۈرۈلگەن، شۇڭا خەلق ئۇنى ھەم كۆرە سىفەن دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئەسلى



دىكى كۆرەشۈتاڭدا بىر ئۇيغۇر سىنىپ بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر كۆرە گىمنازىيە دەپمۇ قوياتتى. جيەنيى سىفەننىڭ 1 - قارار ئوقۇغۇچىلىرى 1938 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىيەت، مائارىپ سىستېمىلىرىغا، ئاز قىسمى باشقا ساھەلەرگە مەمۇرىي خادىملىققا تەقسىم قىلىندى. 1938 - يىلى 2 - قاراردا يەنە ئۈچ سىنىپ (ئىككىسى يەرلىك مىللەتلەردىن تەشكىل قىلىنغان، بىرى خەنزۇ) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1939 - يىلى 2 - ئايدا، يەنە بىر مىللىي ئوقۇغۇچىلار سىنىپى قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى يازدا بۇ مەكتەپ غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، ئۈچ مىللىي سىنىپ تۇغاي مەسچىتى يېنىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جيەنيى سىفەننىڭ ۋېۋىسكىسىنى ئاستى. خەنزۇ سىنىپى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1938 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ئىككى مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 1940 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، گۇۋاھنامە ئالدى ھەم ئىلى، بورتالا، سانجى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەرگىچە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. 1939 - يىلى 2 - ئايدا قوبۇل قىلىنغان بىر مىللىي سىنىپ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندى. 1936 - يىلى ئېچىلغان جيەنيى سىفەن شۇ تەرىقىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى

1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار غۇلجىغا كېلىپ، يىغىن

چاقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېرىكلەشكەن زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇرۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى قۇرۇشنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى. نەتىجىدە، ھەر مىللەت بايلىرىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى بىلەن گىمنازىيە قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1936 - يىلى پۈتۈپ، 1937 - يىلى كۈزدە رەسمىي دەرس باشلىدى (بەزىلەر 1936 - يىلى دەرس باشلىغان دەيدۇ). بۇ مەكتەپ 1959 - يىلىغىچە بولغان 23 يىل جەريانىدا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى، ئىلى دارىلمۇئەللىمىنى، ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ ئۆزگەردى. تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى

غۇلجا شەھىرىنىڭ ساي بويىغا قۇرۇلغان مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئالدى بىلەن ئىلى رايونىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇشىنىڭ ئېھتىياجى يەنى مەدەنىيەت - مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنىڭ مۇھىم قەدىمى ئىدى. چۈنكى، بۇ خىل گىمنازىيىلەر ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە سىفەن نامىدا بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغان. 1937-يىلى پۈتۈن ئىلى رايونى بويىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئىمتىھان بىلەن بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1 - قارارغا ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ (بۇنىڭ بىرى كۆرە شۆ-



تاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەڭ ئاخىرقى يىللىق بىر سىنىپ)، بىر قازاق سىنىپ، خەنزۇ ۋە خۇيزۇلاردىن ئىككى سىنىپ، بىر موڭغۇل سىنىپ بولۇپ، جەمئىي ئالتە سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خىل بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىسمايىل ھېۋىزۇللايوۋ، سەئىدۇللا سەيپۇللايوۋ، كېيىنرەك ھەمدۇللا قۇربانوۋ، خۇدا بەردى تالىپ، ھەسەيىن جاقسىلىق قاتارلىق زىيالىيلار، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، شۇمۇتۇڭ، مالىك بېكتۆمۈر، بابىبازار، نىسا پاۋلوۋنا قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن. تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش پىلانى، دەرسلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىن، كەسپىي مەكتەپلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۆگىتىلىدىغان كەسىپلەر، ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ئىشلىرى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ تەلىپى بويىچە باشقۇرۇلاتتى.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى 1941 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر يىلى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، شىبە، موڭغۇل تىللىرى بويىچە بىر سىنىپتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بەزىبىر يىللىرى تاتار، رۇسلاردىنمۇ بىرەر سىنىپتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تۇردى. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، 1944 - يىلىغىچە جەمئىي سەككىز قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ بەش قارارىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئاساسەن مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئۇلاردىن باشقا، 1940 - يىلى يازدا جېبەنىي سىفەن ۋە كۆرە گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەنلەردىن، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى تاللىۋېلىنىپ، ئالىي دارىلمۇئەللىمىن

(گاۋجى سىفەن) ئېچىلغانىدى. ئالىي دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىكىلەر 1942 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

## ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى

1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى. 1945 - يىلى 15 - ئۆكتەبىردە ئېچىلغان 108 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى «شەھەر، ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا - قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش بەدىلى ئالماسلىق بەلگىلەندى. ئارقىدىنلا ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى، مەسىلەن: ئومۇمىي ھەربىي سەپەرۋەرلىك ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە ۋە كادىرلىققا ئېلىنغان سابىق مۇئەللىملەرنى، ئىدارە، جەمئىيەت، تەشكىلاتلارغا ئالمىشىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ نازارىتى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى زورايتتى، مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانىنى كۆپەيتتى؛ جايلاردا



بىر قىسىم مەكتەپلەرنى سالدۇردى ياكى رېمونت قىلدۇردى، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇردى. يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدىلا 1945 -، 1946 - ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ سانى 295 كە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1051 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار 28 مىڭ 343 نەپەرگە يەتتى. بۇ ئوقۇش يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1947 - يىلى 24%، 1948 - يىلى 25.8%، 1949 - يىلى 30%، 1950 - يىلى 41% تىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇش توختاپ قالغانىدى. 1946 - يىلى كۈزدە، ھۆكۈمەت بۇ مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىپ، يەنە ئاچتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىسسىيىسىنى قۇرۇپ، ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ۋەزىيەت سەۋەبىدىن داۋاملىق ئوقۇپ پۈتتۈرەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئالدى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالادىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاندى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى سەۋىيىدىكىلەر تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىرىنچى يىللىق سىنىپقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىن تۆۋەن، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇدى. ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ دەرىجىلىك مەكتەپلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ مەكتەپكە 1947 - يىلىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار قوبۇل قىلىندى. 1948 - يىلىدىن باشلاپ، تارباغاتاي، ئالتايلاردىنمۇ مۇشۇ شەرت بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

مائارىپ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، يارامىلىق ئوقۇتقۇ-
چىلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقا ساھەلەر ئۈچۈنمۇ كەسپىي
خادىملارنى، مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1948 -
يىلى (بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا 1947 - يىلى)
يېڭى ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيە-
سىنىڭ قۇرۇلمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئەخمەتجان
قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتلەرنى
كۆزدىن كەچۈردى. بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان
چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، مەكتەپ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولى-
دىغانلىقى، ھازىرغا قەدەر ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى
پۈتتۈرگەنلەر ئاساسەن مەدەنىيەت - مائارىپ سېپىگە تەقسىم
قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى تەر-
بىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا تولۇق كەسپلەرنىمۇ ئېچىلى-
دىغانلىقى، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنونى بىلەن بىر
گەۋدە قىلىنىدىغانلىقى، شۇ سەۋەبلىك ھازىرقى مەكتەپ
نامى «ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىش-
تۈرۈش بىلىم يۇرتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى، دارىلمۇئەللى-
مىن، سىياسىي قانۇن، ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، مالىيە،
قۇرۇلۇش، تولۇق ئوتتۇرا (ئومۇمىي پەن) قاتارلىق بۆلۈم ۋە
سىنىپلار ئېچىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا
سىنىپلارنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار چەت ئەللەرگە
ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىپ تەربىيىلىنىدىغانلىقى
سۆزلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنونىدا
ئوقۇۋاتقىنىغا بىر يىل بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىن
كەلگەن ۋە ئۈرۈمچىلىك ئوقۇغۇچىلاردىن بىرقانچىسى غۇلجىغا
يۆتكەپ كېلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىدا ئېچىلغان
كەسپىي سىنىپلارغا قوشۇۋېتىلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ دارىلفۇنونىدا
خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارلا قالدى. ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق



دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدە ئىلى تىببىي مەكتەپ ئايرىم تەسىس
قىلىنغاچقا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىدا تىببىي سىنىپ
ئېچىلمىدى.

## ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى نامىدا ئاتىلىشى

1949 - يىلى 9 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى
بەش نەپەر رەھبىرى بېيجىڭدا ئېچىلماقچى بولغان مەملى-
كەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن كېتىۋاتقان سەپىرىدە، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ
ۋاپات بولدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى ئىجرائىيە كومىتېتى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، بىلىم يۇرتىنى قۇرۇش
يولىدىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ئەسلەش، ئۇنىڭ نامىنى
داۋاملىق يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىلىم يۇرتىنى «ئۆلكىلىك
ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەس-
سىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى» دەپ ئاتاش توغرىسىدا
قارار چىقاردى؛ 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
بىلىم يۇرتىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ بۇ قارار يەت-
كۈزۈلدى، مەكتەپنىڭ ۋىۋىسكا ۋە تامغىلىرىمۇ مۇشۇ بويىچە
ئۆزگەرتىلدى؛ 1950 - يىلى ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇ نامدىكى
مەكتەپ ئىزنىكى تارقىتىلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا بىلىم يۇر-
تىدىكى سىنىپ سانى 15 كە(تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر
سىنىپ، تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىككى سىنىپ، ئىككى
دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، ئىككى يىللىق ئوقۇتقۇچىلار كۇر-

سىدىن ئىككى سىنىپ، ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، سىياسىي - قانۇن، مالىيە، قۇرۇلۇشى قاتارلىق بەش كەسپىي سىنىپقا) يەتتى. 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 700 نەپەرگە يەتتى. 1946 - يىلىدىن بۇرۇن تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەر، تاللانغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر تولۇق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ۋە بىر تولۇقسىز سىفەن شىبە ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپى 1949 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈردى. 1950 - يىلى يەنە ئالتە سىنىپ مەكتەپ پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىككىسى تولۇق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى (بىر ئۇيغۇر، بىر قازاق سىنىپ، تۆت يىللىق)، يەنە تۆتى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ (بۇنىڭ بىرى 1946 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش سىنىپ، يەنە بىرى 1948 - يىلى ئىسمايىل ياسىنوۋ تارباغاتايدىن قوبۇل قىلىپ ئەكەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدىن قوبۇل قىلىنغان ئارىلاش مىللەتلىك سىنىپ، بىرى شىبە ئوقۇغۇچىلار سىنىپى، يەنە بىرى موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار سىنىپى) ئىدى. يۇقىرىقىلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەن بەش قارار، 19 سىنىپ بىلەن قوشقاندا، جەمئىي ئالتە قارار، 27 سىنىپ ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەن بولىدۇ. بىلىم يۇرتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا (ئومۇمىي پەن) سىنىپلىرىغا دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرىغا ئوخشاشلا پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسى، ماتېماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەندىن باشقا، جىرچىنىيە، ئاسترونومىيە پەنلىرىمۇ قوشۇپ ئۆتۈلدى. بۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى، ئايرىملىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىغا ئورۇنلاشتى.



### ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى كەسپىي سىنىپلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلۈشى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ باشقا ساھەلىرى قاتارىدا مەدەنىيەت - مائارىپنىڭمۇ يېڭى تەرەققىيات پىلانلىرى تۈزۈلدى. 1950 - يىلى 7 - ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىننىڭ قارارى بويىچە، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ نامى شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ كۆپ ساندىكى مىللىي سىنىپلىرى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا كۆچۈرۈلدى.

### ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ ئۈچ مەكتەپكە ئايرىلىشى

1950 - يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ۋە سەيپىدىن ئەزىزى شۇ يىلى غۇلجىغا بارغاندا بولۇنغان مۇزاكىرىلەرگە ئاساسەن، 1951 - يىلىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا

دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىغا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارلا قوبۇل قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، قىزلار ئايرىم مەكتەپ ھېسابىدا قوبۇل قىلىندى. 1936 - يىلى سابىق ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئۈچۈن سېلىنغان مەكتەپ بىناسى ئەمدى تارچىلىق بولۇپ قالغانىدى. ئايرىلغان بۇ مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئورنى سابىق مۇكۇل مەكتىپىدە بولۇپ، 1952 — 1954 - يىللىرى تىببىي مەكتەپكە، ئاندىن ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك كۆركەم، يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىغا كۆچۈپ چىقتى. مەكتەپ ئورنى ئايرىلسىمۇ، لېكىن مەكتەپنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىپە - پىلانى بۇرۇنقىدەكلا بولدى. دەسلەپكى يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىدىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى ياكى شۇ خىل ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار پەرقلىق ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ، سىنىپقا ئايرىپ دەرس ئۆتكەن بولسا، 1952 - يىلدىن باشلاپ تولۇقسىزدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خوتۇن - قىزلار قوبۇل قىلىنىپ، تولۇق 10 - سىنىپنى پۈتتۈرمىگىچە خىزمەتكە چىقىرىلمىغانىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپ دەرس دەرىجىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرىلىقى بىلەن «قىزلار تولۇق ئوتتۇرىسى» دەپ ئاتالغان بولسا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا كەتكەنلەردىن باشقىلارنىڭ مائارىپ ساھەسىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن «قىزلار گىمنازىيىسى» دەپ ئاتالدى. مەكتەپ بويىچە بىر تۇتاش گىمنازىستلار فورمىسى كىيىلەتتى.

1951 - يىلى كۈزدە، ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىدىن شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا 2 - قېتىملىق ئوقۇغۇچى يۆتكەشتە، قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ 8 - سىنىپى



قوشۇپ يۆتكەلدى. 1951 - يىلى 11 - ئايدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئۈچۈن بىلىم يۇرتىغا ئىككى سىنىپ (بىر ئۇيغۇر، بىر قازاق) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغاندا، قىزلار گىمنازىيىسىگىمۇ ئوخشاش شەرتتە بىر ئاياللار تېز پۈتتۈرۈش دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى قوبۇل قىلىندى ۋە 1953 - يىلى تەڭ خىزمەتكە چىقىرىلدى. بۇ ئاياللار سىنىپى شۇ چاغدا تولۇقسىز سەپەن قاتارىدا ھېسابلانغان. 1954 - يىلى يازدا ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، بىلىم يۇرتىدا غۇلجا شەھەر ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇپ بولغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى سەپەن مەكتەپلىرىنى، ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىنى مۇستەقىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقى تەكىتلەندى. شۇنىڭدەك ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، مەزكۇر مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنى نۇقتا قىلىپ تۇتىدىغانلىقى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى. ئارقىدىنلا مەكتەپتىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرى ئايرىم مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا (ئومۇمىي پەن) سىنىپلىرى ئايرىم مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى. ئوقۇتۇش بىناسى، ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى ئايرىم بېكىتىلدى. مەكتەپ ئورنى يەنىلا بىر جايدا ئىدى. 1955 - يىلى ھازىرقى ئىلى سەپەن شۆبىسىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان ئىلى دارىلمۇئەللىمىننىڭ يېڭى بىناسى پۈتكەندىن كېيىن، دارىل سىنىپلار كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. بۇرۇنقى مەكتەپ ئورنىدا ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىلا قالدى. شۇ تەرىقىدە سابىق

ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى ئىلى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، ئىلى ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپى ۋە ئىلى دارىلمۇئەللىمىنى بولۇپ ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپكە ئايرىلدى.

يۇقىرىدىكى دارىلمۇئەللىمىنى ئوقۇپ چىقىپ كەتكەنلەر باشتىن - ئاخىر ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىندى. تولۇق ئوتتۇرا (ئومۇمىي پەن) سىنىپىنى پاكى كېيىنكى قۇرۇلغان قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار 1950 -، 1951 - يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، لەنجۇ، بېيجىڭ، شىئەن، شېنياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد، موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى ھەرخىل مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 1955 - يىلى ئىلى ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپىدىن ئىككى سىنىپ (ئۇيغۇر ۋە قازاق سىنىپلىرى)، قىزلار گىمنازىيىسىدىن ئىككى سىنىپ (ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش)، ئىلى دارىلمۇئەللىمىندىن تۆت سىنىپ (ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ، ئىككى قازاق سىنىپ) ئوقۇش پۈتتۈردى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى چەت ئەللەرگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 1956 - يىلى ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن تۆت سىنىپ (ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ، ئىككى قازاق سىنىپ)، قىزلار گىمنازىيىسىدىن ئىككى سىنىپ (ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان) ۋە ئىلى دارىلمۇئەللىمىندىن تۆت سىنىپ (ئىككى ئۇيغۇر سىنىپ، ئىككى قازاق سىنىپ) ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، شۇ يىلى ئەرلەر ئوتتۇرىدىن



30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، قىزلار گىمنازىيىسىدىن بەش ئوقۇغۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلدى. 1957 -، 1958 - ۋە 1959 - يىللىرىمۇ نۇرغۇن ساندا ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، يۇقىرىقىدەك نىسبەتتە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى ياكى خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىندى.

1948 - يىلىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ بۆلىكى بولغان قىزلار گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا دىپلوم بېرىلمەي، خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش قەغىزىلا بېرىلىپ كەلگەن ئىدى. 1955 - يىلىدىن باشلاپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر تۇتاش خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىپلوممۇ بېرىلىدىغان بولدى.

1959 - يىلىدىن كېيىن، ئىلى دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق يۇقىرىقى ئۇسۇلدا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئىلى ئەرلەر گىمنازىيىسى بىلەن ئىلى قىزلار گىمنازىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقنى پۈتتۈرگەن سىنىپلار غۇلجا شەھەرلىك 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوشۇۋېتىلدى. ئەرلەر گىمنازىيىسىنىڭ ئورنىدا خەنزۇ تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى سىفەن مەكتىپى دەپ ئاتالدى. بۇ چاغدا ئىلى دارىلمۇئەللىمىنى ئىلى 1 - سىفەن مەكتىپى دەپ ئاتالغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى بۆلۈنگەن تارماقلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆرمەتلىك زىيالىيلىرى دەپ ھېسابلىناتتى، ئۇلار

ئەچچە ئون يىللىق ئۆمرىنى ئىلىم ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى-نىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن، ئاخبارات قاتارلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولۇشقا ئەرزىگۈدەك تۆھپىلەرنى ياراتتى.

(ئاپتورى: ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى كومىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئەركىن ھوشۇر
ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# توققۇزاقتىكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسچىسى، پېداگوگ ئابدۇللا رازى ھەققىدە ئەسلىمە

ئۈچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرېھىم رازى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ شابىلىق تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، 30 - يىللاردىلا توققۇزاقتا پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كۆپلىگەن ياراملىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن، دۈشمەن تۈرمىسىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ئارقىلىق مىللەتنى يېگىلىقىقا، تەرەق-قىيپەرۋەرلىككە دالالەت قىلغان ئىلغار زات ئابدۇللا رازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئابدۇللا رازى 1885 - يىلى ھازىرقى كونا شەھەر (توققۇزاق) ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق يېزىسى غوجىلا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆز دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما ۋە مەرىپەتپەرۋەر زات ھەسەن داموللا دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىلا ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇشۇ ئىككىنچى ئاتىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. بالىلىق دەۋرىدە ئەڭ ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، ئاندىن ئاتۇش ئىكساقتا

ئېچىلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ — «ھۆسەيىنىيە» مەكتىپىدە ئوقۇغان. بۇ مەكتەپ بىر مەزگىل ئىستىبدات ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ يېپىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز يۇرتى غوجىلارغا قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق ۋە سودا - ئوقەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

1932 - يىللىرى شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئاتۇش ئىكساقنى مەركەز قىلغان يېڭىچە ئۇيغۇر پەننىي مەكتەپلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۆز مىللىتىنى يېڭىچە مائارىپ ئېڭى بىلەن تەربىيىلەپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن بىلىم ئىگىسى ئابدۇللا رازى ئەپەندى ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئەزىزنىڭ مەسلىھەتدىشى، يۇرتدىشى ئىسمايىل ھەققى دېگەن مائارىپچى بىلەن بىرلىشىپ، توققۇزاق بازىرىدىكى بىر گۆرەكەشنىڭ تاشلىنىپ قالغان بىر ئېغىز ئۆيىنى سوراپ ئېلىپ، 1933 - يىلى توققۇزاق تارىخىدا تۇنجى قېتىم يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرغان. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرىنى مەكتەپكە جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، كەلگۈسىدە ھەرقايسى كەنتلەردە قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ تايانچى خادىملىرىنى تېزرەك يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، توققۇزاقتىكى 40 كەنتنىڭ ھەرقايسىسىدىن تەكشەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئابدۇللا رازىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىلىم - پەننى سۆيىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شۇنىڭدىن باشلاپلا توققۇزاقنىڭ ھەربىر يېزا - كەنتىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. مەسىلەن: ھىلاكۇ، ئويباغ، سىيىتلە، مۇسۇرما، چىغمان، ئۆزۈكچەك، مەنگەن، شوغۇز، قولچا، چارەك قاتارلىق ئون ئورۇندا ئەڭ ئالدى بىلەن ئون مەركىزىي مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇ مەركىزىي



مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا يەتتە - سەككىزدىن ئۇششاق كەنتلەر قارىغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توققۇزاقتىكى ئۆز ۋاقتىدا تەسىس قىلىنغان 40 كەنتنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شۆبە مەكتەپلەر قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئابدۇللا رازى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھېسسداشلىقى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ، قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن ۋە ئۆز يۇرتىدىن بىر قەدەر سەۋىيىسى بار، ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن مۇھەممەت ئىسلام، بەكرىئاخۇن خەلپەت (قوغان ئويباغدىن)، ئەمەت داموللا (پىلالدىن)، روزى ئەيسا (ئىشلەنچىدىن)، ئىسھاق ئاخۇن خەلپەت (باش قۇچچادىن)، ھىلىم قارى (زەمىندىن)، خۇدا بەردى ھاجىم (چارەكدىن)، روزىئاخۇن خەلپىتىم (پىلالدىن)، بەكرى داموللا (زەمىندىن)، توختى مۆيدۈن (ئىشلەنچىدىن)، ئەيسا ئەمەت، ئىمىرخان (ئىشلەنچىدىن)، ئابدۇكېرىم سىدىق (مەنگەندىن)، ئەركەش مۇھەممەت (ئۆزبېك، ئاتۇشتىن) قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يىغىپ تەربىيىلىگەن. ئاندىن ئۇلارنى قەشقەر شەھىرى ئىچىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرىدىغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا كىرگۈزۈپ بېرىپ، بىلىم ئاشۇرغۇزۇپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۆزىنىڭ دەرس ئۆتۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، پىلانلاش، نەتىجە چىقىرىش قاتارلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەرقانداق ئوقۇغۇچىنى ئالتە ئايدا تولۇق ساۋاتلىق ھەم مەلۇم ئاڭغا ئىگە قىلىپ قاتارغا قوشقان. تەتىل كۈنلىرىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنى تەشكىللەپ يېڭى ئۆستەڭدىكى خېنوي خارابىسى، ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام (ھازىرقى مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى)

قاتارلىق جايلارغا ساياھەتكە، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشكە ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇ، يېڭى پەننى مەكتەپلەرنى يولغا قويۇش داۋامىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بارغانلىكى جايلاردا پۇقرالار بىلەن ھەمنەپەس بولغان. بۇلاقلارنىڭ شەكىللىنىشى، يەر قاتلاملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان.

ئابدۇللا رازى پىشقان پېداگوكلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەت ماھىرى، تەنتەربىيە ماھىرىمۇ ئىدى. ئۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەممە تەرەپتىن تەڭ راۋاجلانغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. ئەينى يىللاردا قەشقەردە ھەر يىلى دېگۈدەك تۈرلۈك سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر قېتىمقى چوڭ بايرام، كۆرەك، پاراتلارغا تولۇق قاتناشتۇرۇپ، سەنئەت، تەنتەربىيە تۈرلىرىدە ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ، 1935 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق توپ مۇسابىقىسىدە ئۆزى باشلامچى بولۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر زىيالىيلىرىدىن قۇتلۇق شەۋقى، تۇرسۇن ئەپەندى، مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى، يۈسۈپ زىيائىي، ئەخمەت زىيائىي قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، پىكىر ئالماشتۇراتتى، ھال - مۇڭ بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، قەشقەردىكى خۇراپات - مۇتەئەسسىپلەر ۋە جاھالەت كۈچلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقانىدى. ئۇ ھېيتگاھ جامائەدىكى بىر قېتىملىق چوڭ جامائەت سورۇنىدا، شۇ چاغدىكى مۇتە-



ئەسسىپلەرنىڭ شەيخۇل ئىسلامى بولغان سىلىم ئاخۇن ھامىنى سۆكۈپ، شېئىر - دېكلاماتسىيە ئوقۇپ، كەڭ جامائەتنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ، يەنە ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ، نۇرغۇن شېئىر - غەزەللەرنى يېزىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن، ئىلىم - پەننى، يېڭىلىقنى مەدھىيىلەپ، خۇراپاتلىقنى، جاھالەتنى سۆكۈپ، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ناشايان ئىشلارنى ئەيىبلەپ، ئاۋام خەلقنى ساۋاتلىق بولۇشقا، ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشقا چاقىرغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم - پەننى تەشۋىق قىلىپ يازغان بىر پارچە شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەزىز قەشقەر مەھرۇم قالدى ئىلىم - پەندىن،
قۇتۇلالمىدى خۇراپاتنىڭ كىشەنىدىن.

توسقۇن بولدى سوپى، ئىشان سائادەتكە،
قالدى خەلق غەپلەت، ئۇيقۇ، زالالەتتە.

خۇراپاتلىق ئەڭ زىيانلىق دۈشمىنىمىز،
بۇ يوقالماي، ئوبدان بولماس كەلگۈسىمىز.

خۇدا ئۇرسۇن، مۇتەئەسسىپ، بالاخورنى،
نەپسى يامان، سۆرۈن تەلەت، تەمەخورنى!

ئۇ يەنە، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلالماي، مارازىبى - ماشايىقلارغا چوقۇنۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارنى قامچىلاپ:

ئاپئاق خوجا قىمارخانا بولاركەن،
ياش ئاياللار كەيپ ـ ساپا قىلاركەن،
ئەركەكلەر هاراق ـ شاراب ئىچەركەن،
بۇ ئىشلارنى كۆرمىدىڭمۇ خالايىق.

دەپ يازغان.

ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا توققۇزاق قاتارلىق جايلاردىمۇ يېڭىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار بارئىدى. مانا مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قەيسەر مائارىپچى ئابدۇللا رازى مىللەتنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپنى سۆيىدىغان كەڭ جامائەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭىلىققا قارشى كۈچلەر بىلەن ئېلىشىپ، پاكىت سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ، ئاجىز پۇقرالارغا مەكتەپ ئېچىشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ، ئاۋامنى تەربىيىلەپ، جاهىل كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرغان. ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى شۇكى، توققۇزاق ئۆستىڭىنىڭ سۇ كېلىدىغان «يېڭىلىق» دېگەن كەنتنىڭ توما بېشىدا «تاش موللام» دېگەن بىر تاش هەيكەل بار ئىدى، بۇ هەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۆستەڭگە سۇ كەلمىسە يۇرتتىن كەلگەن دېهقانلار تاش هەيكەلگە ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ، نەزىر ـ چىراق قىلاتتى. بۇ بىر خۇراپىي هەرىكەت بولۇپ، ئىلىم ـ پەنگە زىت ئىدى، بۇنى كۆرگەن ئابدۇللا رازى قاتارلىقلار جامائەتكە نەسىهەت قىلىپ، قۇرۇق تاشقا ئىشەنمەسلىكنى، ئورنىغا ئۆستەڭ چېپىپ، زاكو ـ تومىلارنى ياساپ ۋە رېمونت قىلىپ، تاغ بېشىدىن سۇ ئەكېلىش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەت تۈگىمىگەن. لېكىن، ئابدۇللا



رازى ئىلىم ـ پەنگە هۆرمەت قىلىش، تەبىئەتنىڭ يوشۇرۇن سىرىنى ئېچىپ، خەلقنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، هەرىكەت قوللىنىپ، تاش هەيكەلنى هارۋىغا بېسىپ، ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان ناهىيە مەركىزىگە ئېلىپ بېرىپ، ئەتراپىغا ئوتۇن ـ ياغاچ دۆۋىلەپ ئوت قويغان. تاش تازا قىزىغان چاغدا بىر چېلەك سۇنى چاچقان، بۇ تاش پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن، هېچقانداق سېهرى ـ ئەسنا كۆرۈنمىگەن. ئابدۇللا رازى مانا مۇشۇ جانلىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاممىنى فېئودال ـ خۇراپاتلىققا ئىشەنمەسلىككە، بالا ـ چاقىلىرىنى يېڭى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ساۋاتلىق قىلىشقا، ئىلىم ـ پەنگە، يېڭىلىققا ئىنتىلىپ، تەبىئەتكە قۇل بولماي، سۇ باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئۆستەڭ چېپىپ دېهقانچىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ دادىل هەرىكىتى پۈتۈن يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقنى ئويغىتىشتا ناهايىتى چوڭ رول ئوينىغان. مۇشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن پېشقەدەملەر هازىرغىچە ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى تەرىپلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇللا رازى ئىكساقتىكى «هۈسەينىيە» مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن تارتىپ تاكى توققۇزاقتا تۇنجى قېتىم مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىچە پەننىي مائارىپنى يولغا قويغانغا قەدەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بارلىقىنى خەلق مائارىپىغا تەقدىم قىلىپ، مىڭلارچە شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئىلغار ئىنقىلابىي هەرىكەتلەرگە مەدەت بەرگەن. شۇڭا، مەسئۇل دائىرىلەر ئۇنىڭغا «كۆز ـ قۇلاق» بولغان. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۈركىيىلىك پېداگوگ مەجدۇل ئەپەندى دۆلىتىگە قايتماق بولغاندا، ئابدۇللا رازى يەنە ئىككى نەپەر سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى خەۋپتىن

يىراقلاشتۇرۇپ، قاغىلىق ناھىيىسى ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە يولغا سېلىپ قويغان. نەتىجىدە، مەسئۇل دائىرىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، ئابدۇللا رازى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، قاتتىق قىيناپ سوراق قىلغان. لېكىن، ئابدۇللا رازى سىياسىي زورلۇققا باش ئەگمەي، ئاخىرى 1937 - يىلى دۈشمەن تۈرمىسىدە شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. توققۇزاق خەلقى بۇ مەرىپەتپەرۋەر، مائارىپ جەڭچىسى بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىدۇ.

(ئاپتورلىرى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى

جاپپار رەھىمى

داڭلىق مۇقامچى، ۋەتەنپەرۋەر زات ئايىمخان ھاجى 1898 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تاناي بېشىدا داڭلىق خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەمدۇللا ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇقام ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساۋۇتخان، داۋۇتخان، ھاشىم ھاجى قاتارلىق ئوغۇللىرىنى ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنلاشتا كامالەتكە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى قىزى ئايىمخان ھاجىنىمۇ داڭلىق مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى.

ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىدە مۇقامنىڭ دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇڭلىرى كېچە - كۈندۈز جاراڭلايتتى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن مۇقام ئىشقىۋازلىرى بۇ ئۆيگە جەم بولۇپ، مۇقام ئاڭلاش، ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك مېھماندارچىلىقلار، بەزمىلەر ئۇلارسىز قىزىمايتتى.

كۆزلىرى بولاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان، قەلەم قاشلىق كىچىككىنە ئايىمخان ئەنە شۇ يېقىملىق مۇقام كۈيلىرى ئىچىدە تۇغۇلدى ۋە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ 11 — 12 يېشىدىلا مۇقامنىڭ مۇقەددىمە، تەزە، مەرغۇللىرىدىن كىچىك ئارىيەلەرگىچە چېلىشنى ئۆگەندى. 15 يېشىدا تەمبۇرنى مۇقامنىڭ ئۆزگىرىش-

لىرى بويىچە چالالايدىغان بولدى. 18 ياشلاردا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسى ھاشىمھاجىمۇ يىراق شەھەرلەردە ئىدى. باشقا تۇغقانلىرى بولسا ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ھەلەك ئىدى.

قالۇن، تەمبۇر، ساتار ئاۋازى بىلەن قىزىپ تۇرىدىغان ئايۋان - سارايلار يالغۇز قالغان بۇ مۇقامچى قىزنى سۈكۈت ئىچىدە مۇڭلاندۇردى. ئايىمخان گاھى ساتارنى، گاھى تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ مۇقام ئورۇنلاش بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بولدى. ئۇ، بەزىدە غىزالىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال ئۇنى جىم تۇرغۇزمايدۇ». ئۇ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن توي - مەرىكە، بەزمە - مەشرەپلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سەنئەت پائالىيىتى باشلاندى.

ئايىمخان مۇقامنى كۆپىنچە تەمبۇر بىلەن ئورۇنلايتتى. ئۇنىڭ چېلىش ماھارىتى، ئاۋازىدىكى راۋانلىق ۋە يېقىملىق سېھرىي كۈچ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇڭ، غۇرۇر، شادلىق ۋە مەنىۋى شىپالىق بەخش ئېتەتتى ... ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر شارائىتىدا بۇ چىرايلىق مۇقامچى قىزغا خېلى كۆپ كىشىلەر نىكاھلىنىش تەلىپىنى قويغان ئىدى، لېكىن ئايىمخان ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ يىغامىمۇ، كۈلكەممۇ مۇقام بىلەن يۇغۇرۇلغان، ۋۇجۇدۇمغا مۇقام سىڭىپ كەتكەن. ماڭا نىكاھلىنىش تەلىپىنى قويغان ئاشۇ كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن مۇقامنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئۆمۈر بويى تەنھا ئۆتۈشكە رازىمەنكى، مۇقامدىن ۋاز كەچمەيمەن.»

ئايىمخان ھاجى 1948 يىلى بىرنەچچە ئەر - ئايال ھەج تاۋاپ قىلغۇچى بىلەن بىللە تەمبۇرنى يېنىغا ئېلىپ ھەج



سەپىرىنى باشلايدۇ. ئۇ، ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە كەلگەندە، ئەجەم، چەبىيات مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بومبايدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەرباپلار ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۇقام ئورۇنلاش ماھارىتىگە ئۆز تەرجىمانلىرى ئارقىلىق ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئۇلار ئايىمخان ھاجىغا ئەگەر ھىندىستاندا قېلىشنى خالىسا ئۆي - جاي، يۇقىرى مائاش بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئايىمخان ھاجى: «سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت، مەن ئۆز ۋەتىنىمدە ياشاشنى خالايمەن» دەپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ ۋە 1949 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئايىمخان ھاجى 1950 - يىللاردىن باشلاپ ھەر خىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان يېڭى ناخشىلارنى ياڭراتتى. خەلقنى مۇقامنىڭ جەزبىلىك خۇش ناۋالىرىدىن بەھرىمەن قىلدى. ئون ئىككى مۇقامنى ئۆزىنىڭ بارلىق ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ قوغدىغان ۋە ساقلىغان داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى 1961 - يىلى تەمبۇرنى قۇچاقلىغان ھالدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تەنھالىق ھاياتىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئون ئىككى مۇقامغا ۋە مۇقام كۈيلىرى ئارقىلىق سۆيگەن ۋەتىنىگە، خەلققە بەخش ئەتكەنلىكتىن، خەلق بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

(ئاپتورى: قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# تاسادىپىي قولغا چۈشۈپ قالغان دوكلات كۆپىيىسى

ئەرشىدىن تاتلىق

1957 - يىلى باھار ئايلىرى ئىدى. ئىدارە بويىچە ئومۇمىي تازىلىق يۈرگۈزمەكچى بولۇپ، ھەممە ئىشچى - خىزمەتچىلەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈندى. مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەخمەت زىيائىي، روزى قاسىم ۋە مەن بىلەن بەش - ئالتە كىشى بىر گۇرۇپپا بولغانىدۇق. خىزمەت تەقسىماتى بويىچە، بىز شۇ چاغدىكى رۇس كۇلۇبى (ھازىرقى «دوستلۇق» كۇلۇبى) بىلەن شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى (ھازىرقى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى) ئارىلىقىدىكى لاپاسلىق كارىدورنى تازىلاشقا كىرىشتۇق. بۇ كارىدورغا 40 - يىللاردا چىققان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گېزىت - ژۇرناللار توپ - توپى بىلەن باغلاپ تاشلانغان. بىز ئۇلارنىڭ كارغا كېلىدىغان (سېسىپ - چىرىمىگەن) لىرىنى بىرلەشمىنىڭ قىرائەتخانىسىغا توشۇپ، كېرەكسىزلىرى (چىرىپ كەتكەنلىرى) نى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىدۇق. ئۇنى تۈگىتىپ كارىدورنىڭ يەر يۈزىنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، توروستىكى لىم ياغاچلار بىلەن چەي-



ۋىلەرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان گېزىت - ژۇرناللار ۋە خەت - چەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتۇق. شۇ ئارىدا قولىمىزغا مەشىنىڭ كانىيىدەك چوڭلۇقتا، ئىككى بېشى يېلىملاپ چاپلانغان بىر توپ قەغەز چىقىپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ، «بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇشى مۇمكىن» دەپ، ئۇنى پىچاق بىلەن كېسىپ ئاچتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىن يىپ بىلەن تىكىلگەن خەنزۇچە يېزىقتىكى ئىككى توپ ماتېرىيال چىقتى. مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ، بىزگە مۇنداق دەپ بەرگىنى ھازىرقىدەك ئېسىمدە: «بۇ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا شېڭ شىسەينىڭ ئىشىنى مەخپىي تەكشۈرگىلى كەلگەن بىر خادىمنىڭ يازغان دوكلاتىنىڭ كۆپىيىسى ئىكەن. بۇنىڭدا شېڭ شىسەي تۈرلۈك بەدناملار بىلەن قەتل قىلغان ئادەملەرنىڭ سانى جەدۋەللەشتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭ يەكۈنىدە مۇنداق دېيىلگەن:

1. جاي - جايلاردىن تۇتقۇن قىلىپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر 57000 دىن ئارتۇق. بۇلار ئاساسەن يەرلىك خەلقنىڭ مۆتىۋەرلىرى، يۇرت چوڭلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە، كوممۇنىست دەپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر-دىن باشقا، خەنزۇلاردىن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ ئىنىسىمۇ بار.

2. 1933 يىلى ماخوسەننى قوغلاش باھانىسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىگىچە ئەۋەتىلگەن ئاق ئورۇسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە 1937 يىلى «جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان» دەپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر 30.000 دىن ئارتۇق.

3. «ئالتايغا ئالتۇن كولاشقا بارىدۇ» دەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىپ، ئالتايغا بارىنچە بولغان چۆل - جەزىرىلەردە سۇسىزلىق، ئاچلىق ۋە

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلگەنلەر ۋە ئالتايغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن مىلتىقنى ئوقلاپ ئاتالماي ئۇرۇشتا نابۇت بولغانلارنىڭ سانى 40.000، بۇلارنىڭ جۇغى - جەمئىي 127.000 (بىر يۈز يىگىرمە يەتتە مىڭ) دىن ئارتۇق. ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيەلەرنىڭ قاماقخانىلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى، بىز بۇ ھەقتە ئېنىق ۋە ھەقىقىي سانغا ئېرىشەلمىدۇق».

بۇ ماتېرىيال ئارىمىزدا بىرئاز غۇلغۇلا قوزغىدى. ئاخىر، ئابدۇكېرىم خوجا بۇ ماتېرىيالنى بىرلەشمىنىڭ پارتىيە گورۇپپىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىشقا بۈگۈنكى كۈندە 36 يىل بولدى. بۇ ئىش ھەربىر ئېسىمگە كەلسە، پاجىئەلىك ئۆتمۈشنىڭ قانلىق، خۇنلۇك ۋە يىرگىنچلىك كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنگەندەك بولىدۇ.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى.ئەسقەرى



# ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىم

**مۇھەممەتقۇربان ئېزىزيارى**

## بالىلىق دەۋرىم

ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام ئەسلى كەمبەغەل ئادەم بولسىمۇ، باي بولۇش ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا، دېھقانچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن. مەن ئىككى ياش ۋاقتىمدا، دادام چۆچەكلىك تاجىئوسمانباي دېگەن كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ، غۇلجىدىن بىرنەچچە يۈز يىلقىنى ئالتايغا ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن، ئانام بىلەن بىزنى غۇلجىدا قالدۇرۇپ، ئالتايغا سەپەر قىلغان. كونا جەمئىيەتتە يوللار ئىنتايىن ناچار، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز بولغاچقا، ئەللىك - ئاتمىش كۈن يول يۈرۈپ ئالتايغا بارغىچە يىلقىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئورۇقلاپ، كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ، ئالتايغا 150 دانە ئات ئاران يېتىپ بارالىغان. ئەمما، ئاتلارنىڭ ئورۇقلۇقىدىن ياخشى باھاغا ئېرىشەلمەي، دادام تاجىئوسمانباي بىلەن قىلغان ئات سودىسىدا زىيان تارتقان. شۇنىڭ بىلەن سوپى - سالتاڭ بولۇپ قېلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كېلەلمەي، ئالتايدا تۇرۇپ قالغان. پالىلارنى ئانام بىچارە ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى

تارتىپ، تولىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە بىقىپ ئۆستۈرگەن. ئاكام ئابلىكىم ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەندە، ئاغرىقچان ئانام ئۆز ئۆمرىدىن ئەنسىرەپ، «ھايات چېغىمدا بىر بالام بولسىمۇ ھۈنەرلىك بولۇپ قالسۇن ھەم كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتىمىزنىڭ مەلۇم قىسمىغا سەپ بولا» دېگەن نىيەتتە، ئاكامنى ئاغىلىق ھەسەنباينىڭ تېرە زاۋۇتىغا شاگىرت ئىشچىلىققا بەرگەن. مىنى «قارى قىلىمەن» دەپ، باباخان داموللامنىڭ دىنىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى.

## دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش

شىنجاڭدا جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، دىنىي مەكتەپلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى؛ ئىلى مەكتىپى، تاتار مەكتىپى، ئۆزبېك مەكتىپى، ئورۇس مەكتىپى، خەنزۇ مەكتىپى (شوتاڭ) قاتارلىق مەكتەپلەر پەننى دەرس ئۆتۈش ئاساس، دىنىي دەرس ئۆتۈش قوشۇمچە قىلىنغان مەكتەپلەر بولۇپ، ئوقۇش ھەققى يۇقىرى بولغاچقا، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيالمايتتى. دىنىي مەكتەپلەردە بولسا، پەيشەنبە كۈنى «پەيشەنبىلىك» تاپشۇرۇش كۇپايە قىلاتتى. باباخان داموللامنىڭ مەكتىپى ئۆيىمىزگە يېقىنراق تۆرەم مەھەللىسىدىكى مەسچىتنىڭ يېنىدا بولۇپ، 1928 - يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئانام ئەرۋاھلار روھىنى ئەسلەپ ياغ پۇرىتىپ، بىر تاۋاق قويماق ۋە پوشكال سېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە تۆت مېتىر ئاق خەسە ۋە بىر «لىڭپىياۋ» (شۇ زاماننىڭ قەغەز پۇلى) نى قوشۇپ، مىنى باباخان داموللامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە: داموللام، بالام مەكتەپ يېشىغا توشتى، تەربىيىلىرىڭگە قوبۇل قىلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىپ، بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم. بالامنىڭ گۆشى جانابلىرىنىڭ،



ئۇستىخىنى مىنىڭ① دەپ، مىنى باباخان داموللامغا تاپشۇردى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن باباخان داموللامنىڭ شاگىرتى بولۇپ قالدىم. باباخان داموللامنىڭ مەكتىپى پۈتۈن كۈن ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ ئىدى، جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى. بۇ مەكتەپتە ئىككى ئوغۇللار سىنىپى، بىر قىزلار سىنىپى بولۇپ، ئوغۇللار بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى سىنىپقا ئايرىلغان، قىزلار چوڭ بىر سىنىپتا ئارىلاش ئوقۇيتتى.

باباخان داموللام (ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقى يوق بولغاچقا، باشقىلار بۇ كىشىنى «چولاق داموللام» دەپمۇ ئاتايتتى) ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، يېشى 50 تىن ئاشقان، كەككە ساقال، ئۆتكۈر كۆزلۈك، مىجەزى ئىتتىك، ئۆز سۆزلۈك، خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقىنى ئاسان بىلگىلى بولمايدىغان، كۈلكىسى ئىنتايىن كەم، سۈرلۈك ئادەم ئىدى. ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان شەھىرىدىن بولۇپ، ياش ۋاقتىلىرىدا مەرغىلان ۋە بۇخارالاردا ئوقۇغان، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە نەزەرىيە قائىدىلىرىگە پىششىق، دىنىي ئىلىمگە توشقان ئۆلىما بولغاچقا، خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەت ۋە ئالىي ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. داموللام مىنى ھەسەنجان ئىسىملىك خەلپەتكە تاپشۇرۇپ بەردى. ھەسەنجان ماڭا مەكتەپنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاندىن «ئېلىپبە» ئۆگىتىشنى باشلىدى. مەن بۇ دەرسنى بىر ئايدىلا بىلىپ بولدۇم - دە، ھەسەنجان خەلپىتىمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئىسلام ئەقىدىلىرى دەرسىگە چىقتىم. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئىمان، كەلىمە ۋە مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرىنىمۇ ئۆگەندىم. بۇلارنى پىششىق بىلگەندىن كېيىن، داموللامنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ «ھەپتىيەك» كە چىقتىم. «ھەپ-

① دىنىي مەكتەپكە بالا بېرىشتە ئاشۇنداق دېيىش قائىدە بولۇپ قالغان.

تىيەك» نى سۈرىلەپ ئوقۇشنى پىششىق بىلگەندىن كېيىن، ئۇششاق سۈرىلەرنى ياد ئالدىم. «ھەپتىيەك» نى ئوقۇشقا بىرلەشتۈرۈپ نامازنىڭ نىيەت، پەرز، ۋاجىپلىرىنى ۋە باشقا قائىدىلىرىنى ئۆگەندىم. مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى يىلى دەرسلەرنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملىدىم، ئىككىنچى يىلى قۇرئانغا چىقتىم. ئوتتۇز پارە قۇرئاننى پارىلار بويىچە تەپسىلىي ئۆگىنىپ، سۈرە – ئايەتلەرنى ياد ئېلىپ پىششىقلاش بىلەن بىر يىل شۇغۇللاندىم. ئۈچىنچى يىلى «نامىھەق»، «چاركىتاب»، سوپى ئاللايارنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» ناملىق كىتابى، غوجا ھاپىز شىرازىنىڭ «غەزەلىياتى» قاتارلىق كىتابلىرىنى، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ تەجۋىت، سەرپ، نەھۋى قائىدىلىرىنى ئۆگەندىم.

## قازاق قېرىنداشلار ئارىسىدا

ئانامنىڭ قىرقى نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئانامنىڭ تاغىسى سالى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە تۇراتتۇق. دادامغا يىراقراق تۇغقان كېلىدىغان يۈسۈپباي ئاكا كونەستىن غۇلجىغا سودىگەرچىلىك بىلەن كېلىپ ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «تۇغقىنىمنىڭ بالىلىرى يېتىم قاپتۇ، مەن ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن»، دەپ، ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى كونەسكە ئېلىپ كەتتى. يۈسۈپباي ئاكا ياۋاش – يۇمشاق، بەشۋاخ نامازنى تەرك قىلمايدىغان، دىيانەتلىك كىشى بولۇپ، كونەس ناھىيىسىنىڭ ئۈچكەپتەر دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدە سودىگەرچىلىك ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. غۇلجىدىن گەزلىمە ۋە تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسە – كېرەكلەر ئارتىلغان سەككىز ئات بىلەن يولغا چىقىپ، تۆتىنچى كۈنى كونەسنىڭ بەشتۆبە دېگەن يېرى (ھا-



زىرقى ناھىيە بازىرى) بىلەن ئارالتۆپە دېگەن يېرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۈچكەپتەر دېگەن جايدىكى «ئۆزەن» ناملىق كۈزلەككە يېتىپ كەلدۇق. بۇ كۈز مەزگىلى بولغاچقا، چارۋىچىلار كونەس دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى بۇ كۈزلەكتە تارىختىن ئادىتى بويىچە، كۈزەم يۇڭى ئېلىش، كىگىز بېسىش، تېرىدىن ئاقلاپ قىشلىق ئوزۇقلۇق تەييارلاش، ئاخىرقى قېتىم سېرىقماي ئېلىۋېلىش، قۇرت قاينىتىش، قىشلاۋدىكى قورا – قوپسىلارنى رېمونت قىلىش قاتارلىق قىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشكەن. يۈسۈپباي ئاكا ئاتاڭ ئاۋۇلىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سىردىبايىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا چېدىر تىككەنىكەن، بىز شۇ چېدىرغا چۈشتۇق. ماللارنى بايامبېك ئاغا بىلەن بىللە چۈشۈرۈپ چېدىرنىڭ بىر تەرىپىگە تىزىپ بولۇشىمىزغا، بايامبېكنىڭ ئايالى گۈلجەمىش يەڭگە بىزگە چاي تەييارلاپ بوپتۇ. ھەممىمىز چېدىرغا يىغىلىشتۇق. گۈلجەمىش يەڭگە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بوغۇرساق، قۇرت، ئىرىمچىك، تېرىدىق تالقىنى قاتارلىق مەززىلىك يېمەكلىكلەر ئورالغان داستىخاننى سالدى، يۈسۈپباي ئاكا بازاردىن ئەكەلگەن گىردىنان، قەنتلەرنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى. بىز ۋە ساھىبخانىنىڭ بالا – چاقىلىرى بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. گۈلجەمىش يەڭگىنىڭ چېيى بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېرىپ – ئېچىپ، چاڭقاپ كەلگەن بىزلەر ئۈچۈن بەكمۇ ئىسسىق بېسىپ، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردى، ھاردۇقىمىزنى چىقاردى.

غۇلجا بازىرىدىن يايلاۋغا سودىگەر كەلسە يايلاۋدىكى ھەممە ئاياللار، ئوغۇل – قىزلار «بازارلىق يەيمىز» دەپ يىغىلىدىغان ئادەت بار ئىكەن، بىز ئاتاڭ ئاۋۇلغا بارغان كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىن تارتىپ ئاۋۇلدىكى ھەممە ئۆيلەردىن «بازارلىق يېگۈچىلەر» كېلىشكە باشلىدى. يۈسۈپباي ئاكا

غۇلجىدىن بازارلىق ئۈچۈن ئېلىۋالغان گىردىنان ۋە چاقماق قەنتتىن چوڭلارغا بىر نان، تۆت چاقماق قەنت، بالىلارغا يېرىمدىن نان، ئىككى چاقماقتىن قەنت بېرىپ يولغا سېلىپ تۇردى. ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن «بازارلىق يېگۈچىلەر»مۇ سېلىنىپ قالدى. چارۋىچىلاردا نەق پۇل بولمىغاچقا، ئۇلار شەھەردىن بارغان سودىگەرلەردىن مال ئېلىشتا سانائەت ماللىرىنى چارۋا ماللارغا مەلۇم قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. لېكىن، مۇنداق ئالماشتۇرۇشتا سودىگەرلەر چارۋىچىلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ كېتەتتى، يەنى چارۋىچىلار سودىگەرلەردىن ئالغان چەرچەن مالغا بېرىدىغان بىر ئەر تايىنچا ياكى قوينى ۋاقتىدا بېرەلمىسە، سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئورنىغا غونان ئۆكۈز ياكى قوزىلىق قوي ئۇندۇرۇۋالاتتى، بۇنىڭغا چارۋىچىلارمۇ ماقۇل بولاتتى. يۇسۇپباي ئاكا ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن سودا قىلىپ، مال ئالغىلى كەلگەن خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرىگە رەخت گەزلەپ بەرسە، بەزىلىرىگە ماتا، چەكمەن، مەسكاپ، بەزىلىرىگە بۇلغارى، چەم، بىشۇ ياكى چاي، قەنت ئېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ جىيەن ئىنىسى ياسىنقارى خېرىدارلار ئالغان ماللارغا تۆلەيدىغان تايىنچا ياكى قويلارنىڭ سانىنى خېرىدارلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن قوشۇپ مۇئامىلە دەپتىرىگە يېزىپ ئولگۈرەتتى. كۆزلەكتىكى سودا بىر ئايچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى يۇسۇپباي ئاكا بىللە بىلەن ئۈچكەپتەر يايلاۋىنىڭ سارىچوقى دېگەن يېرىدىكى قىشلاۋغا كۆچۈپ باردۇق. چۈنكى، يۇسۇپباي ئاكا ھەر يىلى چارۋىچىلاردىن يىغىۋالغان ماللارنىڭ قىشلىق ئوتلىقىنى ئوتلاق ئىگىلىرىدىن ئىجارىگە ئېلىپ، ماللىرىنى شۇ يەردە قىشلىتاتتى. يۇسۇپباي ئاكا قىشلاۋغا بارغاندىن كېيىنمۇ سودىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ماللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىپ تۈگەتتى. مۇئامىلە دەپتىرىگە



153 باش تايىنچا، 370 تۇياق بوداق قوي تىزىملىنىپتۇ. ئۇ، بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرىدىن ئۇنىڭ قولىدا بار سىبىر، يىلقا ۋە ترانسپورت ئاتلىرىنىڭ قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن چاپتۇرۇپ قويغان چۆپلەرنى يىغىپ، قىشتىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ، ئېشىپ قالغان مىلىچ ماللارنىڭ سودىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ 1930 - يىلنىڭ قىشىغا كىرىپ كەتتۇق.

1930 - يىلىنىڭ 11 - ئاي مەزگىلىدە، ئاكام تاغ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي، بىر يۇرتلۇق سودىگەر ئىمىن ئاخۇن بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنىدى؛ كېيىن غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆتكۆرۈك مەھەللىسىدىكى ھەسەنبايغا ئۇزۇن يىللىق قورۇ مالىيى بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپ، غۇلجا بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدا كىراكەشلىك قىلىدىغان ئاتچىلارغا ۋاقىتلىق ياللىنىپ، دادامنى ئىزدەپ تېپىش مەقسىتىدە، ئالتايغا كەتكەن. يۇسۇپباي ئاكا 1931 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىدىن باشلاپ ۋاقىتلىق ئادەم ياللاپ، چارۋىچىلاردىكى سودا مېلىنى يىغىشقا كىرىشتى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە يىغىلغان تايىنچا 100 دىن، قوي 300 دىن ئاشتى. بۇ ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەركەك، قالغانلىرى چىشى ئىدى. يۇسۇپباي ئاكا ئېيىغا بىر چوڭ قوي ئىش ھەققى بېرىش شەرتى بىلەن ياللاپ ئالغان كىرىمبەك بىلەن ئىككىمىزنى تايىنچا ۋە قويلارنى بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مەن تايىنچىلارنى باقتىم. شۇنداق قىلىپ، 1931 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ (10 يېشىمدىن باشلاپ) يۇسۇپباي ئاكىنىڭ ھەقسىز ئەمگەك قىلىدىغان پادىچىسى بولۇپ قالدىم.

1930 - يىلى كۈزدە كۆنەس قىشلاۋىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنلا چايدانىنىڭ ئايالى ئەمرە يەڭگە مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ باغرىغا بېسىپ يۈردى. كېيىن ئۇقسام، ئەمرە

يەڭگىنىڭ مەتەن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، 1930 -
يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا 8 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن،
ئۇ ئايالنىڭ قارىشىچە، مېنىڭ رەڭگى - رۇخسارىم ۋە بەزى
ئادەتلىرىم مەتەننىڭكىگە ئوخشايدىكەن. شۇڭا، ئەمىرە يەڭگە
مېنى كۆرسىلا ئوغلى مەتەن كۆز ئالدىغا كېلىدىكەن، شۇ بالى-
سىنىڭ ئوت - پىراقىنى بېسىش ئۈچۈن مېنى بالام دەپ يۈ-
رىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمىرە يەڭگە يۈسۈپباي ئاكى-
نىڭ قېشىغا كىرىپ: يۈسۈپباي، مېنىڭ ئوغلۇم مەتەننى سىز
كۆرگەن، قاراڭا، مەھەممەتقۇرباننىڭ ئىسمىدىن تارتىپ رەڭگى -
رۇخسارى ۋە ئادەت - قىلىقلىرىغىچە ئوغلۇم مەتەنگە ئوخشاي-
دىكەن. مۇشۇ بالىڭىزنى كۆرسەملا ئۆلۈپ كەتكەن مەتەنىم
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. مەھەممەتقۇرباننى بالا قىلىۋالسام دەيمەن،
سىز قانداق قارايسىز، دېدى. يۈسۈپباي ئاكا: بولىدۇ، مەھەممەت-
قۇربان سىزنىڭ بالىڭىز بولسۇن، دېدى ۋە ماڭا قاراپ: مە-
ھەممەتقۇربان بالام، سەنمۇ بۈگۈندىن باشلاپ ئەمىرەنى ئاپا،
قىزى قۇربانقانىنى ئاچا دەپ، ئانا - بالا بولۇپ ئۆتۈڭلار، دېدى. مەنمۇ
ماقۇل بولدۇم. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەمىرە يەڭگىنىڭ بالىسى
بولۇپ يۈردۈم. قىش، ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرى ئەمىرە ئاپىلار بىلەن
بىر يەردە قوشنا بولۇپ ئولتۇردۇق؛ ياز كۈنلىرى ئۈچكەپتەر-
نىڭ شىمالى تەرىپىدىكى قېپىندى بۇلاق دېگەن يايلاۋدا تۇر-
دۇق، كۈزدە يەنە بىر يەرگە جەم بولدۇق. بىز ئايرىلىپ تۇر-
غان مەزگىلدە، ئەمىرە ئاپا «بالامغا» دەپ، قوزىنىڭ قېرىنىغا
توشقۇزۇلغان بىر قېرىن سېرىق ماي، ياخشى قۇرۇتۇلغان بىر
خالتا سۈپەتلىك قۇرۇت ئەكىلىپ بېرەتتى. بىللە تۇرغان كۈز،
قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە بولسا مېنى ھەقىقەتەن ئۆز ئوغ-
لىدەك كۆرۈپ، كىيىملىرىمنى يۇيۇپ ۋە ياماپ، ئۆيىگە ئاپى-
رىپ قوندۇرۇپ ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، ئانىلىق مېھ-
رى بىلەن ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بىرنەچچە يىلنى



ئەنە شۇنداق ئانا - بالا بولۇپ ئۆتكۈزدۇق. مەنمۇ ئۇ كىشىنى
ئاپا دەپ ھۆرمەت قىلاتتىم. لېكىن، كېرىمبەك بىلەن بىللە
يۈسۈپباي ئاكىنىڭ ماللىرىنى بېقىشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ
تۇردۇم. كېرىمبەك مەندىن بەش - ئالتە ياش چوڭ بولغاچقا،
ئەقىل - پاراسەت ۋە جىسمانىي پائالىيەت جەھەتلەردە ئۇنىڭ
ماڭا جىق ياردىمى تېگەتتى. 1931 - يىلى كۈزدە بىز بېقى-
ۋاتقان يىلقا 15 كە، كالا 160 كە، قوي 500 تۇياققا يەت-
تى. كېرىمبەك بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك تەق-
سىماتى بولسىمۇ، ماللارنى بىر دائىرىدە باقاتتۇق؛ ئىشنىڭ ئېغىرىنى
كېرىمبەك ئۈستىگە ئالاتتى. مەسىلەن: مەن بېقىۋاتقان كالىلارنىڭ
يىراقلارغا پىتىراپ كەتكەنلىرىنى يىغىپ ئەكىلىپ بېرىش، يوقى-
لىپ كەتكەن تايىنچىلارنى ئاۋۇل ئارىلاپ يۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ
ئەكىلىپ بېرىش، مال قوراللىرىنى تازىلاش، قورانىڭ قىغلىرىنى چى-
قىرىش ۋە قۇرۇتۇش، چۆپ چېپىش، چۆپ توشۇش ۋە چۆپ-
لەرنى قوروغا ئەكىلىپ بېسىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممى-
سىنى كېرىمبەك قىلاتتى. ئاۋۇل ئارىلاپ يۈرۈپ سودا قىلى-
دىغان غوپۇر ئاكا ئىسىملىك كىشى بىر كۈنى يۈسۈپباي ئاكى-
نىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قالغانىدا، ئۇ كىشىنىڭ سېپىغا
سىم ئورالغان چىرايلىق قامچىسى تالاغا چۈشۈپ قالغانىكەن.
مەن ئۇنى تېپىۋېلىپ، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالماقچى بولغانلىقىمنى
كېرىمبەككە ئېيتسام، ئۇ ماڭا: كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ
قىلىۋېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس، قامچىنى ئىگىسىگە بېرىۋەت»
دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ نەسىھىتى بويىچە مەن قامچىنى
غوپۇر ئاكىغا تاپشۇرۇپ بەردىم.

مەن 1930 - يىل كۈزدىن 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە
كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئۈچكەپتەر دېگەن يېرىدە يۈسۈپباي
ئاكىغا پادىچى بولۇپ مال بېقىش جەريانىدا، قازاق قېرىندا-
شلار ئارىسىدا تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، قازاقچە تىلنى پىششىق

ئۆگەندىم؛ قازاقچە يېزىقتا چالا ساۋاتلىق بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي سۆزلەرنى يازالايدىغان، ئوقۇيالايدىغان بولدۇم؛ قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، رەسىم - قائىدىلىرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇم؛ چارۋىچى قېرىنداش- لارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈكۈپ، مال بېقىش جەريانىدا تۆگە، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق بەش تۈرلۈك مالنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، چارۋا رايونىنىڭ تۆت پەسىلدىكى خۇسۇسىيەتلىرى، ئوتلاق شەرت - شارائىتلىرى بىلەن تونۇشتۇم. 1932 - يىلى كۈزدە يۈسۈپباي ئاكا سودىگەر- چىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 200 قوچقار، 50 ئۆكۈز، 10 ئاتنى ھەيدەپ، بىرنەچچە يۈز دانە تۈلكە، بۆرە، سۇغۇر، بورسۇق، قارساق تېرىلىرى ۋە بىرنەچچە يۈز كىلو كۈزەم يۇڭ قاتارلىق ماللارنى 10 ئاتقا ئارتىپ غۇلجىغا كەتتى. مەن كېرىمبېك ۋە ياپيامبېكلەر بىلەن ئۆچكەپتەردە يۈسۈپباي ئاكىنىڭ قالغان ئات، كالا، قويلىرىنى بېقىپ قېپقالدىم. شۇ مەزگىلدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق گەپ - سۆزلەر تار- قىلىپ يۈردى:

— قۇمۇلدىن خوجا نىياز ھاجى ئىسىملىك بىر باتۇر چىقىپ، قۇمۇل خەلقىدىن ئەسكەر ئۇيۇشتۇرۇپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇمىش؛ ئۇ، چوڭ ئۆلىما كىشى ئىكەن، ئىسلام ئاچقۇدەكمىش، ھۆكۈمەت ئەسكەر- لىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپ نۇرغۇن قورال - ياراقلارنى ئولجا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقۇدەك. قوزغىلاڭچىلار بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلماي قالمايدىكەن... خەلق ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىدىكەن...

— تۇرپاندىمۇ مەخمۇت ئىسىملىك بىر باتۇر چىقىپتۇ- مىش، ئۇ، غوجانىياز ھاجى بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ، تۇرپاندىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇدەك...



— گورە جياڭجۇنى خەلقتىن نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ تۇرپان، قۇمۇل تەرەپكە ماڭدۇرغۇدەك دېگەن سۆز راست ئوخشىمامدۇ؟... ئۇلار ھازىر غۇلجىنىڭ سەھرالىرىدىن ئەسكەر ئېلىۋاتقۇدەك؛ كۈنەس دائىرىسىدىمۇ ئەسكەر ئېلىپ، داغىتى داۋىنىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، سىرتتىن كېلىدىغان خەۋپكە تاقابىل تۇرغۇدەك...

## ئەسكەر ئېلىش

گورە جياڭجۇنى 1932 - يىلىنىڭ بېشىدا تېكەس ناھىيىسىنىڭ شاتى دېگەن يېرىدە (ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن چېگرىداش) ۋە كۈنەس ناھىيىسىنىڭ داغىتى داۋىنىدا (قاراشەھەر ۋىلايىتى بىلەن چېگرىداش) ھەربىي قاراۋۇل- خانىلار قۇرۇشنى، بۇ قاراۋۇلخانىلاردا تۇرغۇزۇلىدىغان ئەسكەرلەرنى يەرلىك خەلقتىن ئېلىشنى قارار قىلىپ، يېزا - كەنتلەر ۋە ئاۋۇل - قىشلاقلارغا، شەھەر رايونىدىكى مەھەل- لىلەرگە يېڭىدىن ئېلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىپ ۋەزىپە چۈشۈرگەن. ھەتتا بۇ ئەسكەرلەرگە كېرەكلىك ئات، ئېگەر - توقۇم، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈكلەر- نىمۇ خەلقتىن ئېلىشنى بەلگىلىگەن. داغىتى داۋىنىدا قۇرۇل- دىغان قاراۋۇلخانىنىڭ ئورنى بېكىتىلىپ، ئەسكەر سانى مۇقىملانغاندىن كېيىن، ئاتاك ئاۋۇلغا تەقسىم قىلىنغان بىر ئەسكەرنى نەدىن ئېلىش ۋە كىمنى چىقىرىشنى ئاۋۇل ئاق- ساقاللىرى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئاخىر كەمبەغەل چارۋىچى مەردانىنىڭ ئوغلى بىسەمبەكنى چىقىرىشنى، بىسەم- بەكنىڭ ئەسكەرلىكتە تۇرغان مەزگىلىدىكى ھەر ئېيىغا ئىككىدىن قوي بېرىپ ئۇنى يالاپ ئېلىشنى؛ ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئات، ئېگەر، كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇقنى مىشىپەت، ئىسپەر قاتارلىق

كىشىلەر چىقىرىش، ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىككى قوينى بارچىباي، كۆمۈش، سىردىباي، چېكىباي قاتار-لىق كىشىلەر چىقىرىشنى قارار قىلىشتى. مەردان ئاغا مىش-پەتلەرگە قوشنا تۇرىدىغان، ئەمما قەبىلىسى بۆلەك بىر كەمبەغەل چارۋىچى بولۇپ، باشقىلارغا ئەمگەك كۈچىنى سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ چوڭى بېسەمبېك 20 ياشتىن ئاشقان، كۈچلۈك بەدەن، قاۋۇل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت ئىدى.

ئاكا - ئۇكا مىشپەت ۋە ئىسپەرلەر بېسەمبېككە ئاتاپ قارا مەلىسكىنىدىن پاختىلىق شىم - تۇجۇركا، ئاق ماتادىن ئىككى قۇر كۆڭلەك - تامبال، ئىچى تۆگە جاۋغىسىدىن، تېشى تېرىكىدىن قىلىنغان جۇۋا، قولاقچا، مەسكاپتىن ئىشلەنگەن ساپلىما ئۆتۈك، پايتىمىلىق ئۈچۈن ئىككى دانە ئاق ماتا، كىگىز پايپاق، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق، بىر پارچە كىگىز قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاتاڭ ئاۋۇلنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى (چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال بولۇپ يۈزدەك ئادەم) مىشپەتنىڭ ئۆيىگە جەم بولدى. ئۇلار مال سويۇپ، قازان ئېسىپ، خەتمە تالاۋەت قىلىپ، بېسەمبېكنى ئەسكەرلىككە ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆت-كۈزدى. جامائەت غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، يۇرت نامىدىن بېسەمبېككە ئامانلىق تىلەپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇلۇپ، داس-تىخان ئۈستىدە پاتىھە بېرىلدى. ھەممەيلەن سىرتقا چىققان-دىن كېيىن يۇرت جامائىتى، بېسەمبېكنىڭ ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، بولۇپمۇ بېسەمبېكنىڭ سۆيگىنى ئۇمىتقان قايغۇلۇق كەيپىياتقا چۆمدى. ئۇلار «ئەگەر خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا، بېسەمبېك-نىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قالارمۇ؟...» دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. ئاۋۇل ئاقساقاللىرى قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ،



قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بېسەمبېككە ئامانلىق تىلەپ ئاللاغا مۇراجىئەت قىلدى. بېسەمبېكنىڭ ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ۋە سۆيگىنى ئۇمىتقان ئايرىلىش داغىغا چىدى-ماي يىغا - زارە قىلىشتى. بېسەمبېكنىڭ ئانىسى كۆلاش يەڭگە بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ: ھەر جايدا بولساڭ، ياراتقان ئاللا بالا - قازادىن ئامان ساقلاپ، دىدار كۆرۈشۈ-شىمىزگە نېسىپ قىلغاي، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم بالام...، دەپ يىغلاپ خوشلاشتى. بولۇپمۇ ئۇمىتقان تولىمۇ مىسكىن ھالەتكە چۈشۈپ، بېسەمبېكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارىغان پېتى بۇقۇلداپ يىغلاپ، «خوش، ئامان بول» دېگەن-دىن باشقا سۆز قىلالمىدى. بېسەمبېك بولسا، بىر تۇغقان-لىرىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ، پېشانىسىدىن سۆيدى؛ دادىسى مەردان ئاغىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئانىسىنى قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ، رازىلىق سوراپ خوشلاشتى؛ ئاندىن يۇرت جامائىتىگە قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئەل - يۇرتقا ئامانلىق تىلىدى. ئاخىردا، ئابدىقادىر زەڭگى (بەگ) نىڭ چاپارمەنى مۇقۇش ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان چىرايلىق ئېگەر - جابدۇقلۇق سېمىز ئايغىرنى ئەكىلىپ، بېسەمبېكنى ئاتلاندۇردى. بېسەمبېك ئايغىرغا مىنىپ، يۇرت جامائىتىنى ئايلىنىپ رازىلىق سوراپ، ئەسكەرلىككە يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ، سۆيگىنى ئۇمىتقاندىن رىشتىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا كەي-نىگە قاراپ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇزاقلارغىچە خوشلىشىپ ماڭدى.

مەلۇم بولۇشىچە، داغىتى داۋىنىدا قۇرۇلغان قاراۋۇل-خانىنىڭ باشلىقى لوي دارىن دېگەن خەنزۇ كىشى بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرغۇزۇلغان بىرلىيەن ھەربىي قوشۇنىنىڭ ھەممىسى يەرلىك قازاق ياشلىرىدىن ئىكەن؛ ليەنجاڭى بېگىمبېت، ئىلىنىڭ ئالاقچىسى مەقسۇت، مۇئاۋىن ليەنجاڭى يەن فامىلى-

لىك خەنزۇ ئىكەن؛ بۇ لىيەن ئۈچ پەيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پەيلەرنىڭ پەيجاڭلىرى خەنزۇ، مۇئاۋىن پەيجاڭلىرى جەكچىلەر ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغان قازاق ياشلىرى ئىكەن، قاراۋۇلخانىنىڭ باشلىقى، لىيەنجاڭ ۋە مۇئاۋىن لىيەنجاڭلارنى كۆرە جياڭجۈن مەھكىمىسى تەيىنلىگەن، پەيجاڭ ۋە مۇئاۋىن پەيجاڭلارنى جياڭجۈن مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇق بويىچە لۈي دارىن لىيەنجاڭلار ۋە ئالاقىچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلىگەن. بىسەمبەك ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، قاۋۇللىقى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ، پەيجاڭلىققا تاللانغان ۋە بىرىنچى پەينىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن.

بۇ خەۋەر ئۈچكەپتەر ئاۋۇلىغا ناھايىتى تېز يېتىپ كەلدى. بىسەمبەكنىڭ سۆيگىنى ئۇمىتقان ئۇنىڭغا سېغىنغان يۈرىكىدىن مۇنداق بېيىت قوشۇپ خەت ئەۋەتكەن:

ئۈچكەپتەردە ئوت ياقسام،
داغىنىدا تۈتۈنى.
مۇھەببەتتە كۆيگەنىنىڭ،
بارمىدۇ يۈرىكى پۈتۈنى.

سىز ئەسكەرگە ماڭغاندا،
كېلەر دېگەن ئۈمىدىم.
سىزنى قاچان كېلەر دەپ،
يولىڭىزغا تەلمۈردۈم.

بىسەمبەك ئۇمۇتقاننىڭ سالام خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇمۇتقاننى سېغىنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ سالام خەت يېزىشنى كۆپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما چالا ساۋات بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي مەشق ناھايىتى جىددىي بولغانلىقى سەۋەبلىك، جاۋاب خەت يازالمىغان. ئۇمىتقان سۆيگىنى بىسەمبەكتىن خەت كەلمىگىنىگە قارىماي، يۇقىرىقىدەك بېيىت قوشۇلغان سالام خەتلىرىنى داۋاملىق يېزىپ تۇرغان.



## پىرى ئويۇنچىنىڭ ئاقىۋىتى

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا يېزا ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەركىتى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرىنىڭ قۇترىتىشى ۋە باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن رۇس، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ قېرىنداشلاردىن خېلى زور بىر تۈركۈم كىشىلەر شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. شۇلاردىن بىرى بولغان قادىرچا ئاپا چوڭ ئوغلى ئىبراخمەت، ئىسلامبەك، قىزى گۈلسارا ۋە كىچىك ئوغلى سەلىملەرنى ئەگەشتۈرۈپ، قازاقىستان زېمىنىدىن ئىلى تەۋەسىگە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ، 1932 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە مەن تۇرغان ئاتاڭ ئاۋۇلىنىڭ ئاقساقىلى بارچىباينىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنى بارچىباي ۋە ئۇنىڭ ئايالى نۇرساغى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ قېشىغا كونىراق ئالتە قانات كىگىز ئۆي تىكىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە مەلۇم ۋاقىت ئۆزلىرى بىلەن ھەمداستىخان قىلىپ بىللە ئۆتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ مىنىشىگە ئات، سېغىپ ئىچىشكە موزايلىق سىيىر، ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن قوي، ئۆچكە قاتارلىق ماللارنى بېرىپ، ئۇلارغا باشپاناھ بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر دەسلەپتە «بۇ مېھمانلار بارچىباي ئائىلىسى بىلەن ئۇرۇغ - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر بولسا كېرەك»، دەپ قارىغانىدى. لېكىن، كېيىن بارچىباينىڭ قادىرچا ئاپايغا باشپاناھ بولۇشى ئۆزئارا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدىن ئەمەس، بەلكى «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، قادىرچا ئاپاينىڭ ئونبەش ياشلىق گۈزەل قىزى گۈلساراغا كۆزى چۈشكەنلىكىدىن بولۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى.

گۈلسارا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇغۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پەننىي مەكتەپنىڭ 7 ـ سىنىپىنى پۈتتۈرگەن گۈزەل قىز ئىدى.

يەتمىشتىن ئاشقان ساۋاتسىز چال بارچىباي ئۆزىنىڭ نەۋرىسىدەك گۈلسارانى كۆرۈش بىلەنلا، شەھۋانىيلىقى قوزغىلىپ، ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشنى قەستلىگەن. ئۇ، بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، قادىچا ئاپاينىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، مۇساپىر قادىچا ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۆي ـ جاي، مىنىشى ئۈچۈن ئۈچ ئات، سېغىنىشى ئۈچۈن ئىككى موزايلىق سىيىر، يېيىشى ئۈچۈن 20 تۇياق قوزىلىق ساغلىق، 15 تۇياق ئوغلاقلىق ئۆچكە قاتارلىق ماللارنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بارچىباي تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، مالغا زورلاپ، ئاخىر 1932 ـ يىلى كۈزدە بىچارە گۈلسارانى، نارازىلىقىغا قارىماي، زار قاقشىتىپ، كىچىك خوتۇنلۇققا ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەركىن ئۆسۈپ، مەلۇم مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ياش گۈلسارانىڭ يەتمىشتىن ئاشقان چالغا كىچىك خوتۇنلۇققا سېتىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىش بولدى. ياش گۈزەل ھاياتىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىدىغان بۇ بەختسىزلىكتىن بىزار بولغان گۈلسارا ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ، زار ـ زار قاقشاپ، ئاخىر نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ، بىر تۇرۇپ يىغلاپ، بىر تۇرۇپ كۈلۈپ، يا ئۇخلىماي، يا تاماق يېمەي، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ قالىدىغان، بىر يىقىلسا بىر نەچچە سوتكا ھوشسىز ياتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. سوغۇق چۈشكەندىن كېيىن، گۈلسارانىڭ كېسىلى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. قادىچا ئاپا قىزىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە



ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ، يېگىنى ئاش بولماي، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئازغىشىپ كېتىدىغان، بىر يەردە تۇرسا پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىدىغان ۋە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان سەۋدايى بولۇپ قالدى. گۈلسارانىڭ چوڭ ئاكىسى ئىبراخمەت، كىچىك ئاكىسى ئىسلامبېك، ئىنىسى سەلىمەلەرمۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ ئاجايىپ بىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قېلىشتى. بارچىباي ۋە ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى نۇرساغى بولسا، ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىش ـ كۈشلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىچارە گۈلسارانىڭ ئەھۋالىغا «پەرۋايىم پەلەك» دېگەن پوزىتسىيىدە ئىدى.

قىزى گۈلسارانىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق غەمگە چۈشكەن قادىچا ئاپاينىڭ ئاھ ـ زارى پەلەككە يەتكەندىن كېيىنلا، قولۇم ـ قوشنىلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىرى «گۈلسارىغا شامال دارىپ قاپتۇ. موللىغا ئوقۇتايلى» دېسە، بىرى «گۈلسارىغا جىن چېپىلىپتۇ، پېرى ئوينىتايلى» دېيىشىپ، تۈرلۈك خۇراپىي مەسلىھەتلەرنى بېرىشتى. جامائەت نۇرغۇن غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئاخىر گۈلسارىغا «جىن چېپىلىپتۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، پېرى ئويناتىش قارارىغا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، 1933 ـ يىلى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بارچىباي ئۆزىنىڭ قويچىسى نەسلىبېكنى بەشكۆرۈك دېگەن يەردىكى مۇسا باخشىنى ئېلىپ كېلىشكە ئىككى ئات بىلەن ئەۋەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇسا باخشى يېتىپ كەلدى. باخشىمۇ گۈلسارىنى كۆرۈپ «جىن چېپىلىپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، پېرى ئوينىتىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

باخشى پېرى ئويناش كۈنىنى پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە كۈنلىرىگە بېكىتتى: بىرىنچى كۈنى ئاقسارباس قوي (سېرىق

باش ئاق قوي) غا، ئىككىنچى كۈنى كۆك دۆنەن ئۆكـۈزگە،
ئۈچىنچى كۈنى ئاق بوز ئاتقا ئوقۇپ گۈلسارىغا چاپلاشقان
جىننى كۆچۈرىدىغانلىقى ۋە بۇ ئۈچ مالنىڭ ھەر بىرىنىڭ بويـ
نىغا 3 مېتىردىن جەمئىي 9 مېتىر ئاق خەسە تەييارلاش لازىمـ
لىقىنى ئېيتتى. بىرىنچى كۈنى پېرى ئويناتقاندا ئىشلەتكەن ئاقـ
سارباش قوينى سويۇپ خام تالاش قىلىۋەتتى. ئىككىنچى
ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرى پېرى ئويناتقاندا ئىشلەتكەن ئۆكۈز بىلەن
ئاتنى بويىنىغا باغلانغان رەختلەر بىلەن بىللە باخشى ئـۆزى
ئالدى. پېرى ئوينىتىش ۋاقتىدا، بارچىباينىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا تۇغ تىكىلىپ، ئاۋۇلدىكى ئەر - ئايال، ياش - قېـ
رى ھەممىسى چاقىرىلدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ كىرىپ ئولتۇرـ
دۇم. تۇغ تىكىلگەن ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن گۈلسارانىڭ
پەلەككە يەتكەن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يىغلاۋېرىپ
ھالىدىن كەتكەن بىچارە گۈلسارانى ئانىسى قادىرچا ئاپاي ۋە
يەنە ئىككى ئايال يۆلەشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ، تۇغ تىكىلگەن
ئۆيگە ئەكىرىپ تۇغقا ئېسىلدۇرۇپ قويدى. مۇسا باخشى داپ
چېسىغا داپ چالدۇرۇپ، ئۆزى خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ، پىر-
ىخۇنلۇق ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، گۈلسارانى تـۇغ ئايلانـ
دۇرۇپ خەنجەرلەپ، سوپكەش قىلىپ، ئۇنىڭغا چاپلاشقان جىنـ
نى «كۆچۈردى». ئۇزاقتىن بۇيان دەرد - ئەلەملەر دەستىدىن
ئىرۋىسى بۇزۇلۇپ، ئەقلى - ھوشىدىن ئېزىپ، تېنى ئاجىزلاپ
كەتكەن گۈلسارا تۇغنى بىر قېتىم ئايلىنىپلا ھوشىدىن كېتىپ
يەرگە يىقىلدى. باخشى ئۇنى يۆلەپ تۇرغـۇزۇپ تۇغ ئايلاندۇرـ
ۇشنى باشقىلارغا بۇيرۇپ، ئۆزى سوپكەش قىلىشنى داۋاملاشـ
تۇرۇۋەردى. بۇ پىرىخۇنلۇق گۈلسارا ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم
ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولدى. باخشىنىڭ ئويۇنى يۇقىـ
رى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، باخشى ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنى «خۇـ
داغا نالە قىلىپ ھۇم سوقۇش» قا بۇيرۇدى. كۆپچىلىك كۆـ



زىنى يۇمۇۋېلىپ، بېشىنى يۇقىرى - تۆۋەن چايقاپ: ھۇم، ھۇم،
ھۇم ئاللاھۇم... دەپ توۋلىدى. بەزىلەر ھارغىنلىقنىڭ تەسىرـ
دىن، ئاغزىدىن شال ئېقىتىپ يېتىپ قالغانىدى. مۇنداق كىـ
شىلەرنى باخشى «ئېسەرى بار كىشىلەر» دېدى. گۈلسارا مۇشۇ
تەرىقىدە پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە ئۈچ كۈن كەچتە مەجبۇرىي پىـ
رى ئوينىتىلدى. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرى مۇسا
باخشى گۈلسارىغا ئوقۇلغان پىرىخونلۇقنىڭ ئاۋۇلدىكى تەسىرـ
نى كۆزەتكەچ، باشقا ئەر - ئاياللار ۋە بالىلاردىن ئاغرىقى بارـ
لارنى بىر قۇر كۆرۈپ، دۇرۇت ئوقۇپ ۋە سوپكەش قىلىپ، بەـ
زىلەرگە تۇمار پۈتۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ «ئاتىغان» لىرىنى ۋە گۈلـ
سارىغا پېرى ئوقۇغاندا «ئاتالغان» كۆك ئۆكۈز بىلەن ئاق بوز
ئاتنى ئالدى - دە، ئاۋۇل بىلەن خوشلىشىپ، يولىغا راۋان
بولدى.

پېرى ئوينىتىلغاندىن كېيىن، گۈلسارا ياخشىلىنىش
ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. ئىلگىـ
رى ئالا - جوقا سۆزلىسىمۇ ئاز - تولا گەپ قىلىپ، مىدىرـ
لاپ يۈرگەن گۈلسارا ئەمدى تېخىمۇ زەئىپلىشىپ، تىلىدىنمۇ قېلىپ،
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئاخىر گۈلسارانىڭ گۈزەل ياشـ
لىق باھارى خازان بولۇپ، ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئېچىنىشلىق
ھالدا پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، 16 يېشىدا باقىي دۇنياغا
سەپەر قىلدى. گۈلسارانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى قادىرچا
ئاپا بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن ھەسرەت چېكىپ، جانجىگەر يالـ
غۇز قىزىنىڭ پىراقىدا كېچە - كۈندۈز يىغا يىغلاپ، سالامەتلىـ
كىدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇمۇ بۇ دۇنيادىن كەتتى.
گۈلسارانىڭ چوڭ ئاكىسى بىرەخمەت، كىچىك ئاكىسى ئىسلامـ
بېك، ئىنىسى سەلىمىلەرمۇ بۇ تۈگىمەس ھەسرەت - نادامەتلىك
پاجىئەگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بارچىباي ۋە نۇرساغى ئاـ
پايدىن، شۇنىڭدەك ئاتاڭ ئاۋۇلدىنمۇ بىزار بولۇپ، بەشكۆرۈك

دىگەن جايدىكى ئۆز يۇرت ۋە دوست - يارەنلىرىنى پاناھتارتىپ،
كېيىنكى ھاياتىنى شۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇ
تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى.

## پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشۇم

1933 - يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، غۇل-
جا شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلار كونەس ناھىيىسى-
نىڭ ئۇچكەپتەر قىشلاقلىرىغىمۇ ناھايىتى تېز يېتىپ باردى، مەن-
دە غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمىدە ئېچىلغان
مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى. يۈسۈپباي ئاكىنىڭ
1933 - يىلى كۈزدە يۇرتدىشى موللا يونۇس تۆگىچىنىڭ قىزى
مەريەمخان ھەدىگە ئۆيلىنىپ، غۇلجا شەھىرىدە ماكان تۇتۇشى
مېنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشۇمغا ئەپلىك شارائىت يارىتىپ
بەرگەنىدى، مەن بۇ ئارزۇيۇمنى يۈسۈپباي ئاكىغا ئېيتتىم، ئۇ كې-
يىن تەلىپىمگە ماقۇل بولۇپ، 1934 - يىلى 12 - ئايدا مې-
نى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۆيىگە ئەكىرىپ، مەتيۈسۈپھاجى قاتار-
لىق ئىلغار بايلار مەبلەغ چىقىرىپ يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى
ئۈچۈن ئاچقان «غۇلجا خەيرىيە مەكتىپى» گە ئوقۇشقا بەردى.
غۇلجا خەيرىيە مەكتىپى 1934 - يىلىنىڭ
10 - ئېيىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، دەسلەپ ئۈچ
سىنىپ تەشكىل قىلىنغان (تەييارلىق سىنىپ، بىرىنچى سىنىپ،
ئىككىنچى سىنىپتىن ئىبارەت). خەلق باشقۇرۇشىدىكى بۇ مىل-
لىي پەننىي مەكتەپ ئىگىسىز يېتىم - يېسىرلەرنى ۋە كەمبەغەللەر-
نىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى نىشان قىلغان. مەن بىرىنچى سى-
نىپقا كىردىم. 1934 - ۋە 1935 - ئوقۇش يىللىرىدا غۇلجا
شەھىرىدىن كىرگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار،
خۇيزۇ، رۇس (مەسىلەن، زويا ئىسىملىك بىر رۇس قىزى بىز-



نىڭ سىنىپىمىزدا ئۇيغۇرچە ئوقۇيتتى) قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
پەرزەنتلىرىدىن 100 دەك بالا ئوقۇدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى
كىيىم - كېچەك، كىتاب، دەپتەر - قەلەم قاتارلىق ئوقۇش
بۇيۇملىرى ۋە مەلۇم تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەپ تۇر-
دى. لېكىن، مەكتەپتە تاماق ۋە ياتاق يوق ئىدى. ئاتا - ئانى-
سى بار بالىلار ئۆز ئۆيلىرىدە، ئاتا - ئانىسى يوق بالىلار
تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپاتتى. بۇ مەكتەپنىڭ مەتيۈ-
سۈپ ھاجى، نەجمىدىن ئەزىزى، تۇردى ئاخۇن، ئايخان ئانا،
مەھەممەت ھەسەن خەلپىتىم، سايىم ئاخۇن، تالدىقورغان،
ئابلا ماخمۇدى، قاسىم ئاخۇن قاتارلىق ئىلغار زاتلاردىن تەر-
كىب تاپقان مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى بولۇپ، مەتيۈسۈپ
ھاجى ھەيئەت مۇدىرى ئىدى. مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ
قارىمىقىدا مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسى قۇرۇلغان. مەكتەپ
مۇدىرى زۆھرە خانىم، مۇئەللىملىرى: ئايپان ئەلى، رەمزىيە ئىل-
قىبايېۋا، مەھەممەت ئەپەندىلەر ئىدى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر:
ئانا تىلى، ھېساب، تەبىئەت، تەنتەربىيە، خور، رەسىم، ئىسلام
دىنى قائىدىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، 3 - سىنىپتا يەنە خەن-
زۇ ۋە رۇس تىللىرى دەرسىمۇ ئوقۇلاتتى. كېيىن 4 - سىنىپ-
مۇ قۇرۇلدى. مەن 4 - سىنىپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئوقۇدۇم.
بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىز ئۇدا تۆت يىل رەمزىيە ئىلقىبا-
يېۋا بولدى. بۇ تەربىيىچىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا سىلىق مۇئا-
مىلە قىلىشى، كىچىك پېئىللىقى، دەرسنى ئەستايىدىل ئۆگىتى-
شى بىزدە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. مەن بۇ
مەكتەپكە 13 ياشتا كىرگەنىدىم. بۇرۇن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇ-
غانلىقىم، يېشىمنىڭ باشقىلاردىن چوڭراق بولۇشى، بىلىم
ئېلىش قىزغىنلىقىمنىڭ ئۈستۈنرەك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بول-
سا كېرەك، مەن دەرستە ئەلاچى، تەرتىپ ئىنتىزامدا ئاۋانگارت
ئىدىم. شۇڭا، ھەر يىلى تەقدىرنامە بىلەن مۇكاپاتلىنىپ تۇ-

راتتىم. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش، تەنتەربىيە، سانائەت - نەفىسە، تۇرمۇش ۋە ئىنتىزام ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ سايلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ قالدىم. مەن يۈسۈپباي ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئۆي ئىشىغا ياردەملەشكەچ ئوقۇۋاتتىم. لېكىن، سىنىپىم يۇقىرىلىغانسېرى بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مەكتەپتە دەرستىن سىرتقى پائالىيىتىم كۆپىيىپ كېتىپ، ئۆي ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. يۈسۈپباي ئاكا بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، كۈنەس ئۇچكەپتەردىكى ئۆيىدە مال بېقىۋاتقان يالىقچىلىرىدىن كېرىمبېكنى ئەكىلىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا قويدى. لېكىن، مەنمۇ مەكتەپتىن قايتقان ۋاقىتلىرىمدا كېرىمبېكنىڭ ئىشلەپ بولالمىغان ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

1937 - يىلى كەلگەندە خەيرىيە مەكتىپىدە 5 - سىنىپ ئېچىلمىغاچقا، مۇدىرىيەت ئىشخانىسى غۇلجا ئۈچ دەرۋازىدىكى 5 - مەكتەپ يەنى «ھۈسەينىيە» مەكتىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، مېنى شۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا يۆتكىدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار تولىراق ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولغاچقا، ھەر بىر ئوقۇغۇچى دەپتەر، قەلەم، قەغەز، سىياھ قاتارلىق ئوقۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى تەييارلىغاندىن تاشقىرى، يەنە مەكتەپكە مەلۇم ساندا يىللىق ئوقۇش خىراجىتى تۆلەيدىكەن. ئىككى مەكتەپ كېڭىشىپ، مېنىڭ يېتىم بالا ئىكەنلىكىمنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئوقۇش خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان؛ كىتاب، دەپتەر، قەلەم، قەغەز، سىياھ قاتارلىق ئوقۇش بۇيۇملىرىنى خەيرىيە مەكتىپى تەمىنلەيدىغان بولدى. مەن 5 - ۋە 6 - سىنىپنى 1937 - يىلى 9 - ئايدىن



1939 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. مەن ھۈسەينىيە مەكتىپىگە يۆتكىلىپ بېرىپ ئىككىنچى يىلى يەنى 1938 - ئوقۇش يىلىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى مېنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1938 - يىلى 5 - ئايلارنىڭ بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات ئەترىتى ئۈچدەرۋازا مەھەللىسىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغانىدى. شۇ قاتاردا نامان ئاخۇن ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ناخشا ئېيتىپ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى، ئالدىنقى سەپتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كەسكىن جەڭ بولۇۋاتقانلىقى، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا تەشۋىق قىلىۋاتقاندا، نامان ئاخۇن ئاكىنىڭ ئايالى زەينەپخان ھەدە يوغان بىر گۈللۈك پەتنۇستا 10 مېتىر قارا كۆك باستۇن، 2 دانە تىللا، بىر باغلىمى 100 مىڭ سەرلىكتىن بىر نەچچە باغلام قەغەز پۇل ئاچىقىپ: «ئائىلىمىزنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە قىلغان ياردىمى، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلغايسىلەر» دەپ بەردى. يەنە بىر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەلسەم، بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «ئاخشام چۇۋسلىك تۇردىئاخۇنباينىڭ خاپا بولۇشى بىلەن، گارنىزون شتابىنىڭ نۆۋەتچى قاراۋۇل بەنىنىڭ بەنجاڭى لىيۇ يۇتاڭنى ئېتىۋېتىپتۇ» دەپ پاراڭ قىلىشىۋېتىپتۇ. ئۇقۇشۇمچە، ئۇ مۇنداق ۋەقە ئىكەن:

1937 - يىلى بىر كۈنى كەچتە، ئىلى گارنىزون شتابىنىڭ سىلىڭى چۇزۇگجۇەن (شىڭ شىسەينىڭ قېينى ئاتىسى) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تۇردىئاخۇنباينى شتابقا چاقىرتقانىكەن. تۇردىئاخۇنباي كەلسە، شتابنىڭ دەرۋازىسىدىكى

قاراۋۇل بەنىنىڭ بەنجاڭى ليۇيۇتاڭ «سىزنى چىۇسىلىڭنىڭ چاقىرتقانلىقىدىن مېنىڭ خەۋرىم يوق» دەپ كىرگۈزمەپتۇ. تۇر-دىئاخۇنباي خاپا بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى ئۆيىگە ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىغا، چىۇسىلىڭ تېلېفون بېرىپ يەنە چا-قىرىپتۇ. تۇردىئاخۇنباي تېلېفوندا: «مەن بارسام، ليۇبەنجاڭ دەرۋازىدىن كىرگۈزمىدى» دەپ ئۆزىنىڭ رەنجىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە بېرىپتۇ. بۇ قېتىم دارۋازىدا باشقا بىرى تۇردىئاخۇنباينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ، تۇردىئاخۇنباينى قىزغىن قارشى ئېلىپ، چىۇسىلىڭنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپتۇ. تۇردىئاخۇنباي چىۇسىلىڭغا چالۋاقاپ: مەن ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تۇرۇقلۇق، سىزنىڭ بىر ئەسكىرىڭىزچىلىكمۇ ئىناۋىتىم يوقمۇ! دەپ قاتتىق رەنجىگەنىكەن، چىۇسىلىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي، شۇئان قاراۋۇل بەنىنىڭ بەنجاڭى ليۇيۇتاڭنى تاپانچىسى بىلەن ئېتىپ تاشلاپتۇ.

1937 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىڭ شىسەي بىر تۈركۈم كىشىلەر قاتارىدا تۇردىئاخۇنباينىمۇ «خائىن» دەپ قولغا ئېلىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىۇسىلىڭ ئىشىنى تەتۈرىگە ئۆرۈپ، ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ليۇيۇتاڭنى «خائىن تۇردىئاخۇنباينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلگەن» دەپ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ جەسىتىنى بۇرۇن كۆمگەن يېرىدىن كولاپ ئاچقىپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ماتەم مۇراسىمى ئېچىپ، ئىدارە، جەمئىيەت ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ليۇيۇتاڭنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كوچا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن روشەنباغقا يېڭىباشتىن دەپنە قىلدۇردى.

1939 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلدىم. شۇ يىلى ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىگە



قوبۇل قىلىنغان ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر سىنىپى، بىرى قازاق سىنىپى ئىدى. مەن يېگىرمە تۆتىنچى①سىنىپقا بۆلۈندۈم. ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى چۇۋفۇمىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى بولۇپ، روھلۇق، جۇشقۇن، ناتىق كىشى ئىدى. ئۇ ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالايتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىدىن تارتىپ تۇرمۇشىغىچە تەلەپچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلەتتى. مەن ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدە 1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1942 - يىل 8 - ئايغىچە ئوقۇدۇم.

## مۇئەللىم بولۇشۇم

1942 - يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك سىفەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى دارىلئېيتام مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندىم. بۇ، مېنىڭ جەمئىيەت خىزمىتىگە تۇنجى قەدەم تاشلىشىم، شۇنىڭدەك يېڭى ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئۈرۈمچى دارىلئېيتام مەكتىپى يېتىم - يېسىرلەر ۋە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدىغان يەتتە يىللىق مىللىي تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى. بۇ مەكتەپتە بىرىنچى سىنىپتىن ئالتىنچى سىنىپقىچە بولۇپ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس (بىر رۇس يېتىم بالا ياتاقتا يېتىپ ئۇيغۇرچە ئوقۇيتتى)، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەر-زەنتلىرىدىن 150 كە يېقىن بالا ئوقۇيتتى. ئۆي يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن، بەشىنچى، ئالتىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە

① ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1939 - ئوقۇش يىلىغا كەلگىچە ئېچىلغان سىنىپلارنىڭ قاتار سانى.

يېتىپ ئوقۇيتتى. ئىگە - چاقىسىز يېتىم باللارنى مەكتەپ ياتاق، ئاماق، كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە قاتارلىق تۇرمۇش بويۇملىرى ۋە كىتاب، دەپتەر، قەلەم، قەغەز، سىياھ قاتارلىق ئوقۇتۇش بويۇملىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان 23 نەپەر يېتىم بالا (ھەممىسى ئوغۇل) نىڭ ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق لازىمەتلىكلىرى تولۇق ئىدى. تولۇق تەمىناتلىق بۇ يېتىم باللارغا مەكتەپ ئاددىي يىپ رەختتىن يازلىق، قىشلىق شىم - چاپان، يازدا بىر جۈپ چۇخەي، قىشتا بىر جۈپ پاختىلىق خەي (پايپاقلىرى بىلەن)، ھەر ئۈچ ئېيىغا بىر يوتقان - كۆرپە، ئالتە ئايدا بىر قۇر كۆڭلەك - تامبال ۋە بىر دانە لۆڭگە، ھەر ئايدا بىردىن كىر سوپۇن، بىردىن ئەتىر سوپۇن، ھەر ئايدا 15 يۈەن تاماق خىراجىتى بېرەتتى. مەن بۇ مەكتەپتە 1943 - يىلى 6 - ئايغىچە ئىشلىدىم. مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىلمىي مۇدىرى ئابلىمىت موللايۇپ، تەرتىپ مۇدىرى ئىمىن ئەخمىدى، ئوقۇتقۇچىلىرى: مۇنجىيە خانىم، پاتىمە خانىم، سەئىدە خانىم، زەينەپ خانىم، دەنەم خانىم، ئىبراھىم مەخمۇدوۋ، شاماتاي، ئابلىز ئىسمايىل، ياسىن تاش، ئابلىمىت ئەزىمىتى، ھەسەن قارى، ئابلا داۋۇت ۋە مەن قاتارلىقلار ئىدى. ئابلا داۋۇت مەكتەپنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ھەم تولۇق تەمىناتلىق باللارنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇراتتى.

ئالتاي شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىغا ھېساب دەرسى ئۆتىدىغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى لازىم بولغاچقا، ئالتاي مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ۋە مېنىڭمۇ ئالتايغا بېرىپ دادام بىلەن كۆرۈشسەم دېگەن ئارزۇيۇمغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى 1943 - يىلى 6 - ئايدا مېنى ئالتاي مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەپ بەردى. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە مائارىپ ئىدارىسىدە



ئىشلىدىم، 9 - ئايدا ئالتاي شەھىرىدىكى ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئۇيغۇر يۇقىرى سىنىپلىرىغا ھېساب دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باردىم. ئالتاي شەھىرىدىكى ئوغۇللار مەكتىپى بۇرۇنقى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ ئوغۇللار مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەشكىل قىلىنغان 16 سىنىپلىق، خېلى مۇكەممەل، يەتتە يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى خالىق ساقى ئىدى. مەن 5 - سىنىپنىڭ ھېساب دەرسى مۇئەللىمى، قوشۇمچە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. ئالتايغا بېرىپ مائارىپ ساھەسىدىكى زىيالىيلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن تونۇشتۇم. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گومىنداڭدىن نارازى كىشىلەر بولغاچقا، ئىدىيە جەھەتتىكى بىرلىك بىزنى ھەرىكەتتىمۇ بىرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۆزئارا باش قوشۇپ قالغان پۇرسەتلەردە، ئولتۇرۇش ۋە مەشرەپلىرىمىزدە، گومىنداڭ ئۈستىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىپ يۈردۇق. بەزى چاغلاردا سىياسىي ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر قىلىشىپ، تەسىرى بار ئادەملەر ئارىسىدا ئازادلىق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئېزىلىشكە، زۇلۇمغا قارشى تەشۋىقاتلار بىلەنمۇ شۇغۇللاندۇق. بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىزدىن گومىنداڭنىڭ ئالتاي ساقچى ئىدارىسى خەۋەر تېپىپ، ئارقىمىزغا مەخسۇس پايلاقچىلارنى سېلىپ قويىدى. بىزمۇ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ يۈردۇق.

1944 - يىلى كۈزدە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ باش شىتابى قۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئالتاينىڭ ھەممە ناھىيىلىرىگە قانات يايدى. ئالتايدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، جان قايغۇسىدا ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمىدى. ئاۋېتەن، چېمىرچەك

رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق دېھقانلار پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىگە كېتىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ خامانغا يىغىپ قويغان ئاشلىقلىرى ئىگىسىز قالغانىدى. ئالدىنقى سەپتە پارتىزانلاردىن يېڭىلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى سارسۇمبە شەھىرىگە توپلىشىپ، مەكتەپلەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، 1944 - يىلى كۈزدىن باشلاپ مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ ئوقۇتقۇچىلار بوش بولۇپ قالدۇق. بۇ چاغدا ئالتاي مائارىپ ئىدارىسى ئەر مۇئەللىملەرنى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ خامانغا يىغىپ قويغان بۇغدايلىرىنى سوقۇپ ئېلىۋېلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئالتاي ئوغۇللار مەكتىپى ۋە قىزلار مەكتىپىدىكى ئەر ئوقۇتقۇچىلاردىن ئون نەچچە كىشى چېمىرچەكتىكى خۇدابەردى شاڭيۇنىڭ ئاشلىقىنى يىغىۋېلىشقا تەقسىم قىلىندۇق. بىز خۇدابەردى شاڭيۇنىڭ جاڭزىسىغا چىقىپ بىر ئايدەك ئىشلەپ، خاماندىكى ئاشلىقنى سوقۇپ ۋە سورۇپ، تەييار بولغان بۇغداينى ئەتىسى بۆلۈشۈپ ئالىمىز دەپ، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدۇق. گومىنداڭنىڭ شۇ ئەتراپتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى شۇ كېچىسى تۈن يېرىمىدا كېلىپ، بىر قانچە پاي ئوق ئېتىپ: باندىتلار كەلدى، ئۆيدىن چىققۇچى بولماڭلار، دەپ ۋارقىرىدى. بىز مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇيقۇدىن ئويغانغان بولساقمۇ، ئۆيدىن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي ياتتۇق. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئالدانغانلىقىمىزنى بىلدۇق: گومىنداڭ بۇلاڭچىلىرى خاماندىكى بۇغداينىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرىيىتى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر قانچىمىزنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يىغىنغا ئەۋەتتى. مائارىپ ئىدارىسىگە بارساق، قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىنمۇ بىر نەچچەيلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ



باشلىقى ۋاڭ جاۋيى كىرىپ: بۈگۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىش يىغىنى. ھازىر ھەممىڭلارغا ئىلتىماس يېزىش قەغىزى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئىلتىماسىڭلارنى يېزىپ جاڭ كېجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، بۇ توغرىدىكى بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى جاڭ كېجاڭ ئۇقتۇرىدۇ، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈ يىغىنغا كەلگەن ئەر - ئايال 12 نەپەر ئوقۇتقۇچىغا بىردىن پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماس قەغىزى تارقىتىپ بەردى. ھەممەيلەن بۇ ئىلتىماسنى يېزىشقا كىرىشتى. مەن يېنىمدا ئولتۇرغان تۇرسۇنتايغا: بۇ ئىلتىماسنى يازامدۇق؟... ئەگەر يازساق، مۇشۇ ئىلتىماس بويىچە بىزنى گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا قىلىپ ئالسا قانداق قىلىمىز؟ دېدىم. تۇرسۇنتاي: مۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىلتىماسنى يېزىشتىن باش تارتساق بولمايدۇ، مۇشۇ ئىلتىماسىمىز بىلەنلا بىزنى گومىنداڭغا قوبۇل قىلىپ ئېلىشى ناتايىن. ئەگەر قوبۇل قىلىپ ئالسا، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەرىكەتلەنمەمدۇق!.. دېدى. بىزمۇ ئىلتىماسنى يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردۇق. جاڭ كېجاڭ ھەممىمىزنىڭ ئىلتىماس قەغىزىمىزنى يىغىپ ئېلىپ، يالاڭباش چۈشكەن بىر سۆكلۈك رەسىمىمىزدىن ئۈچتىن ئەكىلىپ بېرىشىمىزنى جېكىلىدى.

## ئالتايدا ئۆتكەن كۈنلىرىم

مېنىڭ ئالتايغا بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىشىمنىڭ سەۋەبى: مەن دادامدىن ئىككى ياشتا ئايرىلىپ كەتكەنىكەنمەن. دادام ئالتايغا كېتىپ، شۇ يەردە خىزمەتتە بولۇپ قالغانىكەن. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادام بىلەن خەت ئارقىلىق دىدارلى-

شىپ تۇردۇم. دادام ماڭا يازغان خەتلىرىدە، دائىم مېنى
كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئوقۇشنى تۈگەتكەندە
خىزمەت بىلەن ئالتايغا كېلىپ دادام بىلەن بىللە تۇرۇشۇم-
نى ئېيتاتتى. مەن ئالتايغا خىزمەتكە تەيىنلىنىپ بارغاندىن
كېيىن، ئاۋۋال ئاكامنى ئىزدىدىم. ئاكام ئابلىكىم 1937 -
يىلى دادامنى ئىزدەپ غۇلجىدىن ئالتايغا كەتكەنىدى. دادام
ئۇ چاغدا قابا ناھىيىسىدە ئىكەن. ئاكام دادام بىلەن كۆرۈ-
شۈپ، قابا ناھىيىسىدە مەلۇم ۋاقىت بىللە تۇرۇپتۇ ۋە شۇ
يەردىكى مال دوختۇرى يۈسۈپ پولاتھاجىيۇۋنىڭ تەشەببۇسى
ھەم تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئالتاي ۋىلايەتلىك مالدوختۇرلۇق
پونكىتى ئاچقان مالدوختۇرلۇق تېخنىكلىرى يېتىشتۈرۈش
كۇرسىدا ئوقۇپ، ئاۋۋال مەركىزىي مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا،
كېيىن ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىدا مالدوختۇرى
بولۇپ ئىشلەپتۇ. مەن ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قابا
ناھىيىسىگە بېرىپ دادام بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدىم.
مائارىپ ئىدارىسىدىن يىگىرمە كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ،
ئاكام بىر تونۇش كىشىدىن كۈنلۈكىنى 4 يۈەندىن كىراغا
ئېلىپ بەرگەن ئات بىلەن يولغا چىقتىم. يەتتىنچى ئاينىڭ
تازا ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى. ئاكامنىڭ چۈشەندۈرگىنى
بويىچە، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا بارغاندىن كېيىن،
بۇرچۇندىن قابا ناھىيىسىگە خەت - خالتا ئاپىرىدىغان
پوچتىكەش قىسا دېگەن كىشىنى تېپىپ، ئەتىسى ئۇنىڭ
بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، كەچتە قابا ناھىيىسىنىڭ
بازىرى ئاقچىغا يېتىپ باردىم. ئاندىن قىسا بىلەن خوشلى-
شىپ، ئۇدۇل ھاكىم ئىدارىسىگە باردىم. چۈنكى، دادام ماڭا
يازغان خېتىدە: قابا ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدا ئىشلەي-
مەن، ھاكىم ئىدارىسىگە كېلىپ مېنى ئىزدىسەڭ بولىدۇ،
دېگەنىكەن. شۇنىڭدەك، ھاكىم ئىدارىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىدە



ئىشلەيدىغان، ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان
تىنىسبەك توختى ئىسىملىك ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇ مېنىڭ
كېلىشىمدىن خەۋەردار ئىدى. ئاۋۋال شۇنىڭ يېنىغا
كىردىم. تىنىسبەك مېنى ياتىقىغا باشلاپ قويۇپ، ھاكىم
ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن دادامنى چاقىرىپ چىقتى.
يىگىرمە يىل كۆرۈشمىگەن ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈ-
شۈپ كەتتۇق. دادام مېھرىبانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ يىغ-
لاپمۇ ئالدى. شۇ ئارىدا سىرتتىن كۆزەينەك تاقىغان،
سالاپەتلىك بىر خەنزۇ گۇللۇك يەلپۈگۈچ تۇتقان ھالدا كىرىپ
كەلدى. ھەممىيلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. تىنىس-
بەك قۇلىقىمغا: بۇ كىشى قابا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەي
شىڭيۈەن بولىدۇ، دەپ پىچىرلىدى ۋە مېنى ھاكىمغا:
مەمەت خۇيجاڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوغلى، دەپ تونۇش-
تۇردى. ھاكىم مېنىڭ دادامدىن قاچان ئايرىلىپ قالغانلىقىم،
ئانامنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى، كېيىن كىمنىڭ تەربىيى-
سىدە بولغانلىقىم، قەيەردە ئوقۇغانلىقىم، نېمە خىزمەتلەردە
بولغانلىقىم، ئالتايغا قانداق خىزمەتكە كەلگەنلىكىم قاتار-
لىق ئەھۋاللارنى سوراپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى،
ئاندىن دادام مېنى ئۆيىگە باشلاپ ئاچىقتى. دادام كېيىنكى
ئانىمىزدىن قالغان (كېيىنكى ئانىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتكەن)
يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى ئۆگەي سىڭلىم مەريەم بىلەن
تۇرىدىكەن. دادامنىڭ ئاقچى بازىرىدا تۆت ئېغىزلىق ئۆيى،
بىر ئېسىكىلاتى، ئات ۋە كالا ئېغىلى بار ناھايىتى ئاددىي،
دەرۋازىسىمۇ يوق بىر ھويلىسى، بازار سىرتىدا 50 مو
تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن. بۇ يەرنى سېيىت ئاخۇن دېگەن بىر
ئۇيغۇر دېھقان بىلەن بىللە تېرىيدىكەن، ھوسۇلنى تەڭ
بۆلۈشىدىكەن. ئاقچى بازىرىدا 20 كۈن تۇرۇپ قايتتىم.
ئالتايدا ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىش ئالتاي

خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش، مېھماندوستلۇق مۇناسىۋىتى بولدى. دوستلار ياز مەزگىلىدە ئارالغا ① توپلىشىپ باغ سەيلىسى قىلىدىكەن. كۈز ۋە قىش مەزگىللىرىدە ئۆيلىرىدە مەشرەپ ئوينايدىكەن. مەنمۇ بۇ سەيلە، مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ كەتتىم. بۇ سورۇنلاردا ئىچىشمەك ۋە ساز - ناخشىلار بولۇپ تۇرىدىكەن، بەزىدە ئۆرە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قوراللىق كۈرەشلىرى ھەققىدىمۇ تالاش - تارتىش ۋە پاراڭلار بولۇپ تۇردى.

1944 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى مەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئابدۇراخمان ئەيسا (ھازىر ئالتاي ئوتتۇرا مەكتىپىدىن دەم ئېلىشقا چىققان) دېگەن ئوقۇتقۇچى ياتىقىمغا كىرىپ، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن: «بۈگۈن مۇھىم بىر ئىشنى سىزگە خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىلى كەلدىم. مەن بۇرۇن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەخپىي ئاخباراتچىلىق ئىشىغا مەجبۇرىي چېتىلىپ قالغان، مەن ھازىر ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئەللىملەر ئارىسىغا، شۇنىڭدەك جامائەتچىلىك ئارىسىغا قويغان ئاخباراتچىسى. ئولتۇرۇش ۋە مەشرەپلىرىمىزدە ئۆزئارا پاراڭ قىلىشقاندا دىققەت قىلىڭلار. مەنغۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ساقچى ئىدارىسىگە بىرەر مەلۇمات بېرىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. لېكىن، مەندىن باشقا ئاخباراتچىلارمۇ بار، ئۇلار ھامان بىز بىلەن بىللە بولۇشىدۇ، سىلەرنىڭ قىلىشقان گەپ - سۆزۈڭلارنى ۋە قاتناشقان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى يازىدۇ، شۇ قاتاردا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ

① قىران دەرياسىنىڭ بويى بوك - باراقسان بوستانلىق، ياۋا قىزىلگۈللۈك بولۇپ، ياز كۈنلىرى بۇلبۇل، كاككۇك، تورغاي قاتارلىق قۇشلارنىڭ ماكانى ئىكەن. يەرلىك خەلق بۇ جاينى «ئارال» دەپ ئاتاپ، سەيلە قىلىدىغان جاي قىلىۋالغان.



يازىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇپ قالىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سورۇنلاردا پاراڭلاشقاندا دىققەت قىلىدىغان بولدۇق.

1944 - يىلى 7 - ئاي مەزگىلىدە، قۇربان ئېلى ئىسىملىك بىر ئاغىنىمىز ئون نەچچىمىزنى قىران دەرياسى بويىدىكى ھېلىماخۇننىڭ تۈگمىنىگە مېھمانغا چاقىردى. ئاغىنىلەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۈگمەننىڭ بوستىكىدا باراۋەت قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش قىلدۇق. ئارىدا پاراڭغا چۈشۈپ، ھەر كىم ھەر نېمىلەر دېيىشتى. بەزىلەر پارتىزانلارنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ بازىرىدىن باشقا ھەممە يېرىنى ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىنى، ئۆرە ئالتاي پارتىزانلىرى باش شتابىنىڭ يۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جىمۇنەي ناھىيىلىرىدىكى خەلقلەرنى گومىنداڭغا قارشى قوزغاش ئۈچۈن قوراللىق پارتىزان قوشۇنلىرى تەشكىللىگىنى ناھايىتى قىزىقىپ سۆزلىدى. شۇ چاغدا ئابدۇراخمان ئەيسانىڭ قىلغان سۆزى يادىمغا كېلىپ: ئاغىنىلەر، مۇنداق سىياسىي سۆزلەرنى توختىتىڭلار، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرايلى. بولمىسا، بۈگۈن بۇ يەردە بولۇنغان سۆزلەر ئەتىلا ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ بارىدۇ، دېيىشىم بىلەنلا، قىزىق داۋام قىلىۋاتقان پاراڭ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك توختاپ قالدى. ئولتۇرۇشىمىزنى ساز ۋە ناخشا بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، كەچتە قايتىشتۇق. ئەتىسى قۇربان ئېلى ياتىقىمغا كىرىپ: «تۈنۈگۈنكى سۆزۈڭ ماڭا قارىتىلغان. مېنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاخباراتچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قاپسەن، بۇنى باشقىلارغا دەپ يۈرمە» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ ئارىمىزدىكى ئاخباراتچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

يەنە 1945 - يىل ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى دوختۇر بارات (ئالتاي ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى،

ھېلىمۇ ھايات) مېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدىكى فۇكېجاڭنىڭ ئۇنى مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر ئارىسىدا بولۇنغان سىياسىي سۆز-ھەرىكەتلەرنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئاخباراتچى بولۇشقا زورلاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشقا رايى يوقلۇقىنى، لېكىن فۇكېجاڭنىڭ «ئوبدان ئويلىنىپ، ئەتە ئانكىت توشقۇزغىن» دەپ قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، بۇ توغرىدا مەندىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن باراتقا: بۇ ئىشقا ھەرگىز ماقۇل بولماڭ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاخباراتچىسى دېگەن سۆز ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونى دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئىشپىيون بولۇپ قالسىڭىز، تارىخىڭىزغا قارا داغ چۈشىدۇ، دېدىم. بارات شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئەتىسى كەچتە يەنە بىر تۈرلۈك قورقۇنچ باسقان ھالدا كېلىپ: بۈگۈن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتسام، فۇكېجاڭ: قەتئىي ئىشلەيسەن، يەنە جاھىللىق قىلىپ باش تارتساڭ، تۈرمىگە قامايمەن. تۈرمىگە ئېلىنىپ جىنايەتچى بولامسەن؟... ياكى تاپشۇرغان ئىشنى ئىشلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى خادىمى بولامسەن؟ ئوبدان ئويلىنىپ ئەتە كەل، دەپ چىقىرىۋەتتى، دېدى. مەن باراتقا: ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئالتايدىن ۋاقتىنچە باشقا ياققا چىقىپ كېتىش، دېدىم. بۇ چاغ دەلىلقان سوكوربايېۋ بىرنەچچە يۈز كىشىلىك قوراللىق پارتىزان دۈيىنى باشلاپ، ئالتاي شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى جاڭجۈن قىزىل دېگەن تاغقا كېلىپ ئالتاي شەھىرىنى قورشاپ تۇرغان، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆز ئىچىدە پىياتىپاراق بولۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ گاڭگىراپ قالغان چاغ ئىدى. جان تالىشىش ئالدىدا تۇرغان ئالتاي گومىنداڭ قىسىملىرى ئۆزىنىڭ كۈچىدىن باشقا، گوز-



ياڭ باشچىلىقىدىكى خەنزۇ، يارىس باشچىلىقىدىكى رۇس، بۆزبىجاپ باشچىلىقىدىكى موڭغۇل، مانات باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ «ئامانلىقىنى قوغداش ئەترەتلىرى» نىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىزانلىرىمىزنىڭ ئالتاي شەھىرىگە تۇنجى قېتىم قىلغان ھۇجۇمىنى قايتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن دىققىتى ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئالتايدىن سالامەت چىقىۋېلىشنىلا ئويلىغاچقا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاخباراتچى كۆپەيتىش ئىشى بىلەن ئانچە كارى بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن بارات دوختۇرنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئاخىرلاشتى.

## 13 پارتىزاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

1943 - يىلىنىڭ 11 - ئاي مەزگىلى، ئۆرە ئالتاي پارتىزان قوشۇنىدىن بۇركۇتباي باشلىق 13 نەپەر پارتىزان (بىرى 14 ياشلىق بالا) ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى چېرىكچى دېگەن يېرىدە قىشلاپ ئولتۇرغان قۇلتايپولات ئېلى ئىچىگە بېرىپ، پارتىزانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئات - ئۇلاق ئېھتىياجىغا خەلقتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ھەمدە ئۇلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلىپ تەشۋىق - تەرغىب ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، قۇلتايپولات ئېلىنىڭ زەڭگىسى (بېگى) تۇردىقاننىڭ تەشكىللىشى بىلەن 50 دەك كىشى ئۇشتۇمتۇت قاپساپ كېلىپ، بۇركۇتباي باشلىق 13 نەپەر پارتىزاننى تۇتۇپ باغلاپ، ھەر ئىككى ئادەمنى بىر كىشەن بىلەن چېتىپ ۋە بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇركۇتباي قويۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ تۇردىقان زەڭگىگە كۆپ قېتىم يېلىنغان بولسىمۇ، تۇردىقان زەڭگى ئۇلارنى ساقچى ئىدارىسىگە

ئاپشۇرۇپ بېرىش ئىشىدىن يانمايدۇ. زەڭگىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلگەن بۇركۇتباي ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يول بويى مۇنداق قوشاق توقۇپ ماڭىدۇ:

باتۇر بولۇپ ئاتالدىم مەن بۇركۇتباي،
ئويلاپ يەتمىدىم بولارمەن دەپ مۇشۇنداي.
قارا تۇمان ئېچىلماستا قولغا چۈشتۈم،
ئۆي ئىچىمنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

مىنگەن ئېتىم تاغىل ئات، چاپتىم ئۇنى مۇز ئارىلاپ،
چېرىكچىگە كەلگەندە تۇتتۇۋالدى قامالاپ.

ياۋغا ئاتلانسام دۇئاسىنى بەرگەن ئاپام،
يېنىڭدىن ئايرىلماستەك كۆرگەنىغۇ مەن.
گومىنداڭ قولىغا چۈشتۈم مانا،
ئايىغىدا بالاڭنىڭ تۆمۈر كىشەن.

دۆربىلجىننىڭ بېشىدا، دۆلاتىنىڭ قىشىدا،
قولغا چۈشۈپ خورلاندىم ئوتتۇز يەتتە يېشىمدا.

تۇردىقان زەڭگى بۇ 13 نەپەر پارتىزاننى 1943 - يىلى 12 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلار خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولىدۇ. جاللات لى فىڭيىڭ باشچىلىقىدىكى ساقچى ئىدارىسى تۇردىقان زەڭگى باشلىق مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بۇ غالچىلىقىنى ئۆز خىزمىتىدىكى زور «ئۇتۇق»لارنىڭ بىرى ھېسابلاپ، چوڭ ئىنئامغا ئىگە بولۇش خىيالى بىلەن كېرىلىپ كېتىدۇ. قانخور ساقچى ئىدارىسى بۇركۇتباي باش-



لىق بۇ 13 پارتىزاننى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇز ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ، كېچە - كۈندۈز دەم ئالدۇرماي سوراق قىلغان بولسىمۇ، بۇ قەھرىمان پارتىزانلار ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن بىردىنبىر سىناق مەيدانى بولغان دۈشمەن سوراقخانىسىدا ئۆز ھاياتىغا كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرگە پىسەنت قىلماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان ھەر خىل جەبرى - زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ، خەلق پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇركۇتباي تۈرمىدە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان جۈپتى غايىشانى ئەسلەپ، دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرەلمىگەنلىكىنى ئارمان قىلىپ، مۇنۇ قوشاقنى توقۇيدۇ:

غايىشا جانىم، ئالەمدىن تالاپ ئالغان،
ئايرىۋەتتى سەندىنمۇ مۇشۇ جاھان.
چوڭ دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرەلمەي،
ئىچىمدە كېتىپ باردۇ چەكسىز ئارمان.

قول - ئايىغىم باغلاقتا، قىزىل تىلىم سايراشتا،
مەن غايىشانى ئېلىۋىدىم بولتۇرقى كۈز يايلاقتا.

گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراقچىلىرى ئالداش ياكى قىيناپ قورقۇتۇش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشتەك يۇمشاق - قاتتىق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، نەچچە كېچە - كۈندۈز سوراق قىلغان بولسىمۇ، پارتىزانلار دۈشمەن ئالدىدا باش ئېگىشتىن قۇربان بولۇشنى ئەلا بىلىپ، پارتىزان قوشۇنىنىڭ سىرىنى دۈشمەنگە قىلچە ئاشكارىلىمايدۇ. قانخور گېنېرال ۋەن لىيۇن، جاللات لى فىڭيىڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ۋە ساقچى ژاندارمىلىرى نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي شاپاش

لاپ، تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرمەك بولغان بولسىمۇ، جەسۇر پارتىزانلارنىڭ تۆكۈرۈكلىرىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاخىر ئۇلار بۇركۇتباي باشلىق 13 نەپەر پارتىزاننى (14 ياشلىق نارەسىدە بالىنىمۇ) ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇركۇتباي ئۆلۈم ئالدىدا مەردلەرچە كۆكرىكىنى كېرىپ، دۈشمەنلەرگە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئائىلىسى بىلەن غايىبانە خوشلىشىپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

ياغىلاشىم* بىر قىزىم قالدى ئارقامدا،
ئەمدى مەندىن غايىشاجان ئۈمىدىڭنى ئۈز.
قوزى - كۆر پەش، باياندەك ئاشىق بولغان،
خوش ئامانبول غايىشاجان كەتتۇككۇ بىز

13 كىشى يولدۇشۇم، يىپدەك مانا قوغۇشۇن،
تۇتۇپ بەرگەن بىزلەرنى تۇردىقان زالىم گۇم بولسۇن.

مەن ئۆلسەممۇ ئارقامدا خەلقىم قالدى،
ئېگىز داۋان، داڭدار كۆل، قىرلار قالدى.
پۇشايمان ئەمەس ئۆلگىنىم خەلقىم ئۈچۈن،
ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بىرەر ئەرلەر قالدى.

تۆمۈر قۇتىنى يىمىردىم، ئەتراپىنى چاپلىدىم،
باغىلا بىلەن غايىشانى خەلقىم ساڭا تاپشۇردۇم.

ئالتايدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇركۇتباي باشلىق 13 پارتىزاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى خەلققە ئېلان قىلىپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش ئۈچۈن، شەھەر خەلقىدىن

* ئادەم ئىسمى



ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن بەشيۈزدەك ئادەمنى كۇلۇبقا يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمنى ئوچۇق ئېلان قىلدى. ئاندىن يىغىن قاتناشچىلىرىنى خەلق مەيدانىغا مەجبۇرىي ھەيدەپ ئاپىرىپ، 1944 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 13 نەپەر پارتىزاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، «ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ باندىت بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ خەلققە دوق قىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆز كۆڭلىدە «مۇشۇنداق بىلەن خەلققە ئىبرەت قىلىمىز» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ياۋۇزلۇقى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ قوزغاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى.

بۇ پاجىئەلىك ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن، خەلق دۈشمەننى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندى؛ پارتىزان جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ باش ئەگمەسلىكىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن ئىلھام ۋە تەربىيە ئالدى، دۈشمەنگە قاتتىق نەپرەت ياغدۇرۇپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بۇركۇتباي باشلىق 13 پارتىزانغا ئاپىرىن ئوقۇپ، پارتىزانلارنى مەدھىيىلەيدىغان، مىللىي مۇناپىقلارغا لەنەت ياغدۇرىدىغان قوشاقلارنى توقۇدى.

## ئەمەلدار بولۇشۇم

1945 - يىلى 5 - ئايدا ئالتايدىن قېچىپ چىقىپ، قابا ناھىيىسىدە پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتىم. شۇ يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ئازاد قىلىندى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئەترىتىمىز ئالتاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا جايلاشتى. كۆپ ئۆتمەي، پارتىزان ئەترىتىمىز پۈتۈن تەركىبى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئالتاي يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋىلايەتلىك تىنچلىق

ساقلاش ئىدارىسى خادىملىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمى
بولۇپ تەشكىللەندى. ئەترەت كوماندىرىمىز باۋۇدۇن قادىر
ۋىلايەتلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولۇپ تەيىنلەندى، مەن ئۇ كىشىنىڭ كاتىپى بولدۇم. ئەتر-
تىمىز تەركىبىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ياكى شۇ
دەرىجىگە تەڭ بىلىم سەۋىيىسى بارلار بۆلۈم باشلىقى ياكى
بۆلۈم ئەزالىرى قىلىپ تەيىنلەندى، قالغانلار قوراللىق ساقچى
قىلىپ تەشكىللەندى. پارتىزان ئەترىتىنىڭ روتا (لىيەن)
كوماندىرى دەرىجىلىك نەسىرىدىن قوراللىق
ساقچى قىسىم (باتالىيون دەرىجىلىك) نىڭ مۇئاۋىن كوماندى-
رى بولۇپ تەيىنلەندى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن،
تەشكىل مېنى كاتىپلىق ئورنىمدىن يۆتكەپ جىنايى ئىشلار بۆلۈمىدە
سوراق خىزمىتىگە قويدى. 1946 - يىلىنىڭ 1 - ئېيىغا كەل-
گەندە، ئالتاي بازىرىدىكى پەيچۇسوغا باشلىق بولۇپ تەيىنلەندىم.
بۇ، مېنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى ئىدى.
شۇ يىلى 6 - ئايدا، ئالتاي ناھىيىسى دائىرىسىدىكى
تاغ ئارىسىدا يۇلاق بار سايلارغا گۈچۈك تەرەپتىن كەلگەن
خۇيزۇلارنىڭ ئەپيۇن تېرىغانلىقى پەيچۇسويىمىزغا مەلۇم قى-
لىندى. بۇ ئەھۋالنى ۋىلايەتلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارى-
سىگە مەلۇم قىلغىنىمىزدا، ئۇ يەردىن: ئەپيۇن تېرىغان جاي-
لارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، تېرىغۇچىلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئەپيۇن
ئېتىزىغا ئادەم قويۇپ، ئەپيۇننى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرۈپ
بىر تۇتاش يىغىۋالغاندىن كېيىن، تامامەن ھۆكۈمەتنىڭ
مۇناسىۋەتلىك ئورنىغا تاپشۇرۇپ، تېرىغۇچىغا مۇۋاپىق ئەمگەك
ھەققى بېرىش يولى بىلەن بىر ياقلىق قىلىڭلار، بۇنىڭدىن
كېيىن ئەپيۇن تېرىشنى قاتتىق چەكلەڭلار، دەپ يوليورۇق
كەلدى. مۇشۇ يوليورۇققا ئاساسەن، ئەپيۇن تېرىغۇچىلار بىلەن
سۆھبەتلىشىپ، ئالتاي ناھىيىسى دائىرىسىدە ئەپيۇن تېرىلغان



ئۈچ يەرگە بىردىن قوراللىق ساقچى قويۇپ، تېرىلغان ئەپيۇن-
نى بىرلىكتە پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، يىغىۋالغاندىن
كېيىن، تېرىغۇچىلارغا ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرقىسمى قىممىتى بويىچە
پۇل بېرىپ، ئەپيۇننىڭ ھەممىسىنى ۋىلايەتلىك بانكىغا ئۆتكۈزدۇق. شۇ
يىلى ئۈچ ئورۇندىن جەمئىي 92 سەر ئەپيۇن يىغىۋېلىندى. ئان-
دىن كېيىن، ئەپيۇننى داۋاملىق تېرىشنى قاتتىق چەكلىدۇق.
شەھەر دائىرىسىدە ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق
ھەرىكەتلىرىگىمۇ قاتتىق قارشى تۇرۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەن-
لەرنى ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاش
(جەرىمانە قويۇش) چارىسىنى تەڭ قوللاندۇق.
مەن ئىلى شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن، يۇر-
تۇمنى سېغىنىپ غۇلجىغا كېتىش خىيالىم بارغانسېرى كۈچىيىپ
تۇراتتى. 1946 - يىلى 9 - ئايدا تەشكىل مېنى ۋاقىتلىق
خىزمەت بىلەن ئىلىغا ئەۋەتتى. ئىلىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك
خىزمەتلىرىمنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلى باش ساقچى
ئىدارىسىگە خىزمىتىمنى ئالتايدىن ئىلىغا يۆتكەپ قويۇش
ھەققىدە دوكلات يېزىپ قويۇپ، ئالتايدىن مەن بىلەن بىللە
كەلگەن يولداشلارنى ئالتايغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم ئىلىدا
قېپىقالدىم. تەشكىل ئىلىغا يۆتكىلىشىمگە قوشۇلۇپ، يۆتكى-
لىش رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ، مېنى باش ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ سوراق خىزمىتىگە قويدى، 1947 - يىلى 3 - ئايدا
ئىلى شەھىرىدىكى بىرىنچى رايونلۇق تىنچلىق ساقلاش ئىدا-
رىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. تىنچلىق ساقلاش ساھەسىدە
بىرقانچە يىل ئىشلەپ، بۇ خىزمەت بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ
قالغاچقا، بۇ كەسىپنى يارىتىپ قالغانىدىم، شۇڭا ياتىقىمنى
ئىشخانىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك تىرىشىپ
قىزغىن ئىشلىدىم. خىزمەت جەريانىدا، بىر قېتىم ئاغزاكى،
بىر قېتىم ماددىي مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەندىم.

باندىت ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي قورال - ياراق بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىپ، 1947 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاينى بېسىۋالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى باندىت ئوسماننىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان ئالتاينى ئىككىنچى قېتىم ئازاد قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلىدىكى ئازاد نىشانلىق پولكى، چۆچەكتىكى تارباغاتاي 3 - ئاتلىق پولكى قاتارلىق قىسىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئوسمان باندىتلىرىنى ئالتاي زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئالتاينى ئىككىنچى قېتىم ئازاد قىلدى. ئەمدى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى ۋە چۆچەكلەردىن ئالتايغا كادىر يۆتكەش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. دەل شۇ پەيتتە مەن دۆربىلجىن ناھىيىسىگە بېرىپ توي قىلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق رۇخسەت ئالغانىدىم. لېكىن، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەن ئاۋۋال خىزمەت بىلەن ئالتايغا باردىغان، ئۇ يەردە خىزمەت تۈگىگەندىن كېيىن دۆربىلجىندە قىپقالىدىغان بولدۇم. ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەنۋەر مۇسابايوۋ باشچىلىقىدا، قالى ئاباك، مىجىت سەئىدى، قالى ئىسھاق، خالىق، قۇرمىش، غوپۇر ھوسەيىن ۋە مەن بولۇپ سەككىز كىشى 1947 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتوموبىل بىلەن ئالتايغا قاراپ يولغا چىقىپ، 16 - كۈنى ئالتاي شەھىرىگە يېتىپ باردۇق. بىز ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ ئىدارە، جەمئىيەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى بىزنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن سوراپ ئېلىپ، ھەر بىر ئىدارىلەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىۋەتتى، جۈملىدىن مېنى جېمىنەي ناھىيىلىك تىنچلىق



ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئەۋەتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جۈملىدىن جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ئۇ چاغدىكى مەركەزلىك خىزمىتى قالدۇق باندىتلارنى تازىلاپ، يۇرتتا تىنچلىق ئورنىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش. باندىتلار ئالتاينى بېسىۋالغاندا خەلق ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇلاڭ - تالاڭ ئىشلىرىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئىدى. ھاكىم ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك تەپتىش ئىدارىسى، ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسى، باج ئىدارىسى ۋە سودا ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى نۇرەكەنىڭ باشچىلىقىدا، بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ، قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىلگەن ھۆكۈمەت ۋە خەلق مۈلۈكلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ئىشى شۇ ھەيئەتكە تاپشۇرۇلدى. ئاندىن ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىنى ئاساس قىلىپ، ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بىر تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، چارۋىچى قېرىنداشلار ئارىسىدا «ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى، مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش»، «ئەل ئىچىدە تونۇشلۇقى يوق ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالسا، دەرھال تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىش» توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردۇق.

1948 - يىلى 3 - ئاي مەزگىلىدە، خەلق تەرىپىدىن ئىدارىمىزگە مېركىت ئىلىنىڭ قارىغاي قەبىلىسىدىن قۇرمانباي بىلەن نۇرۇمبېتشە① باشچىلىقىدا توققۇز كىشىلىك بىر ئوغرىلىق گۇرۇھى تەشكىل قىلىنغانلىقى، بۇ گۇرۇھنىڭ قوبۇقسار②

① قۇرمانباي، نۇرۇمبېتشەلەر ئەل ئىچىدە داڭقى بار ئوغرىلار ئىدى.

② قوبۇقسار — تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇل قېرىنداشلارنى ئاساس قىلغان بىر ناھىيىسى بولۇپ، جېمىنەي ناھىيىسىگە خوشنا ئىدى.

ناھىيىسىدىكى بىر ئوغرىلار گۇرۇھى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى مەلۇم قىلىندى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە، ئىككى ناھىيىدىكى بۇ ئىككى ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ خېلىدىن بېرى ئۆز ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭ تۆگە، يىلقا، كالا قاتارلىق ماللىرىنى ئوغرىلاپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. بىز بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالنى قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ، ئىككى ناھىيە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشىپ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ جىنايى ئەنزىنى تولۇق پاش قىلدۇق ۋە ھەرقايسى ناھىيە ئۆز تەۋەيىمىزدىكى ئەنزىنى قانۇن بويىچە بىر ياقلىق قىلىشقا كېلىشتۇق. 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى تىنچلىق ساقلاش جەڭچىسى ئىسلامبېكنى قۇرمانباي بىلەن نۇرۇمبېتشەنى ئەكىلىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى ناھىيە بازىرىدىن 30 كىلومېتىردەك يىراقتا بولۇپ، ئات بىلەن بىر كۈندە بېرىپ - كەلگىلى بولاتتى. لېكىن، ئىسلامبېك ئۇ كۈنى قايتىپ كەلمىدى؛ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئېتى ئېگەر غانجۇغىسىغا قانلىق ھەربىي كىيىم باغلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن قۇرمانباي بىلەن نۇرۇمبېتشەنىڭ ئىسلامبېكنى ئۆلتۈرۈپ، مىلتىقىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەن تېزدىن ھەرىكەتلىنىپ، ئىككى يەن قوراللىق ساقچىنى باشلاپ شۇ كۈنى كەچتە يولغا چىقىپ، تاڭ ئېتىش ئالدىدا قۇرمانباي، نۇرۇمبېتشەلەرنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ باردىم - دە، ئاۋۇلنى قورشاۋغا ئېلىپ، تاڭ ئېتىشنى كۈتۈپ ياتتۇق. تاڭ ئېتىپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، 20 جەڭچىنى قورشاۋدا قالدۇرۇپ، تۆت نەپەر جەڭچى بىلەن قۇرمانباينىڭ كىگىز ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرسەم، قۇرمانباينىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئۇخلاۋېتىپتۇ. قۇرمانباي ئۆزى ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىۋاتقانىكەن. كىيىم-



لىرىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ تالاغا ئاچىقتۇق. ئاندىن نۇرۇمبېتشەنى ئەپچىقىشقا تۆت نەپەر جەڭچىنى كىرگۈزدۈم، جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقىپ، نۇرۇمبېتشەنىڭ قورالىنى ئېلىپ تۈنۈگۈن ئاخشام بىر ياققا كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. ئاڭغىچە چاي ۋاقتى بولدى. ئېلىۋالغان نانلىرىمىز بارئىدى. يەنە بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، نانلىرىمىز بىلەن ئالدىراپ ئەتىگەنلىك چاي ئىچتۇق - تە، دەرھال مېڭىشقا تەييارلىنىپ، قۇرمانباينى ئېتىغا مىندۈرۈپ، جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر جەڭچىگە تۇتقۇزۇپ، چۈش ۋاقتىدا ئىدارىمىزگە قايتىپ كەلدۇق. قۇرمانباينى تۈرمىگە قاماپ قويۇپ تۇرۇپ، چۈشلۈك غىزادىن كېيىن، ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غېنايەت، ساقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى نۇرەكە ۋە مەن ئۈچىمىز قۇرمانباينى سوراق قىلدۇق. سوراق خاتىرىسىنى نۇرەكە يازدى.

قۇرمانباي دەسلەپتە راست گەپ قىلمىدى. بىز سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، پاكىتلارنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، توققۇز كىشىلىك ئوغرىلار گۇرۇھى بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئېيتىپ بەردى. لېكىن، جەڭچى ئىسلامبېكنى ئۆلتۈرگەن قاتىللىق جىنايىتىگە يېقىن كەلمىدى. ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى قېچىپ كەتكەن نۇرۇمبېتشەگە دۆڭگەپ قويۇپ، جىنايەتتىن ئۆزىنى قاچۇردى. سوراقنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۇ، نۇرۇمبېتشە بىلەن بىرلىشىپ جەڭچى ئىسلامبېكنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، جەسەتنى كۆمگەن يېرىدىن تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنى بىر يەن قوراللىق ساقچى ئەسكەر بىلەن چىقارسام، ئەسكەرلەر كەچقۇرۇن «تاپالمىدۇق» دەپ قايتىپ كەلدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە،

قۇرمانباي «جەسەتنى ئېچىپ بېرىمەن» دېگەن باھانە بىلەن
سىرتقا چىقىپ قېچىپ كەتمەكچى بولغان.

1948 - يىلى 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، نۇرۇمبىت-
شەنىڭ ئاۋۇۋۇلىدىكى خەلق نۇرۇمبىتشەنى چەمبەرچەس باغلاپ
ئەكىلىپ، ئۈچ دانە ئات بىلەن تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە
تاپشۇردى. سوراق قىلىش جەريانىدا، نۇرۇمبىتشە تۆۋەندىكى-
لەرنى ئىقرار قىلدى: ساقچى ئىسلامبەك ناھىيىلىك تىنچلىق
ساقلاش ئىدارىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى قۇرمانباي بىلەن
نۇرۇمبىتشەگە ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، نۇرۇمبىتشە ساقچى
ئىسلامبەكنى ئۆيىدە چايغا مېلىكە قىلىپ قويۇپ، قۇرمانباي
ۋە باشقا شېرىكلىرى بىلەن، ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ قورالىنى ئېلىپ
چېگىرىدىكى باندىتلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ،
كۈننى كەچ قىلىش ئۈچۈن، ئىسلامبەكنىڭ مىلتىقىنى چۇۋۇپ
كۆرۈش ۋە قايتا قوراشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئاندىن
كەچتە قۇرمانباي بىلەن ئىككىسى خالىي بىر ئۆيگە كىرىپ،
جەڭچى ئىسلامبەكنى قەيەردە، قانداق ئۆلتۈرۈش، باندىتلارغا
قايسى يول بىلەن كېتىشنى پىلانلاپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن
كېيىن، جەڭچى ئىسلامبەك بىلەن بىللە ناھىيىگە قاراپ يولغا
چىققان. يولدا كېتىۋېتىپ، نۇرۇمبىتشە تەرەتكە ئولتۇرۇشنى
باھانە قىلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، يوغان بىر تاشنى قويىنىغا يوشۇ-
رۇۋالغان؛ بىر جىلغىغا كەلگەندە، نۇرۇمبىتشە ئىسلامبەكنى
قۇلاق تۈۋىگە تاش بىلەن ئۇرۇپ ئاتتىن يىقىتقان؛ ئىسلامبەك
ئاتتىن يىقىلغاندا قورالىدىن ئايرىلىپ قالغان، نۇرۇمبىتشە
قورالنى ۋە ئۇنىڭ بېلىدىكى ئوقنى ئېلىۋالغان؛ قۇرمانباي
كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئىسلامبەكنى دەرھال باغلاپ،
جىلغىنىڭ دالدىراق يېرىگە سۆرەپ ئاپىرىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ،
ئۇنىڭ جەسىتىنى تاشلارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويغان؛ ئاندىن
ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىمىنى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ غانجۇغىسىغا



باغلاپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا تۈرۈپ، ئاتنى شەھەرگە
ھەيدىۋەتكەن. ئاندىن ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ، بارلىق
شېرىكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىسلامبەكتىن بۇلاپ ئالغان
مىلتىق ۋە ئوقنى ئېلىپ چېگىرىدىكى باندىتلارنىڭ قېشىغا
كېتىش، ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئوغرىلىق ھەرى-
كىتىنى توختىتىپ، ھېچنەرسە بىلمىگەن قىياپەتتە كىرىۋېلىپ،
ئۆيلىرىدە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇش قارارىغا كېلىشكەن؛
قۇرمانباي ئەتە ماڭايلى دېسە، نۇرۇمبىتشە بۈگۈن كېچىلەپ
يۈرۈپ كېتەيلى دەپ، شۇ ئاخشىمى كەتكەن؛ قۇرمانباي كىيىم-
كېچەك ۋە ئوزۇق - ئوقەت تەييارلىقىنى قىلىپ، ئەتىسى
ئەتىگەن يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالغان.

نۇرۇمبىتشە چېگىرىغا بېرىش يولىدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيە
قىسىملىرىنىڭ چارلاش ئەترەتلىرى بارلىقىدىن، بولۇپمۇ سار-
توقاي، قارا تۆكە قاتارلىق جايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيە
قىسىملىرىنىڭ بازىسى ۋە قويۇق چارلاش ئەترەتلىرى بارلى-
قىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئارقىسىغا يېنىپ ئوغرى يول-
لار بىلەن مېڭىپ، داللاردا كۈندۈزى ئات ئوتلاتقاچ
دەم ئېلىپ، كېچىسى يول يۈرۈپ، يەنسىخەيگە
چىقىپ قالغان. ئۇ يەردىمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ
كۆچلۈك بازىسى ۋە قاتمۇقات چارلاش ئەترەتلىرى بارلى-
قىنى بىلىپ، يەنسىخەيگە كىرمەي، يەنسىخەي ئەتراپىدىكى
دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوغۇرلۇقچە كىرىپ، يېتەرلىك ئوزۇق -
ئوقەت ۋە ئۈچ دانە ئات ئوغرىلاپ قايتىپ، جىمىنەيگە يېنى
ئۆز ئاۋۇلىغا كەلگەندە، ئاۋۇلىدىكى جامائەت ئۇنى تۇتۇپ
باغلاپ، تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.
نۇرۇمبىتشە سوراقتا قويۇلغان پاكىتلار ئالدىدا پۈتۈن جىنايى
قىلمىشلىرىغا ئىقرار بولۇپ، جەڭچى ئىسلامبەكنى ئۆزىنىڭ
ئۇرۇپ يىقىتقانلىقىنى، قۇرمانباينىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى؛

ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ خېلىدىن بېرى مال ئوغرىلاپ ۋە قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى ئوغرىلىق گۇرۇھى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى تولۇق تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ جىنايەت دېلوسىنى تەلتۆكۈس پاش قىلىپ، تېگىشلىك قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىپ؛ ناھىيىلىك تەپتىش ئىدارىسى ۋە ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەتلىك خەلق ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىدۇق. ۋىلايەتلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، ئوغرىلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل قۇرمانباي بىلەن نۇرۇمبېتشەگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ئالتاي شەھىرىدە ئىجرا قىلىندى؛ قالغان جىنايەتچىلەرگە جىنايى قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، سەككىز يىل، بەش يىل، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن بۇ ئېغىر جىنايى ئەنزىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا، بۇرۇن دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن قېچىپ چىقىپ باندىتلار گۇرۇھىغا قوشۇلۇپ كەتكەن باندىت مويىلغىنىڭ ئوندەك ئادەم بىلەن ساۋۇر تېغى تۇمشۇقىدىكى بارقى قەبىلىسى ئىچىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

## باندىتلار بىلەن ئېلىشىش

1948 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرى، باندىت مويىلغىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ناھىيىمىزگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قۇرايتى پەيچۇسىنىڭ سوجىڭى سۇلايمانغا مەخسۇس ئادەمدىن خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىر بەن قوراللىق ساقچى



بىلەك قارجاۋ دېگەن يەرگە كېلىشىنى تاپىلاپ، ئۆزۈم ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچى ئەترىتىدىن بىر پەي ئەسكەر ئېلىپ يولغا چىقىپ، كېچىچە مېڭىپ ئەتىسى كەچتە ساۋۇر تېغى تۇمشۇقىدىكى بارقى قەبىلىسىنىڭ ماردان ئاغا ئاۋۇلىغا يېتىپ باردىم. مەلۇم بولۇشىچە، بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، باندىت مويىلغى ئوندەك قوراللىق ئادىمى بىلەن ماردان ئاغا ئاۋۇلىغا كېلىپ، ئاۋۇلنىڭ يىلقىسىنى ھەيدەپ ماڭماقچى بولغاندا، ئاۋۇل ئاقساقىلى ماردان ئاغا خەلقنى باشلاپ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، باندىتلارنى توسوغان. خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان باندىتلار ماردان ئاغىنى ئېتىۋېتىپ، ئاۋۇلنىڭ يىلقىسىنى ھەممە تۆلەڭگۈت ئېلىدىن سانىسىزباي ئىسىملىك ب شىۋىز يىلقىلىق باينىڭ بارلىق يىلقىلىرىنى ھەيدەپ ماڭغان. باندىتلارنىڭ كېلىشى ئۇشتۇمتۇت، ھەيدەپ ماڭغىنى يىلقا بولغاچقا، ھەرىكىتى تېز بولغان. قۇرايتى پەيچۇسىنىڭ باشلىقى سۇلايمان مېنىڭ خېتىم يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا، باندىت مويىلغىنىڭ سانىسىزباينىڭ يىلقىسىنى تامامەن ھەيدەپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىكەن، ئۇ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، 15 نەپەر قوراللىق ساقچى بىلەن باندىتلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، باندىتلارنى قوغلاپ ساۋۇر تېغىنىڭ ئاخىرقى تۇمشۇقىغا بارغاندا، باندىتلارنىڭ قوغلاپ كەلگەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا قويۇپ قويغان ئادەملىرىگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېتىشقان. ئاڭغىچە باندىتلارنىڭ يىلقىنى قوغلاپ ماڭغان قىسمى خېلى ئىلگىرىلەپ كەتكەن، شۇ ئېلىشىشتا سۇلايماننىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ، سۇلايمان پىيادە قالغان، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، دۈشمەن بىلەن داۋاملىق ئېتىشقان. ئەمما باندىتلار بۇلاپ ئالغان يىلقىلارنى قوغلاپ، كېرىم قورا دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، سالبىرتى تېغى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بىز بىرنەچچە سائەت

تىن كېيىن يېتىپ بارساق، باندىتلار خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، دۈشمەن غەلىبە قىلغان، بىز مەغلۇپ بولغانىدۇق. بىز سېپىمىزلىكتىن يۈگۈرەلمەي يولدا قېپقالغان ئايغىر، بايتال، تاي، قۇلۇن قاتارلىق بىرقانچە ئون يىلقىنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېرىشتۇرۇپ ئېلىپ قايتتۇق.

ئەتىسى قوبۇقساردىن قابىلبېك، ماقسۇتبېك ئىسىملىك ئاكا - ئۇكا ئىككى قازاق يىگىت ئوتۇن ئېلىش ئۈچۈن بىر ئات بىر ئۆكۈز بىلەن سالبىرتى تېغى ئىچىگە كىرىپ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، دەرەخلىك ئارىسىدىن ئۈشتۈمتۇتلا: كۆتۈر قولۇڭنى! دېگەن ئاۋاز چىققان، ئۇلار قولىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر قوراللىق كىشى① مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ماقسۇتبېككە: ئورنۇڭدىن قىمىرلىماي تۇر! دەپ قويۇپ، قابىلبېكنى: سەن ساي تەرەپكە ماڭ! دەپ قورال بىلەن سايىنىڭ پەس تەرىپىگە ھەيدەپ ماڭغان، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننى سايىنىڭ تۈۋىگە بىر - بىرلەپ ئاپىرىپ ئېتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇلاغ - ئوزۇقىنى ئېلىپ قېچىشتەك شۇم نىيىتىنى سەزگەن ماقسۇتبېك قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ھايات - ماماتلىق پەيتتە دەرھال ھوشىنى تېپىپ، مويىلغىغا تاشلانغان. ئۇ، مۇنداق دېدى: ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ باندىت مويىلغىنىڭ گەجگىسىگە قانداق مىنىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم، مەن مويىلغى بىلەن يومۇداقلىشىپ ئېلىشىۋاتقاندا، ئاكام دەرھال ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: قىمىرلىما، قولۇڭنى كۆتۈر! دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇ ئاردا مەن بېلىمدىكى چىگىنى يېشىپ، مويىلغىنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاپ

① بۇ قوراللىق كىشى باندىت مويىلغى بولۇپ، ئالدىنقى كۈنى بىز بىلەن ئېلىشقاندا ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ پىيادە قالغاچقا، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تاغ ئىچىدىكى سوكسوكلۇققا يوشۇرۇنۇۋالغان.



ئالدىم. ئاندىن ئاكام ئىككىمىز مويىلغىنى ئۆكۈزگە مىندۈرۈپ، ئىككى پۇتىنى ئارغامچا بىلەن ئۆكۈزنىڭ قورسىقىغا چىڭ باغلاپ، يەنە بىر ئارغامچا بىلەن مويىلغىنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئاكامغا تۇتقۇزدۇم. مەن پىيادە مېڭىپ، ئۆكۈزنى يېتىلىدىم؛ ئاكام ئاتقا مىنىپ، بەتلەكلىك مىلتىقنى باندىت مويىلغىنىڭ گەجگىسىگە تەڭلەپ ماڭدى. بىز ئۇنى شۇ كۈنى كەچتە قوبۇقسار ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن «ئۇھ» دېدۇق. — بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ باندىت مويىلغى بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، غەيرەت - جاسارەت بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى خەلقنىڭ ئالقىشىغا، ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي مۇكاپات بىلەن تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

باندىتلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن، قوشتولغاي، قوبۇقسار ناھىيىلىرى ۋە ئالتاينىڭ بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە بىرقانچە قېتىم كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھاياتىغا ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زور خەۋپ يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي يۆنىلىش شتابى (ئورنى ئالتايدا ئىدى) بۇرۇنقى پارتىزانلارنى قايتا يىغىپ، جېمۇنەي ناھىيىسىنىڭ سارچوقى (ئەلەنۋاڭنىڭ كونا ماكانى)، قارجاۋ دېگەن جايلىرىدا پارتىزان نۇقتىلىرى تەسىس قىلىپ، باندىتلارغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، پولك دەرىجىلىك ئوفىتسېر ستودېنكوۋ ئانتوننى ئەترەت كوماندىرى، مېنى سىياسىي تەربىيىچى قىلىپ تەيىنلىدى. بىز جېمۇنەي تەۋەسىدىكى كونا پارتىزانلاردىن 300 كىشىنى ھەربىي سەپكە قايتا چاقىرىپ ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ستودېنـ

كۇۋ ئانتون 150 پارتىزان بىلەن سارچوقى نۇقتىسىدا، مەن 150 پارتىزان بىلەن قارجاۋ نۇقتىسىدا تۇردۇق. باندىت مويىلغى دۆربىلجىن، قوبۇقسار، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان جايلاردىكى خەلق ئارىسىدا كۈرەش قىلىنىپ، قان قەرزگە توشقان بۇ دۈشمەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى ۋە دۆربىلجىن ناھىيىسىدە خەلق ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى.

## خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش

1949 ـ يىلى مەن ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتىم. يولداش قالى ئاباك ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى ئىدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مەن، ياسىن ھۈسەيىن، ئابدۇلقىيىم، غوپۇر ھۈسەيىن، مىجىت سەئىدى قاتارلىق بىر قانچىمىز شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالتايغا كېلىدىغان قىسمىنى قىزغىن قارشى ئېلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. خەلق ئاممىسى بۇ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن 72 دادەن ھەر خىل ئاشلىق، 47 باش كالا، 100 تۇياقتىن ئارتۇق قوي ـ ئۆچكە ئىئانە توپلىدى. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئىشخانا قورۇسىنى ئازادلىق ئارمىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بوشىتىپ بېرىپ، ۋىلايەتلىك سابىق ئالتۇن ـ كان ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا كۆچۈپ چىقتى. ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەربىر ناھىيىدىن ئىككىدىن ۋەكىل ھاكىم بىلەن بىللە سارسۇمبىگە كېلىپ،



قارشى ئالغۇچىلار سېپىگە قوشۇلۇشى ئۇقتۇرۇش قىلىندى. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىككىنچى كورپۇسىنىڭ كوماندىرى شاۋفې، كومىسسار ياڭ لىگۇاڭ باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل پولك ئالتاي شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى باشلىق بارلىق كادىرلار، ناھىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ۋىلايەتتىكى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق 3 ـ ئاتلىق پولكى، شەھەر ئاھالىلىرىدىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئالتاي شەھىرىنىڭ بوسۇغىسى لاگېر دېگەن جايغا يىغىلىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ بولۇپ تۇرۇپ، سۆيۈملۈك كىشىلەرنى قىزغىن قارشى ئالدۇق، مۇستەقىل پولكنىڭ كوماندىرلىرى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، قارشى ئالغۇچىلارغا سەمىمىي ھۆرمەت بىلدۈردى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىش، نۇتۇق سۆزلەش ئىشلىرى بولمىدى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇستەقىل پولك بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## چېكەتكە يوقىتىش

1950 يىلى 6 ـ ئاي مەزگىلى، قابا ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرىدىن ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە «ناھىيىمىزدە سارانچا چېكەتكىسى پەيدا بولۇپ قالدى» دەپ دوكلات كەلدى. بۇ، ئالتايدا پارتىيە تەشكىلىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتقان چاغ ئىدى. ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ياڭ لىگۇاڭ قابا، بۇرچىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چېكەتكە ئاپىتى پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،

دەرھال مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملار يىغىنىنى چاقىرىپ، بۇ ئىككى ناھىيىدە پەيدا بولغان چېكەتكىلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يولداش ياڭ لىڭگۋاڭ باشلىق، مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان توقۇلۇپ مۇئاۋىن باشلىق، يولداش قالى ئاباك باش كاتىپ بولغان چېكەتكە يوقىتىش قوماندانلىق شتابى قۇردى. خىزمەت تەقسىماتى بويىچە، ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سەلىمجان كاكىجانوۋ بۇرچىن ناھىيىسىگە، مەن قابا ناھىيىسىگە بېرىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىللە ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ناھىيە خەلقىنى تەشكىللەپ، چېكەتكە يوقىتىش ئىشىغا كىرىشتۇق.

مەلۇم بولۇشىچە، 1949 - يىلى يازدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قابا ناھىيىسىگە چېگرىداش زېمىنىدا سارانچا چېكەتكىسى پەيدا بولغاندا، ئۇلار چېكەتكە يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئاخىرقى بىر قىسىم چېكەتكە قابا ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرى تەۋەسىگە ئۇچۇپ كېلىپ، تاغ قاپتاللىرىدىكى قۇملۇقلاردا لىچىنكا (تۇخۇم) تاشلىغان. بۇ لىچىنكىلار 1950 - يىلى 5 - ئايدا قۇم تېگىدە قۇرتقا ئايلىنىپ يەر يۈزىگە چىققان. بۇنى قابا ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلاردىن مۇقاممەتجان دېگەن كىشى كۆرۈپ، قابا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلغان. ھۆكۈمەت كىشىلىرى ئۇ يەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ بولغۇچە بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپ، چېكەتكە قۇرتلىرى چېكەتكە بالىسىغا ئايلىنىپ، توپلىشىپ ياتقان ئۆۋىلىرىدىن چىقىپ قىمىرلاشقا باشلىغان. بىز ناھىيىلەرگە بېرىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ، ھەرىكەت باشلىغىچە، چېكەتكە بالىلىرى رەسمىي چېكەتكىگە ئايلىنىپ، مۇستەقىل ھەرىكەتلىنەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. سارانچا چېكەتكىسى شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنكى،



قۇرت رەسمىي چېكەتكىگە ئايلانغاندىن كېيىن شەرققە يۈزلىنىپ، توپ - توپى بىلەن (ھەر توپى بىرنەچچە يۈزمىڭ ھەتتا مىليون دانە بولىدىكەن) چۆل - جەزىرىدىن ئۆتلاق، ئېتىز ۋە ئېرىقلارغا قاراپ مېڭىپ، ئۇچرىغانلا ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ ۋە زىرائەتلەرنى ھەتتا دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە يۇمران شۇمبىلىرىنىمۇ قويماي يەپ ماڭىدىكەن؛ شەرققە قاراپ مېڭىش يولىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدىكەن (ئوڭ - سولغا بۇرۇلمايدىكەن، ئارقىغىمۇ يانمايدىكەن). خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تەجرىبىلىك كىشىلەر ۋە تېخنىك خادىملار سارانچا چېكەتكىسىنىڭ ئاشۇ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، يوقىتىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ، شاخ - شۇمبىلاردىن چوڭ سۈپۈرگە ياساپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئورەككە ھەيدەپ چۈشۈرۈپ كۆمۈپ ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندۇق. ئورەككە چۈشۈرۈشتە، چېكەتكىلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كەڭلىكى 50 س م، چوڭقۇرلۇقى 50 س م، ئۇزۇنلۇقى (چېكەتكىلەرنىڭ يامراپ مېڭىش دائىرىسىگە قاراپ) بەش مېتىردىن يەتتە مېتىرغىچە ھەتتا 10 مېتىرغىچە ئورەك قېزىپ، شۇ ئورەككە چۈشۈرۈپ، ئورەك پىرىم بولغاندا كۆمۈپ تاشلىدۇق. ھەر ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

بۇ ئىشنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا مەيدان ۋە گۇرۇپپىلار ئارا مۇسابىقىسىنى يولغا قويۇپ، مۇسابىقە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە تەقدىر - تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردۇق. سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە تەقدىرلەش نەتىجىسىنى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، «ئۇچما گېزىت» چىقىرىپ ھەر كۈنلۈك ئىش ۋە مۇسابىقىنىڭ نەتىجىلىرىنى، ناھىيىلەر-

نىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ھەر كۈنى كېچىتكە بېسىپ تۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، قابا ۋە بۇرچىن ناھىيىلىرىدە چېكەتكە يوقىتىش ھەرىكىتى 27 كۈن داۋام قىلىپ، بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ زىرائەت، دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلىرى زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

## قابا ناھىيىسىدە كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش

1951 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ باردىم، 10 - ئايدا، دۆلەت بايرىمىنىڭ ئىككىنچى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قابا ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. يولداش بەي چىڭيىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. مەن قاباغا يېڭى بارغان كۈنلەردە ھاۋا ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇق بولۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىشنىڭ بېشارىتىنى بېرىپ تۇراتتى. دېگەندەك 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باشلانغان يامغۇر تاكى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە 38 كۈن توختىماي ياغدى. قابا ناھىيىسىدە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى تېخى يىغىشتۇرۇلمىغان، چارۋىلارنىڭ قىشلىق ئوزۇقىغا كېرەكلىك ئوت - چۆپلەر تېخى ئورۇلمىغان، بۇغداي، ئارپا، سۇلۇ، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر خامانغا يىغىلغان بولسىمۇ، ئارپا بىلەن سۇلۇدىن باشقىلىرى تېخى سوقۇلمىغانىكەن. 30 نەچچە كۈن توختىماي ياغقان يامغۇردا، ئېتىزدىكى چۆپلەر چىرىپ بۇزۇلغان، خامانغا يىغىپ بولغان ئاشلىقلار سېسىپ كەتكەن، سېسىمىغانلىرى ئۈندۈرمە بولۇپ يارامسىز نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان، دېمەك، شۇ يىلى قابا ناھىيىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچرىدى؛ 1951 - يىلىنىڭ قىشى قاتتىق،



1952 - يىلىنىڭ ئەتىيازى ئۈزۈكچىلىك بولۇپ، چارۋا ماللارنىڭ ئوزۇقلۇقتىن قىسىلىپ ئۆلۈشى بىرقەدەر ئېغىر بولدى. ناھىيىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمەي، بولۇپمۇ كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەچكە، 1952 - يىلىنىڭ 3 - ئېيىغا كەلگەندە خەلق ئارىسىدا ئىششىق كېسىلى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ قابا ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونىدىكى چىبار ئايغىر ئېلىنىڭ قىزىلقۇرت قەبىلىسىدە بىرقەدەر ئېغىر بولدى. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى ناھىيىلىك پارتكومغا دوكلات قىلدىم. يولداش بەي چىڭيىڭ: قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇۋاتقان چىبار ئايغىرئېلى ئىچىگە ئۆزىڭىز بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىر تەييارلىسىڭىز، بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ بىر ياقلىق قىلساق، دېدى. مەن چىبار ئايغىر ئېلىگە جۈملىدىن قىزىلقۇرت قەبىلىسىگە بېرىپ، رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ليۇ × ×، رايونلۇق ھۆكۈمەت باشلىقى زاقان، قىشلاق باشلىقى × × بىلەن بىرلىكتە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا بىرىنچى قول ماتېرىيال تەييارلاپ، يولداش بەي چىڭيىڭغا ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلدىم.

چىبار ئايغىر ئېلىنىڭ قىزىلقۇرت قەبىلىسىدە 57 ئائىلە بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكتىن باشقا ئورۇن - كۆرپە، كىيىم، كىگىز - كېچەك قىيىنچىلىقىمۇ خېلىلا ئېغىر ئىكەن. بەزى ئائىلىلەردە ئۇششاق باللار يالىڭاچ بولغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى سۆگەت چىۋىقىدىن ئۇزۇنچاق سېۋەت توقۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يېرتىلىپ بولغان كىيىملەرنىڭ يەڭ - ئېتەكلىرىنى، كېرەكسىز كىگىز

پارچىلىرىنى سىيلاپ، بالىلارنى شۇنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. كۈن سوغۇق بولغاچقا، بۇ بالىلار كۈن بويى شۇ سېۋەتنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان. 57 ئائىلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، كىگىز - كۆرپىدىن قىسىلىپ، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئىلاجىسىز قالغان. بىرەر سېغىن سېيىرى بار ئائىلىلەر ناھايىتى ئازچىلىق ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ بىئارام بولدۇم. رايكوم شۇجىسى ۋە رايون باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چىبار ئايغىر ئېلىدىكى ھاللىق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى 70 نەچچە ئائىلىنىڭ باشلىقلىرىنى دەرھال رايونغا يىغىنغا چاقىردىم. يىغىندا، قىزىلقۇرت قەبىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى، بۇنى دەرھال ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھازىرچە ئىككى خىل يول بىلەن ھەل قىلىش: بىرى، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر كىم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كىگىز، ئاشلىق، چارۋا مال، پۇل ياردەم قىلىش؛ يەنە بىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن بىر قىسىم خىراجەت ئاجرىتىپ ھەل قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يىغىن قاتناشچىلىرى بۇنىڭغا بىرئېغىزدىن قوشۇلۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنى ئېيتتى. مەن كىيىم - كېچەك قىيىنچىلىقىنى ھەر كىم كونا - يېڭى كىيىملىرى؛ ئورۇن - كۆرپىلىرى ۋە كونا كىگىزلىرىنى بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلايلى، دېدىم ۋە ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئۈستۈمدىكى ئاددىي جۇۋىنى سېلىپ ئوتتۇرىغا تاشلىدىم؛ ئاندىن باشقىلار ئارقا - ئارقىدىن كونا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كىگىز، شىرداقلارنى ئاتىدى. بۇنى رايون باشلىقى زاقان تىزىملىۋالدى.

ئوزۇق - تۈلۈك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا، ھەر بىر ھاللىق ئائىلە ئۆز يېنىدىكى كەمبەغەل ئائىلىلەردىن بىرىگە ئوزۇقلۇق بېرىش ياكى بىرەر سېغىن سېيىرىنى ۋاقىتلىق بېرىپ



تۇرۇش، ھۆكۈمەت ھەر بىر كەمبەغەل ئائىلىگە ئېيىغا بىر كۆرە بۇغداي، بىر كۆزە تېرىق قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يىغىن قاتناشچىلىرى بۇنىڭغىمۇ تولۇق قوشۇلدى. بۇ ئىشلارنى شۇ يىغىننىڭ قارارى بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيىگە قايتىپ كەلدىم. ناھىيە يازىرىدىكى يېتىم بالىلارنىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر بالىغا بىر كۆرىدىن بۇغداي بېرىپ ئورۇنلاشتۇردۇق.

لېكىن، قابا ناھىيىسىدىكى ئوزۇقلۇق مەسىلىسى پەقەت نامرات ئائىلىلەرنىڭلا مەسىلىسى بولماستىن، 1951 - يىلى كۈز پەسلىدىكى يامغۇر ئاپىتى تۈپەيلىدىن، ناھىيە بويىچە ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، بىر قېتىم قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بېرىش بىلەن مەسىلە تولۇق ھەل بولۇپ كەتمەيتتى (قىيىنچىلىقنىڭ دائىرىسى كېڭىيىش، سالمىقى ئېشىش ئېھتىمالى بار ئىدى)، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئويلاش زۆرۈر ئىدى. ناھىيىدىكى بارلىق ھاللىق شەخسلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئامىمىنىڭ دائىملىق ئېھتىيات ئاشلىقى ئامبىرى قۇرۇشنى ئويلاپ، قىزىلقۇرت قەبىلىسىدە يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ناھىيىلىك پارتكومغا يازغان دوكلاتىمدا، ناھىيىدە بىر ئېھتىيات ئاشلىقى ئامبىرى قۇرۇش ۋە ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قابا ئاشلىق سېكىدا ساقلاقلىق 40 توننا بۇغدىيىنى (بۇ بۇغداينى مىللىي ئارمىيىنىڭ قابا ناھىيىسىدە تۇرغان مەلۇم لېيەنى ئازادلىقتىن بۇرۇن ئەمگەك قىلىپ ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن قابا ناھىيىسىدىن كېتىدىغان ۋاقتىدا ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن) قابا خەلقىگە جانلىق مالغا سېتىپ بېرىش مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. يولداش بەي چىڭيىڭ مېنىڭ دوكلاتىمدىكى پىكىرلەرگە قوشۇلدى. ئال-

تاي شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ قابا ناھىيىسىدە ساقلاقلىق بۇغدىيىنى رايونلار بويىچە خەلققە سىپتىپ بەردۇق. ئۇنىڭغىچە ئەتىياز كىلىپ، ماللار تۆللەپ، سۇتمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ قالدى. قىيىنچىلىقى بار ھەر بىر ئائىلىگە يەنە قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپ بەردۇق. ھەر بىر ھاللىق ئائىلە ئۆز يېنىدىكى قىيىنچىلىقى بار كەمبەغەل ئائىلىنى يېنىغا تارتىپ ئوزۇقلاندۇرۇپ، قىش ۋە ئەتىيازدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ، يازغا ئۇلاشتۇردى.

1952 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيە بويىچە 200 دىن ئارتۇق ھاللىق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى بايىنى ناھىيە كۇلۇبىغا يىغىنغا چاقىرىپ، ناھىيىدە بىر «ئېھتىيات ئاشلىقى ئامبىرى» قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. يىغىننى مەن باشقۇردۇم، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش بەي چىڭيىڭ ئېھتىيات ئاشلىقى ئامبىرى قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلىدى. ئاندىن ئېھتىيات ئاشلىقى ئامبىرى قۇرۇشنىڭ پايدىسى ۋە بۇ ئامباردىن ھەممە كىشىنىڭ پايدىلىنىش ئىمكانىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپچىلىك قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئېھتىيات ئامبىرىنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ يېنىدا قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ئامبارنى باشقۇرۇشقا ئاممىدىن 9 كىشىلىك بىر ھەيئەت سايلاندى. ھەيئەتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى قىلىشقا كۆپچىلىك ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ مەسئۇلى زەينىنىنى سايلىدى. ئاخىرىدا، ئېھتىيات ئامبىرىغا ئىئانە توپلاش باشلىنىپ، يىغىن قاتناشچىلىرى قىزغىنلىق بىلەن كالا، قوي، ئۆچكە، بۇغداي، ئارپا، سۇلۇ، تېرىق، پۇرچاق، گەزلىمە رەخت، چەم، كۆن - خۇرۇم، نەق پۇل ئىئانە قىلىشتى. بۇ نەرسىلەردىن نەق پۇل، رەخت ۋە كۆن - خورۇملار يىغىۋېلىنىپ، ئاشلىق ۋە جانلىق ماللارنى كۈزدە يىغىۋېلىش قارار قىلىندى.



ئېھتىيات ئامبىرى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئامبار ھەيئىتى كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر مەلۇم قىلغان ئاساستا ۋاقتى - ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ھەل قىلىپ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېھتىيات ئامبىرىغا تېخى ئىئانە ئاتىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىئانە توپلاش ئىشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ، ئېھتىيات ئامبىرىنىڭ مەبلىغى داۋاملىق ئاشۇرۇپ بېرىلدى.

## پارتىيىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر تەربىيىسىگە ئېرىشىشىم

مەن پارتىيە قوينىغا كىرگەندىن كېيىن، يولداش ياڭ لېگۇك، شاۋخې، لى گورۇي، مىڭ شاڭلۇ، دۇەن يۈەن قاتارلىق پېشقەدەم كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا بىر قەدەر بىلىمگە ئىگە بولغانىدىم. 1952 - يىلى 3 - ئايلاردا، ئىلى رايونلۇق پارتكوم سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش لى يۈڭخې خىزمەت بىلەن ئالتايغا كەلگەندە ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىغا «پرولېتارىيات ئىنقىلابى» توغرىسىدا بىر قېتىم دەرس ئۆتتى. بۇ دەرستىن مەن «پرولېتارىيات ئىنقىلابى» توغرىسىدا ماركسىزملىق ئىلمىي ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. 1952 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كونفېرېنسىيىسىگە قاتنىشىپ، مەركەزدىن كەلگەن يولداشلارنىڭ كونفېرېنسىيىدە بەرگەن دوكلاتلىرى ۋە باشقا مەسئۇل يولداشلارنىڭ سۆزلىرىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش توغرىسىدا مەلۇم نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئالدىم. 34 كۈن داۋام قىلغان بۇ كونفېرېنسىيىمۇ مەن

ئۇچۇن بىر قېتىملىق پارتىيە دەرسى بولدى.

1954 - يىلى 8 - ئايدا تەشكىلنىڭ غەمخورلۇق قىلىـ
شى بىلەن، مەركىزىي ماركسىزم - لېنىنىزم ئىنستىتۇتى (كېـ
يىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى بولدى) دا تۇنجى قېتىم
ئېچىلغان شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇشقا بېرىپ، ئىنستىتۇتنىڭ
«نەزەرىيە ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، تونۇشنى ئۆستۈ-
رۈپ ئىدىيە ئۆزگەرتىش» دېگەن ئوقۇتۇش يۆنىلىشىگە ئاسا-
سەن، ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى (ماركسىستىك پەلسە-
پە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم) نى ۋە سىنىپىي
كۆرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت
ماركسىزملىق ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ماركسىزم -
لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا چوڭقۇرراق بىلىم ئالدىم؛ ئۆ-
گەنگەنلىرىمنى ئەمەلىيەتكە (جۈملىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ئەھـ
ۋالىمغا) ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلاپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسـ
نى تىكلىۋالدىم؛ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئۆگىنىپ،
ئۇلۇغ ۋەتىنىمنى چوڭقۇر چۈشەندىم، ۋەتەنگە بولغان مۇھەبـ
بىتىم، ۋەتەنپەرۋەرلىكىم ئاشتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ ئىنقىلابىي تارىخىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى، جۇڭگو ئىنقىلا-
بىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلغانلىقى، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك
ئىنقىلابىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى بىلدىم.

پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىـ
دە ئوقۇغان 20 ئاي جەريانىدا، كىتابتىن ئۆگەنگەندىن تاشـ
قىرى، قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل ۋاقىتلىرىدا تەشكىلنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭگۇ، شىڭياڭ،
ئەنشەن، دالىيەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاسار - ئەتىقە
ئورۇنلىرىنى، زاۋۇت، كان، كارخانا، فابرىكىلارنى ئېكىسكۇرسىيە
قىلىش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ تارىخى، ئازادلىقتىن



كېيىن ھەر ساھەدە ئېرىشكەن تەرەققىياتلىرى ۋە كەلگۈسى
ئىستىقبالى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە
بولدۇم.

(ئاپتورى: سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم — موللا مۇسا سايرامى

ئابدۇقېيۇم مەتتىمىن

موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى 1836 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونى ئانسقىز يېزىسى توغايلا مەھەللىسى (ھازىرقى توخسۇن يېزىسىنىڭ 4 - كەنتى) دە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجابىننى موللا ئېزىزخان خوجا خېلى يۇقىرى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە كىشى بولۇپ، سايرام رايونى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە خەلقپەرۋەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. موللا ئەيسا تۇنجى ئوغلى موللا مۇسانىڭ ئىستىقبالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ياخشى ئەخلاق ۋە خۇلق - مىجەز بىلەن تەربىيىلىگەن، كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، ھوشيار، چىچەن چوڭ بولغان موللا مۇسا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلغان. شۇڭا، ئاتىسى ئەمدىلا 7 ياشقا كىرگەن موللا مۇسانى سايرام مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەن، موللا مۇسا ئۇستازلىرى ۋە دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قانچە يىل ئىچىدىلا چىرايلىق ھۆسنىخەت



يازالايدىغان، ھەپتىيەكنى ۋە سۈپى ئاللا يار، ناۋايى شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ساۋاقداشلىرى ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە «بالا موللا» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

1847 - يىلى 9 - ئايدا، موللا مۇسا ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى يەتتە شەھەر بويىچە چوڭ ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن، موللا مۇسا بۇ مەدرىسىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىدە قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، گراماتىكا، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىللە، ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، كۇچا بويىچە تېزلا شۆھرەت قازىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇنىڭ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشىغا پاراسەتلىك بىلەن قىلغان مۇنداق بىر ئىشى سەۋەب بولغان:

موللا مۇسا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باي سودىگەر مەدرىستىكى تالىپلارغا ئاز - تولا بىر نەرسە «سەدىقە» قىلىدۇ. ئۇ چاغدا موللا مۇسا مەدرىسىدە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، موللا مۇسا مەدرىسىگە كېلىدۇ. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشنى، بىر نەرسە بەرسە ئاز بولسىمۇ ئېلىپ تۇرمۇشىغا سەرپ ئېتىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. موللا مۇسا خەلپەتلىك مەزگىلىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، بىر ساۋاقدىشىنى ھەمراھ قىلىپ ھېلىقى باينىڭ ئالدىغا بارىدۇ. سالام - سائەتتىن كېيىن، باي:

— ھە، كىچىك خەلپەت، بۇ ياققا كەپ قاپسىز، بۇرۇن ئىشقا كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورايدۇ. موللا مۇسا كېلىش

مەقسىتىنى بايان قىلغانىدىن كېيىن، باي ئۇنى مەسخىرە قىلغان هالدا كۈرەڭلىك بىلەن:

— بېرىدىغان سەدىقىمىز تۈگەپ قالدى، سىز كېچىكىپ قاپسىز، كېلەر يىلى كېلىڭ، — دەيدۇ. باينىڭ بۇ گېپىدىن دىلى ئازار يېگەن موللامۇسا گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇدۇل بىر دۇكانغا كىرىپ، ئىككى تاختا سامان قەغىزى سېتىۋېلىپ، باينىڭ بۇ رەزىللىكىنى سۆكىدىغان بىر شېئىر يېزىپ، رەستىگە چاپلاپ قويىدۇ. بۇ ئىش شۇ هامان كۇچا شەهرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. باي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان قىلمىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن موللا مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، موللا مۇسانىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارىلىپ كېتىدۇ. بۇ موللا مۇسانىڭ 16 - 17 ياش ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىززەت ئابرويىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ (ئەپسۇسكى، بۇ شېئىردىن بىرەر مىسرامۇ ساقلىنىپ قالمىغان). موللا مۇسا 1854 - يىلى كۇچادىن ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىپ، سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا سايرام مەدرىسىمۇ خېلى چوڭ، داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەهسىل قىلاتتى. سايرام كىچىك يۇرت بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەر، كۇچا قاتارلىق يەتتە شەهەردىن قالسىلا خېلى نامى بار، ئىلىم ئەهلىلىرى كۆپ، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر توپلاشقان هەم يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا شەهەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جاي ئىدى. شۇڭا، سايرامنىڭ نامى هەر قاچان بايدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىناتتى (هازىرمۇ سايرام ۋە سايرامغا قوشنا يېزىلارنىڭ كىشىلىرى باي ناهىيە



بازىرىنى باي بازىرى، سايرامنى سايرام شەهىرى دەپ ئاتىشىدۇ)، بۇنىڭغا بەلكى ئەينى ۋاقىتلاردا سايرام ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ئەمەلدارلىرى بىلەن مەرتىۋىدە ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. «تارىخىي هەمىدى» دە ... «خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى ئەمىرلەر ئۇرۇقىدىن بولغان بىر كىشىدىن: بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلسا، ئۇلار خانغا تەۋە بولۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دەپ سوراپتۇ، ئۇ: بۇ ئادەملەر مېنىڭ سۆز ۋە بۇيرۇقۇمدىن چىقمايدۇ. ماڭا چوڭ مەنسەپ بەرسىڭىز، مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ خانغا تەۋە قىلىپ بېرەي، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ، كۇچانىڭ هاكىملىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۈچىنچى جەرەكەلىك مەنسەپ بېرىپتۇ. شۇڭلاشقا، سايرامنىڭ هاكىملىرى بۇرۇندىنلا ئاقسۇ، كۇچانىڭ هاكىملىرى بىلەن جەرەكە ۋە مەرتىۋىدە باراۋەر ئىدى. لېكىن، ئۇلارغا قارىغاندا پۇقرا ئاز ۋە يۇرتى كىچىك ئىدى» دېيىلگەن①.

«سايرام» دېگەن نام ۋە موللا مۇسانىڭ ئۆزىنى «سايرامى» دەپ ئاتىشىغا كەلسەك، يەنە شۇ شاهانە ئەسەردە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «... قۇنتەيجى ... سايرامغا يېتىپ بېرىپ، بۇ جاينى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىپ، بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تالان - تاراج قىلىپتۇ. بۇ چاغدا سايرام ئەهلى خوجا ئۇرۇقى، شاه ئۇرۇقى، ئەمىر ئۇرۇقى دەپ ئۈچ قەبىلە ياكى ئۈچ ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىكەن، قۇنتەيجى بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئېسىل ۋە كاتتىلىرىنى تاللاپ، هەر ئۇرۇقتىن يىگىرمە ئۆيلۈكتىن ئاتمىش ئۆيلۈك ئادەمنى ئەهلى ئاياللىرى ۋە بالا پەرزەنتلىرى بىلەن ئات ئۆيلۈك قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۆز يۇرتى ئىلىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى بۇ جايدا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ، ئاندىن تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تۇرپاندا ئىككى

يىلغىچە تۇرۇپتۇ. بۇ كۈنلەردە قۇنتەيجى يوقلۇق ماكانىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ ۋە خاقان لەشكەرلىرىنىڭ ئىلى بىلەن ئالتە شەھەرگە كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ 60 ئۆيلۈك ئادەم ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن دەپ، ھەدىستە «ۋەتەننى دوست بىلگەنلىك ئىماندۇر» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قوۋم - قېرىنداشلىرىغا يېتىش ئارزۇ - ئىشتىياقى بىلەن تۇرپاندىن قوزغىلىپ مۇز داۋانغا كەلگەندە، چىن خاقان چېرىكلىرىنىڭ باشچىسى ئۇچراپ: «سىزلەر نېمە ئادەم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرز - ھالىنى بايان قىلىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ باشچىسى شەپقەت يۈزىسىدىن «ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى كەلدى، يوللار قالايمىقان، يۇرتلار تىنجىپ بولغۇچە دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ، كېتىشكە يول قويماي، ياقا ئېرىق دېگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە بىر نەچچە يىل تۇرۇپ، ئاخىر باي تەۋەسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ، يەنىلا كۆنەلمەي، تاغ ئېغىزى ۋە كەڭرى جاي ئىكەن دەپ ئۇشبۇ سايرامغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە تاشكەنتنىڭ سايرام دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇلارنى «سايرامى» دەپ ئاتاپتۇ②. دەرۋەقە، سايراملىق پېشقەدەملەر ھازىرغىچە: بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز تاشكەنتنىڭ سايرامى، بۇ - كۆچكەن سايرام، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ. ئالىم مۇشۇ مەشھۇر ئەسىرىدە، ئۆز نەسەبى ھەققىدە يەنە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: ...... خوجا ئۇرۇقى دېگەنلەر ئۆزىنى ئەلەۋىلەر يەنى ئەلى كىرە موللا ۋەجھۇ بىلەن نەسەپداش دەپ ھېسابلاپ، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بولىمىز دەپ پەخىرلىنىدۇ، كەمىنە مەنمۇ ئۇشبۇ ئۇرۇغدىن بولىمەن. ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان خۇش مۇبارەك شەجەرە



ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئۇنى تەۋەررۈك قىلىپ ساقلىماقتىمەن③. «تارىخىي ھەمىدى»دە قەيت قىلىنىشىچە، خوجا ئۇرۇقىغا بېرىلگەن ئالىي يارلىق نىشانى مىلادى 1538 - يىلى موللا مۇسا سايرامىنىڭ 12 - بوۋىسىغا بېرىلگەن بولۇپ، موللا مۇسا مۇشۇ ئەسەرنى يازغىچە تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ۋە كىتابقا كىرگۈزگەن.

موللا مۇسا سايرامى مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا پات - پات ئائىلىسىگە قايتىپ، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرغان؛ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىملىق ئورمىدا، دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ قولىنى ئورغاق كېسىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا موللا مۇسا سايرامى قىزىقچىلىق قىلىپ:

«يېمەي تويدۇم مۇنداق ئاشقا،
چۆمۈچ تەگدى ئالتۇن باشقا.
بۇ ئورمىنى ئورمىسام،
كۆڭلۈم ئۆتمەيدۇ مۇندىن باشقا»

دەپ بىر كۇپلېت قوشاق توقۇغان.

بۇ دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ۋە ئىستىبدات سىياسىتى ئەۋجىگە چىققان، يۇرت ۋە پۇقرالار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن خارابلىشىپ ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە چىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ - كىچىك خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋر ئىدى. 1864 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۈملىدىن كۇچادىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە قول - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى

كەڭ - كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرى پارتلىلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار
قوشۇنى كۇچادىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە يەرلىك
فېئوداللارنى تېزلا گۇمران قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ،
راشىدىن خوجىنى خان قىلىپ سايلايدۇ. ئۇلار كۇچانى مەركەز
قىلىپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆز
دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن راشىدىنخان
خوجا ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بۇرھانىدىن خوجىنى باش قوماندان،
موللا مۇسا سايرامىنىڭ سابىق مەدرىسىدىكى ئۇستازى، مەدرىسە-
نىڭ باش مۇدەررىسى بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى قوشۇن-
نىڭ باش قازىسى، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى
مەھمۇدىن خوجىنى ئاتىسىنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ،
190 لەشكەر ۋە سەككىز زەمبىرەك بىلەن («تارىخى ھەمىدى» دە
168 لەشكەر، 10 زەمبىرەك دېيىلگەن) سايرام، باي، ئاقسۇ
قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇدىن خوجا موللا مۇسا سايرامىنىڭ سابىق مەدرىستە سەككىز يىل بىر ھۇجرىدا يېتىپ - قوپۇپ، بىللە ئوقۇغان ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى. مەھمۇدىن خوجا سايرامدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ساۋاقدىشى موللا مۇسا سايرامىغا كۇچادا بولۇپ ئۆتكەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئۇنى تېزدىن كېلىپ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. موللا مۇسا سايرامى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستيار- ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كۇچاغا ماڭىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن قىزىلدا ئۇچرىشىدۇ. موللا مۇسا سايرامى سايرام مەدرىسىدە 8 - 10 يىل مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى، ياخشى خۇلق - مىجەزى، چىقىشقاقلىقى ۋە ئۆتكۈر زېھنىلىكى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان



بولغاچقا، مۇشۇنداق بىر ئاتاغلىق ئالىم ئەھلىنىڭ بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشتىراك قىلغانلىقىنى كۆرگەن سايرام ۋە باي خەلقى ئىشەنچىلىك ھالدا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭغا قىزىل، سايرام، بايدىن قاتناشقانلارنىڭ سانى 7 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى كۇچادا ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا، ھەرقايسى پەنلەردىن بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا قالماي، ھەربىي ئىشلار ئىلمىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدە ئۆز تالانتى ۋە ئىقتىدارى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ ۋە چوڭ ئابرويغا ئېرىشىدۇ. ئەمگەكچى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن موللا مۇسا سايرامى ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؛ بارغانلا يېرىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خەلق مەنپەئىتىگە پايدىلىق قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ، ئېلان قىلىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ.

1864 - يىلى 7 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى ئىشغال قىلىدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇچتۇر- پاندىكى قوماندانى مەھمۇدىن خوجا ئۇچتۇرپاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. موللا مۇسا سايرامى بولسا، باش مىرزا، مۆھۈردار، خەزىنە باشقۇرغۇچى ۋە ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ نازارەتچىسى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. موللا مۇسا سايرامى ئەنە شۇنداق چوڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، قولىدا مالىيە ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە تېگىش- لىكىگە شۈكرى قىلىپ، ھەرگىز نەپسانىيەتچىلىك، خىيانەتچىلىك قىلمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئاقىلانىلىك ۋە ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ. بۇ تەپسىلاتلارنىمۇ ئالىمنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «مەن كەمىنە مۇئەللىم مەھمۇدىن خوجام پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا دائىم بىللە بولىدىغان سىردىشى

ۋە ئۆلپەتدىشى ئىدىم. خاھى ئۆلىما، خاھى پازىل، خاھى ھاكىم، خاھى دادىخاھلار مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز بىر ئىش قىلالمايتتى» ... «پادىشاھنىڭ ھەممە مەخپىي گەپ - سۆز ۋە خەت ئالاقىلىرىگە ئەسىرا، ئوردىدىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇلغا مەسئۇل ئىدىم. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچ قانداق كىشى قاراۋۇلدىن ئۆتەلمەيتتى»④. ئەمدى موللا مۇسا سايرامىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار: «مانجۇلاردىن ئالغان بۇغداي ئامبىرى، بۇغداي ئۇنى ئامبىرى، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئامبىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرغانىدى. مەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئورنۇمدا ئۆز ئىنىم مۇھەممەت خەلپىنى قويدۇم (بۇ، ئېھتىمال، موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك. چۈنكى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ، ھېچقايسىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەمەس ئىدى).
......... «مەن ئۆزۈمگە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن تاشقىرى بىر سەر ئاشلىقنىمۇ ئارتۇق ئالمىدىم. ئىنىم مۇھەممەت خەلپە بىلەن بىر ھويلىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا چىراغ يېغى ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا. بازار نەرخى ھېسابلاپ پۇل بېرىپ ئالاتتىم» ... «ئاشخانا، ئاتخانىلارغىمۇ ئۆلچەمدىن تاشقىرى ياغ ئىشلەتمىدۇق ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىمىزغا سالمىدۇق. بۇ، مېنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىمدىنلا بولغان ئىش بولۇپ قالماي، بەلكى ئىنساپ، ئېھتىيات ۋە دىيانىتىمدىنمۇ بولدى»⑤. دېمەك، موللا مۇسا سايرامى كەڭ مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىق ھېسابىغا راھەت - پاراغەت كۆرۈشنى راۋا كۆرمىگەن. ھەر ۋاقىت ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېگۈچى بۇ زات شۇنچە يۇقىرى مەنسەپ، ئەۋزەل شارائىت ۋە ناز - نېمەتلەر



ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنى پاك تۇتقان.

1867 - يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۆپ قىسىم باشلىقلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ. جۈملىدىن موللا مۇسا سايرامىمۇ بىر مەزگىل نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئاخىردا يەنىلا ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تالانت - ئىقتىدارى ئۇنى بۇ مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا 1867 - يىلدىن 1877 - يىلغىچە ئاقسۇ رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆشرە - زاكات ھېساباتىنى خاتىرىلىگۈچى مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ. 77 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1878 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا موللا موسا سايرامىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىنىلىرى ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن، ھېلاخۇن، سىڭلىسى زىۋىدىخانىلا قالغانىدى. موللا مۇسا سايرامى ئۆز يېزىسىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئەينى يىللاردا ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەتداش بولغان ئاقسۇلۇق بۇرادەرلىرى ۋە قۇرداشلىرىنىڭ «ئاقسۇغا كەلسەڭ، بىرگە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەك» دەپ يازغان تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئاقسۇغا بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ: «ماڭا يېگىلى بىر نان بولسىلا بولىدۇ، ھەرقايسىڭلار ئوقەتنى بۆلۈشمەي، بىرگە ئۆتۈڭلار. «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن گەپ بار، بۆلۈنۈش ياخشى ئەمەس. ئىسلام ئاخۇن دېھقانچىلىقتا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگىنىنى يەڭلار. قاسىم ئاخۇن چارۋىچىلىقتا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگەن قويىنى يەڭلار، ھېلاخۇن يۇرتدارچىلىق قىلىسۇن ھەم سودا - سېتىق، كىيىم - كېچەك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن»

دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ياخشى كۈن، ياخشى سائەتنى تاللاپ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاقسۇغا ماڭىدۇ.

ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەنسەپدارى مۇھەممەت ئىمىن باي ئاقساقال دادىخاھ بىننى مۇھەممەت ئالىم باي مەرغۇلانى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىر نەچچە جان دوست - بۇرادەرلىرى، پېشقەدەم يارۇ - ئاشنىلىرىنىڭ «سەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، راشىدىنخان خوجا، ياقۇپبەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدىڭ، نۇرغۇن ئىشلارنى، ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، ئەۋلادلىرىمىزغا بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتسەڭ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەگرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى توپلاپ كىتاب قىلساڭ» دېگەن مەسلىھەتىگە بىنائەن، ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى، خوجىلار تارىخى، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار تارىخى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى توپلاپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆزى قاتناشقان ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، زور ئىجتىھات ۋە زور ئىجادىي كۈچ بىلەن «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق مەشھۇر تارىخى ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەر 1905 - يىلى روسىيە تارىخچىسى نىكولاي پانتاسوۋنىڭ ياردىمى بىلەن، قازان شەھىرىنىڭ «مەدرىسە ئولۇم» باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنىدۇ. كىتاب نەشردىن چىققاندىن كېيىن، نىكولاي پانتاسوۋ موللا مۇسا سايرامىغا بۇ كىتابتىن 25 پارچە ۋە 25 تىللا ئەۋەتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى كىتاب ۋە تىللانى تاپشۇرۇۋېلىپ، پانتاسوۋغا بىر پارچە مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت 1957 - يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىگە ئاپتورنىڭ ئەسلى قول يازمىسى



بويىچە بېسىلغان (بۇ گېزىت ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئورنىدا ساقلانماقتا).

بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ بىر تارىخچىسى كىتابنىڭ ئايرىم قىسىملىرىغا تەنقىدىي پىكىر بايان قىلغان، ئاپتور بۇ پىكىرلەرنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، كىتابنى ئەسلى ئاساسىدا 1908 - يىلى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. كىتاب دەسلەپ يېزىلغان 1903 - يىللىرى سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار يوقىتىلىپ ئىچكى يېغىلىقلار تۈگەپ، زامان تىنجىپ، ئەل ئەمىن تاپقان مەزگىل بولغاچقا، كىتابنىڭ ئىسمىنى «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ قويغان؛ كېيىن 1908 - يىلى تولۇقلاپ يازغان نۇسخىسى پۈتكەندىن كېيىن، كىتابنىڭ نامىنى تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىتخاننىڭ نامىغا قويۇپ، بىر نۇسخىسىنى كارۋانلار ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتكەن. ئەپسۇسكى، كارۋان يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ، كىتاب يوقىلىپ كەتكەن.

موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر مۇنچە مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان. مەسىلەن: 1885 - يىلى «تەزكىرە تۈل ئەۋلىيا»، 1898 - يىلى «دەرباياني ئەسھابۇل كەھف»، 1903 - يىلى «تارىخىي ئەمنىيە»، «قەسىدەئى سىددىق»، 1907 - يىلى «غەزەلىيات»، 1908 - يىلى «تارىخىي ھەمىدى»، 1916 - يىلى «سالامنامە» قاتارلىقلارنى يازغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موللا مۇسا سايرامى يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان، پارس تىلىدىمۇ بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەردىن «تارىخىي ئەمنىيە» مەتبەدە نەشر قىلىنغاندىن باشقا («تارىخىي ھەمىدى» 1986 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدى)، قالغانلىرى

قول يازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. «تارىخىي ئەمىنىيە» 1903 - يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر — مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ 1551 - يىلى سۇلتان ئابدۇرىشىت خاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، يەر - جاي ئىسىملىرىنىڭ مەنىسى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى قاتارلىق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىردىنبىر ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئاپتورنىڭ تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر رېئاللىق نۇقتىئىنەزەرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە.

قىسقىسى، بۇ ئەسەر ئىككىنچى ئادەم — نوھ پەيغەمبەردىن تارتىپ XIX ئەسىرگىچە بولغان مۇغۇلىستان ۋە يەتتە شەھەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار، ھۆكۈمرانلىق قىلغان گۇرۇھلار، ئۇنىڭ مۇغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبى، يەتتە شەھەرنىڭ خاقان چىنغا تەۋە بولۇش جەريانىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەر ئۆز ۋاقتىدىلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن تارىخشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، بىر نەچچە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشىر قىلىنغان. تارىخچىلار تارىخ تەتقىقاتى خىزمىتىدە بۇ ئەسەردىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىجادى تالانتىغا، ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا يۈكسەك باھا بەرگەن. ئاتاغلىق شائىر، جامائەت ئەربابى نىم شېھىت ئەرمىيە داموللامۇ بۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «نېمە دېگەن گۈزەل، پاساھەتلىك تىللار، نېمىدېگەن جاراڭلىق، يارقىن سادالار، مەن ئۆمرۈمدە ناۋايىدىن باشقا مۇشۇ كىشىدەك تىلغا باي سۆز ئۇستىسىنى، تىلى گۈزەل ئەدىپنى ئۇچراتمىغان،



ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئەلىشىر ناۋايىسى».

«سالامنامە» 1916 - يىلى 9 - ئايدا يېزىلغان، ھەجمى 100 بەت ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ شېئىرىي داستان ئاپتورنىڭ سايرامدىكى تۇغقانلىرىغا يازغان سالام خېتى ۋە ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«سالامەت بارمۇ سىز ئىسلام ئاخۇن،
كەتمەن چېپىپ، قوش ھەيدەپ ھارماڭ ئاخۇن.
قاسىم ئاخۇن سىز تاغدا ئامان بارمۇ،
ئارقار، كېيىك، جەرەنلەر سەمرىدىمۇ»

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار. ئاپتور شۇ ۋاقىتتا 3 - ئىنىسى ھېلاخۇنغا «ئاقسۇدا بۇغداي كەمچىل، 20 — 30 ئېشەككە بۇغداي يۈكلەپ كېلىپ، ئاقسۇ خەلقىنى بۇغداي بىلەن تەمىن ئېتىپ، قايتىشىڭىزدا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىدىن ئالغاچ كېلىپ، باي خەلقىنى گۈرۈچ بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز» دەپ تاپىلىغان.

موللا مۇسا سايرامى 1917 - يىلى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، تۇرمۇشى يوقسۇزلۇق، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شۇ يىلى 6 - ئايلاردا سايرامدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەت يازغان، خېتىدە:

«قېرىلىقتىن باشقا مەندە كېسەل يوق،
قېرىلىق بەلكى مىڭ كېسەلدىن ئارتۇق»

دېگەن. تۇغقانلىرى خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىچىك دادىسى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كالا ھارۋىسى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، موللا مۇسا سايرامىنى كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سايرامغا

قايتۇرۇپ كەلگەن.

موللا موسا سايرامىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىغقان بايلىقى بىر دۆۋە كىتاب بولۇپ، ئۇنى ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان، قەلەي بىلەن قاپلانغان ساندۇققا قاچىلىغانىكەن. بۇ نۆۋەت سايرامغا قايتىشىدا بۇ بىر ساندۇق كىتابنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم بۇ ساندۇقتىكى كىتاب ۋە قوليازمىلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. 1944 - يىلى كۇچالىق شائىر بايىز قارى ئوغلى مەتىمىن بايىز بىلەن بىللە ئاقسۇغا بېرىشىدا ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىرقانچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا، «تارىخىي ھەمىدى»نى، بىر قىسىم كىتاب ۋە شېئىرلارنىڭ قولىيازمىسىنى ئېلىپ كەتكەن. 1954 - يىلى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا كىرگەن ئىمام - مەزىن ۋە ئاخۇن - ئۆلىمالار ساندۇقتا قالغان كىتابلارنى بۆلۈشۈۋالغان. بىرنەچچە پارچە ئۇششاق كىتاب ۋە بىر قىسىم پارچە - پۇرات قولىيازمىلار قالغاندا، ئاخۇنۇملار: «بۇلارنى ساقلىيالىساڭلار، ئوبدان ساقلاڭلار، بولمىسا كەلسە - كەلمەس يەرگە تاشلىماي، دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار پاكى يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارنى ساندۇق بىلەنلا قەبرىستانلىققا كۆمۈۋەتكەن. شائىر بايىز قارى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى ئەتىۋارلاپ پۇختا ساقلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆزى تارتىپ چىقىرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان، كىتابلىرى (جۈملىدىن يۇقىرىقى ئەدەبىي مىراسلار) بازارغا ئېلىپ چىقىلىپ سېتىۋېتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىدىن بارغان كىشىلەر سېتىۋالغان (مەسىلەن، «سالامنامە»



نى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوسمان ئىسىملىك بىر كىشى سېتىۋالغان)، بەزىلىرىنى سېتىۋالغانلار بېيجىڭگە ئېلىپ كەتكەن، سېتىلماي قالغانلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنداق قىلىپ، مەرىپەتلىك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ۋە يىغقان ئەدەبىي بايلىقى ئاشۇنداق تۈگەپ كەتكەن. بەختكە يارىشا، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، ئەنۋەر بايتۇردەك ياش ئالىملىرىمىزنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى بىلەن، ئالىمنىڭ «تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمنىيە» لىرى نەشىر قىلىنىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

موللا مۇسا سايرامى سايرامدا 1917 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تۇرۇپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كىچىك دادىسى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ يېنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ئالىمنىڭ نەسلىدىن ھازىر توخسۇن يېزىسىنىڭ تۇغايلا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىز نەۋرىسى بولۇپ، 75 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ئايال ئۆزىنىڭ تېلى ئاجىز قىزى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇلار ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسى، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى قەشقەرلىق مەشھۇر مېمارچى يۈسۈپ ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، ئالىمنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان، قەبرىنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر گۈمبەز ياسىتىپ، قەبرىنىڭ يېنىغا مەسچىت سالدۇرغان؛ بۇ گۈمبەز «مۇسا موللام گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپ، 1965 - يىلىغىچە ئوبدان ساقلىنىپ كەلگەن. ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن بۇ تەۋەرۈك جايمۇ چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. لېكىن، خەلق بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، 1982 - يىلى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قەبرىنى خام كېسەك بىلەن بولسىمۇ قايتىدىن قاتۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ جايدا

ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدى.

× × ×

ئىزاھلار:

① «تارىخىي ھەمىدى» 592 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 590 — 592 - بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 592 — 593 - بەتلەر.

④ «تارىخىي ئەمنىيە» 95 - بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 96 — 97 - بەتلەر.

قوشۇمچە پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1985 - يىللىق 15 - سانىدىكى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «موللا مۇسا شېيىرلىرى» غا يازغان كىرىش سۆز.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشر قىلغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانى.

«تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمنىيە» قاتارلىقلار.

(ئاپتورى: باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن ئۆمەر
ئى. ئەسقەرى



# كەڭقىر قاراۋۇلخانا (لەڭزە)[①] نىڭ بىنا قىلىنىشى

تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسەين

شىنجاڭدا شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى گومىنداڭ نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن پەيدىنپەي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ۋاقتى كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىنمۇ يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭغا مۇستەقىل خان بولۇشتەك قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن زور تۈركۈمدە ئەسكەر ئېلىش، خەلق ئۈستىدىكى ھەربىي سىياسىي كۆپەيتىش، ئۆتەڭ ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم ئورۇنلارغا ھەربىي قاراۋۇلخانىلارنى كۆپەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى جىددىي ئېلىپ باردى. گۇما ناھىيىسىدىكى كەڭقىر قاراۋۇلخانا مانا مۇشۇنداق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن 1935 - يىلى قۇرۇلغان.

① يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «لەڭزە» ياكى «لەڭزە قاراۋۇلخانا» دەپ ئاتايدۇ. — تەھرىردىن

كەڭقىردا قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، خوتەن ھەربىي قوماندانلىق شتابىدىن ئادەم كېلىپ سانجۇدا ئۈچ كۈن ئورۇن تاللاپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئاندىن كەڭقىرنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان، جەنۇبىي تەرىپى تاغ، شىمالىي تەرىپى سانجۇ دەرياسى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغان، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى ئەپلىك بۇ ئورۇننى تاللاپ، قاراۋۇلخانا ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغان.

خوتەن ھەربىي قوماندانلىق شتابىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەر قايتىپ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، قازاق لىيەنجاڭ سوختۇرنىڭ باشچىلىقىدا بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر (قازاق، قىرغىزدىن تەركىب تاپقان) كەڭقىرغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي (يەنى 1935 - يىلى 4 - ئايدا) گومىدىكى توققۇز كەنتكە قاراۋۇلخانا قۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، خىش، سېغىز، ياغاچچى، تۆمۈرچى ۋە تۇرمۇش تەمىناتى قاتارلىق ئالۋانلارنى چىچىپ، قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. بۇ بىر لىيەن ئەسكەر پۇقرالارنىڭ ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئېلىپ كەلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ھەربىي تەمىناتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قولىغا خەت قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ياغاچچى، تۆمۈرچى، تامچى ۋە باشقا ئىشلەمچىلەرنى قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشىغا ئىشقا سالدى.

قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مو، ئەتراپى سېپىل تام بولۇپ، تامنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ ئاتلىق چوڭ چاقلىق ھارۋا بىمالال ماڭالايتتى. سېغىزنى سىرتتىن يۆتكەپ ئەكېلىپ بىر قەۋەت تاش، بىر قەۋەت سېغىزلاينى ئۈستى - ئۈستىلەپ قويۇش ئارقىلىق سېپىل تېمى قوپۇرۇلغانىدى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى يىراق جايلاردىن ئېلىپ كېلىنەتتى. ئەسكەرلەر بۇ



ئەھۋالنى نەزەردە تۇتماي، پۇقرالارنىڭ بېشىدا مىلتىق، تاياق - توقماقنى ئوينىتىپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىشكە مەجبۇرلايتتى. سېپىل سېلىش ئالۋىنىغا ئىشلىگەن پۇقرالار ئىلاجىسىزلىقتىن قۇرىمىغان ھۆل تام ئۈستىگە سېغىزلاي ۋە تاش قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. نەتىجىدە، بىر قېتىمدا سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 12 ئادەم ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. موجى، زاڭگۇي قاتارلىق جايلاردىن ئۇستا ياغاچچىلارنى ئەكېلىپ بولغىچە نۇرغۇن كىشىلەر ياغاچ بېسىۋېلىپ زەخىملەنگەن. ياغاچچىلارنىڭ ئاقساقىلى ھاشىم ئۇستا (سانجۇلۇق كىشى) ئۆگزىدىن ئۇچۇپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشىدا جېنىدىن جۇدا بولغان. يۇقىرىقىدەك قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېغىر بېسىم ئاستىدا ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ قۇرۇلۇش شۇ يىلى (1935 - يىلى) پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى.

قورا تام دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۈچ قەۋەتلىك كىچىك قاراۋۇلخانا سېلىنغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلەتتى، ئەسكەرلەر بۇ قاراۋۇلخانىدا كۆزەتتە تۇرۇپ، ھەج سەپىرى، سودا - سېتىق ۋە ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقماقچى بولغان كارۋانلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ يول خەت، رەسمىيەتلىرىنى تەكشۈرەتتى. رەسمىيىتى يوقلارنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۆز يۇرتىدىن كېپىل بولغىلى ئادەم كەلگەندە ئاندىن قويۇۋېتەتتى.

قورا تامنىڭ ئىچىدە كارىدورلۇق، 24 ئېغىزلىق ئەسكەرلەر ياتىقى، ئاشخانا، ئىشخانا، ئامبار، ئوق - دورا ئىسكىلاتى قاتارلىقلار بولغاندىن سىرت، ياسىداق ئىشلەنگەن ئاتخانىسىمۇ بار ئىدى. ئاتخانىنىڭ ئۈستى تەرىپى قىيما ياغاچتىن قۇرۇلغان، ئاستى تەرىپىگە شال ياتقۇزۇلغان، ھەر بىر ئات ئۈچۈن ئايرىم شال توسۇق قويۇلغان بولۇپ، بىر ئات يەنە بىر ئاتنى كۆرەل-

مەيتتى. سىپىلنىڭ ئىچىدە يەنە ئەسكەرلەرنىڭ كۆكۈل ئېچىپ ئارام ئالىدىغان بېغى بولۇپ، باغدا ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت ... ...... قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ ئىدى.

بۇ جاي يەنە شەيدۇللا، سۆگەت قورۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئەسكەرلەرنى نۆۋەت بويىچە ئەپكېلىپ ئارام ئالدۇرىدىغان، مەشق قىلدۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئەسكەرلەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئالمىشاتتى. بۇ يەرگە دەسلەپتە كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا قازاق، قىرغىز ئەسكەرلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار پەنني مائارىپنى بەكمۇ قوللايتتى. ھەممىشە كەڭقىر باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سورايتتى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر - قەلەم قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرى جەھەتتىن ياردەم بېرەتتى.

ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ تاكى 1954 - يىلدىن 1957 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئالىي ھەربىي پونكىت سانجۇ قوماندانلىق ئورنىنىڭ بىر بۆلەك ئەسكەرلىرى بۇ جايدا تۇرۇپ، ھەربىي مەشق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. 1963 - يىلى يۇقىرىدىن بۇ جاينى گۇما قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1964 - يىلى خوتەن ھەربىي رايونى بۇ جاينىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يۆتكەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 30 يىللىق تارىخقا ئىگە كەڭقىر قاراۋۇلخانىسى ۋەيران بولغان بولسىمۇ، سېپىل ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. كىشىلەر بۇ يەرنى ھېلىمۇ ليەڭزە دەپ ئاتايدۇ.

(ئاپتورى: گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمنىڭ ئالدى - كەينىدە

**ياڭ تيەنيۈن**

1936 - يىلدىن 1943 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىدە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان خەلقئارا ئاخپارات ئاپپاراتى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ ئاخبارات تەشكىلاتى ئىدى. بۇ باشقارمىنىڭ شىنجاڭدا ۋەزىپىسى يوق ئىدى، ئاساسەن شىنجاڭغا قوشنا دۆلەت ۋە ئۆلكىلەردىن ئاخبارات توپلاش ۋە ئۇلارنى رازۋېتكا قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيتتى.

1937 - يىلى غەربكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيىمىز خېشى كارىدورىدىكى چىليەنشەن تېغى ئەتراپىدا ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى بىلەن يېرىم يىل جاپالىق ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ئاران 400 دىن كۆپرەك كوماندىر، جەڭچىسى قالغانىدى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربكە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ خىزمەت كومىتېتىغا: «شىنجاڭغا كىرسەڭلار بولىدۇ، سىلەرگە ئامال قىلىپ ياردەم

بېرىش توغرىسىدا شىنجاڭغا تېلېگراممىدا «ئەۋەتتۇق» دەپ تېلېگرامما بىلەن يولىيورۇق بەردى. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئارقا - ئارقىدىن ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشىيا)غا كېلىپ يىغىلدۇق. پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈننىڭ كۆتۈۋېلىشى بىلەن، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. قوشۇنىمىز تەرتىپكە سېلىنىپ، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش تارماق ئەترىتى قىلىنىدى، سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالدى. مەن ئۇ چاغدا ئاران 16 ياشتا بولۇپ، ئۇزۇن سەپەردە قىزىل ئارمىيە 30 - كورپۇسىنىڭ كوماندىرى چېڭ شىسەيگە مۇھاپىزەتچى بولغانىدىم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، باش تارماق ئەترەت مۇھاپىزەتچىلەر پەيىگە كىرگۈزۈلۈپ، بىر تەرەپتىن باشلىقلارنى قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىسەم، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسەت، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئاپتوموبىل، برونېۋىك ھەيدەش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەندىم.

1939 - يىلى «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» بىلەن شىڭشىسەي قىسىملىرىنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىغا قاتناشتىم. مانېۋىر ئاياغلاشقاندىن كېيىن گازارمىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، پارتىيە ۋەكىلى دېڭ فا بىلەن چېن تەنچيۇ 20 دىن كۆپرەك كادىر - جەڭچى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى سۆز قىلدى، جى خې تەرجىمانلىق قىلدى. كېيىن يەنە يىغىن ئېچىلىپ، دېڭ فا بىلەن چېن تەنچيۇ: دۇنيا تىنچلىقى، دۇنيا ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، سىلەرنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتىغا ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىمىز. بۇ — مۇشكۇل ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە، بۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال



تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە تەقسىماتىغا بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىزنى ئىزدىمەڭلار، بۇرۇنقى تونۇش يولداشلارنى ئۇچرىتىپ قالساڭلارمۇ ئۇلار بىلەن تەشكىلىي مۇناسىۋەت ئورناتماڭلار، دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى.

يىغىندا شى چاڭخەن، جاڭ مىڭجىڭ، شۈن شىڭسەي، شيا جۇڭيا، شى چېڭخۇ، لىيۇ مىڭراڭ، لىيۇ ۋۇسەي، لۇ يۈيۈ، ۋاڭ شۇنجىۋ، دۇفاشيۇ، تەن جىڭۋېن، سۇڭ شىنەن، لىيۇ دالى، ياڭ تيەنبۇن ۋە رېن شۇۋۇ قاتارلىقلار قاتناشتۇق. ۋاڭ شۇنجىۋ، رېن شۇۋۇ، لىيۇ داللار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرالماي، ۋەتەنگە مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىپ كەلدى.

بىلىشىمچە، 1938 - يىلى ئەتىيازدا، پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈنمۇ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىن 10 نەچچە كادىر - جەڭچىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتىغا ئاخبارات كەسپىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتى بېرىم يىلدىن كېيىن، ئۇلاردىن لىيۇ چىڭئەن، ۋاڭ جىنكۇن، ياڭ ۋېنشيەن، يەن باۋلۇ، تۆت كىشىنى شىنجاڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلەشكە مەخپىي ئەۋەتتى، قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارىدىغان يولداشلار 1939 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئالمائاتاغا يۈرۈپ كەتتۇق. ھەممىمىز يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، پويىزدا بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق داراسوف ئورمانلىقىدىكى بىر مەخپىي مەكتەپكە يېتىپ باردۇق.

يېتىپ بېرىشىمىز بىلەن، مەكتەپتىكىلەر بىزنى ناھايىتى

قىزغىن قارشى ئالدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا «جۇڭگولۇق يولداشلارنى قارشى ئالىمىز» دېگەن پىلاكات چاپلانغان. مەكتەپ مۇدىرى قىزغىن ۋە سەمىمىي كەيپىياتتا قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. بىزگە تەقسىم قىلىنغان ياتاقلارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى چىرايلىق بولۇپ، سىم كارىۋات، يېڭى يوتقان - كۆرپە، يېڭى كىرلىك، يۇڭ ئەدىيال، ماموق ياستۇقلار قويۇلغان، رادىئومۇ بار ئىدى. مەكتەپتە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىدىن بىلليارت، قارت، شاخمات، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، ھەتتا مۇز تېيىلىش ئۇسكۇنىلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى بار ئىكەن. بىزدەك يىللىقچى، پادىچى بولغانلار بۇنداق ياخشى تۇرمۇش شارائىتىنى كۆرمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدۇق. شۇڭا، بىز ياش كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇلۇغ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى چىن دىلىمىزدىن ھېس قىلدۇق.

ئۆگىنىشىمىز ناھايىتى جىددىي بولدى. سىمسىز رادىئو بىلىمى، رازۋېتكا بىلىمى (ئۇ چاغدا ئالاھىدە دەرس دەپ ئاتىلاتتى)، تېلېگرام قوبۇل قىلىش - تارقىتىش تېخنىكىسى، خەرىتە سىزىش، سۈرەت تارتىش، ئىنگلىز تىلى (تېلېگرام ئاپپاراتىدا ئىشلىتىلىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر)، ياپون تىلى، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ قىسقىچە تارىخى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. بىزنىڭ بىلىم سەۋىيىمىز تۆۋەن بولغاچقا، سىمسىز تېلېگراف بىلىمىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ئالاقىدار بىلىملەرنىمۇ قوشۇپ ئۆگەندۇق. سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئەستايىدىل ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى، بىزمۇ چاپاغا چىداپ ئۆگەندۇق. بولۇپمۇ تېلېگرام قوبۇل قىلىش - تارقىتىش تېخنىكىسىنى تاكى پىششىق ئىگىلەپ بولغىچە قايتا -



قايتا مەشق قىلدۇق.

ئۆگىنىش جەريانىدا، مەكتەپ تۇرمۇشىمىزغا ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل بۆلدى. كىيىم - كېچەك (پەلتو، كاستيۇم، كۆڭلەك)، چىش يۇيۇش بۇيۇملىرى، لۆڭگە، سوپۇن قاتارلىقلارنى ئاي ۋە پەسىل بويىچە تارقىتىپ بېرىپ تۇردى، يەنە مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش خىراجىتىمۇ بېرىپ تۇردى. تاماق ئېتىدىغان رۇس قىزلىرى پويىز بىلەن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ كېلىپ، بىزگە تەملىك تاماقلارنى ئېتىپ بەردى. كىمنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇلار شۇ ھامان مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلاتتى، دوختۇر دەرھال يېتىپ كېلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە چېركوف بىردىنبىر جۇڭگولۇق ئىدى. ئۇنىڭ فامىلىسى ئەسلىدە لىيۇ بولۇپ، سەندۇڭلۇق ئىكەن. ئۇ، سىمسىز تېلېگراف دەرسى بېرەتتى ھەم تەرجىمانلىق قىلاتتى، بىزگە ناھايىتى بەك كۆيۈنەتتى. ئۇ، بىزگە جۇۋاۋا يېگۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزى قازان بېشىغا ئۆتۈپ، كۆپچىلىكنى قولىمۇ قول «كوللېكتىپ تامىقى» ئېتىپ يېيىشكە سەپەرۋەر قىلاتتى.

ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ئىنقىلابىي بايراملار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇق. مەسىلەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن پارات، «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، قىزىل ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىق بايرىمى، ھاۋا ئارمىيىسى بايرىمى، دېڭىز ئارمىيىسى بايرىمى قاتارلىقلار. بىز يەنە، قىزىل مەيداندىكى لېنىن ماۋزۇلىنى ئۈچ قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلۇغ ئىنقىلابىي يولباشچى مەرھۇم لېنىننىڭ چىرايىنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇق. ھەر يەكشەنبە كۈنى فىلىپوۋ (تەرجىمان، كافكازلىق كىشى) نىڭ ھەمراھلىقىدا موسكۋا قىزىل ئارمىيە تىـ

ياتىرخانىسى ۋە باشقا كىنو، تىياتىرخانىلارغا بېرىپ، كىنو ياكى كونسېرت كۆرەتتۇق. 1940 - يىلى باھاردا قىزىل ئارمىيە تىياتىرخانىسىغا دراما كۆرگىلى بارغىنىمىزدا، ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇنغىچە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. بىز شۇ چاغدىلا لوژىدا ستالىن، مولوتوف قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ، ھاياتىمدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۆرۈنۈش بولۇپ قالدى.

يازدا، مەكتەپ بىزنى فىلىپوۋنىڭ باشلامچىلىقىدا قارا دېڭىزغا ساياھەتكە ئەۋەتتى. موسكۋا قانىلىدىن چىقىپ، كالىنىن شەھىرى ئارقىلىق قارا دېڭىزغا باردۇق. بارغانلىكى جايدا كىشىلەر بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، تاماق ئۆلچىمىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگولۇقلارنى ناھايىتى يېقىن كۆرىدىكەن. قارا دېڭىزدىن موسكۋاغا قايتىش سەپىرىمىزدە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ موسكۋادىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ماڭغان كۆپلىگەن قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراخوتتا بىللە بولدۇق. بۇ ئوقۇغۇچىلار بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى شوخ بولۇپ، يېنىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن چاقچاقلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز رۇس تىلىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇلار قول ئىشارىتىگە رۇسچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئارىمىزدا شې چېنخۇ (لى يىڭۋېن)، جاڭ مىڭجىڭلار رۇسچىنى ئازراق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، تانسا ئويناشتۇق، پاراخوت خۇشال دوستلۇق كەيپىياتىغا چۆمدى.

مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن، ئوقتۇرۇش بويىچە شىيوخنىيە دېگەن يەرگە بېرىپ، ئىسپانىيىلىك ساۋاقداشلار بىلەن بىرگە ئوقۇدۇق. بىز ئۇلار بىلەن تىل ئۇقۇشالمىساقمۇ، غايىمىز ۋە



كۆرەش نىشانىمىز بىردەك بولغاچقا، ناھايىتى ئىناق ئۆتتۇق.

1941 - يىلى چاغان ئۆتۈشى بىلەنلا، ئوقۇشىمىز ئاياغلاشتى. مەكتەپ ئۇزۇتۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىر نەپەر گېنېرال مايورنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. ئۇ، قەدەھ سۆزىدە بىزنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇزۇتۇش يىغىنى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلاتى جاڭ مىڭجىڭ (شاۋ چىڭ)، تەن جىڭۋېن (جاۋ يۇ) ۋە مېنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە مەخپىي ئەۋەتتى. بىز موسكۋادىن پويىز بىلەن ئالمائاتاغا كېلىپ، ئاندىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق، ئايرودورومدىن ئاپتوموبىل بىلەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا كەلدۇق. ئۇلار ئۈچىمىزنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە بىزگە بىر ھەپتىگىچە سىرتقا چىقماسلىقنى، تاماقنى ۋاقتىدا ئەكىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاشخانىغا بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق باش ئوقۇتقۇچى گېنېرال مايور مارىنچېۋ، باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ مۇدىر ئوقۇتقۇچىسى پودپولكوۋنىك ۋارناكوۋ ۋە تېلېگراف ئىشلىرى مۇدىرى شۇزۇدېلەر ياتىقىمىزغا كېلىپ، بىر - بىرىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، شۇزۇدې تەرجىمانلىق قىلدى، بىز تەشكىلىي مۇناسىۋەت ئورناتتۇق. گېنېرال مايور مارىنچېۋ باش رەھبەر، ۋارناكوۋ باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. يەنە باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ئاپپارات ئىشلىرى ئوقۇتقۇچىسى مايور مانىكوۋ ۋارناكوۋنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. مارىنچېۋ بىزگە ۋاقتىنچە باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا پراكتىكا قىلىپ تۇرۇڭلار، كېيىنچە كونكرېت خىزمەت تەقسىم

قىلىپ بېرىمىز، دەپ يولىيورۇق بەردى ۋە بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىزنى باشلاپ بېرىپ شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇ بىزگە يەنە شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەيدىغان بولغانلىقىمىزنى، بىز ئۈچۈن يالغان تارىخ ياساپ چىققانلىقىنى يەنى «بىز يۈننەن-كۈنمىڭ سىمسىز تېلېگراف كۇرسىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ دوستى لى پېيتيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا كەلگەن» لىكىمىزنى، بۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتىشىمىز، ئەگەر باشقىلار سوراپ قالسا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

1941 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى مېنى خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىغا تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى، باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق سىمسىز تېلېگراف كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ياش قىرغىز رادىست ئابدۇللا مەن بىلەن بىرگە باردى.

خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنى 1938 - يىلى قۇرۇلغانىكەن، ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن ئىككى كىلومېتر يىراقلىقتىكى چوڭ باغنىڭ ئىچىدە بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 200 مودىن كۆپرەك كېلىدىكەن، ئۇ يەر ئەسلىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بىر سودا ئورگىنى ئىكەن. خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى لى ۋېنجې شىنجاڭلىق بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 2 - قارارلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەنىكەن. مۇئاۋىن مۇدىرى يەن يۈگشۈن گەنسۇلۇق بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 3 - قارارلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەنىكەن. تەرجىمان نۇر پىچانلىق ئۇيغۇر بولۇپ، سىياسىي كادىرلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەنىكەن. زاپخوز ليۇيەنباۋ، دۆەن شىگشياڭلار گەنسۇلۇق ئىكەن.



بۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، خوتەنگە كېلىشىنىڭ ئالدىدا باش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە مارىنچېۋ بىلەن ۋارناكوۋنىڭ ماڭا خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، مېنى: ھوشيار بولۇڭ، ئەتراپىڭىزدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي كۆزىتىڭ، كۆپ كۆزىتىپ ئاز سۆزلەڭ، مۇئاۋىن مۇدىر يەن يۈگشۈننىڭ خىزمىتىگە ئوبدان ماسلىشىڭ. لى ۋېنجې بىلەن نۇرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭ، دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم.

خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىدا ئەسلىدە تېلېگراف ئاپپاراتى يوق ئىكەن، ئابدۇللا ئىككىمىز ئۈرۈمچىدىن تېلېگراف ئاپپاراتى، ئامېرىكىدا ياسىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان تېلېگرام قوبۇللىغۇچ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان تېلېگرام بېرىش ئاپپاراتى ۋە ئانتېننا، گېرمانىيىدە ياسالغان گېنېراتور قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغانىدۇق. بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ۋاقتىمدا ۋە باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا پراكتىكا قىلغاندا ئىشلەتكەن ئاپپاراتلار بىلەن بىر تىپتا بولغاچقا، ئىشلىتىش قىيىنغا چۈشمىدى. ئىككىمىزنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا تېلېگراف ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۈرۈمچى بىلەن خەۋەرلەشتۇق. لېكىن ئانتېننانىڭ ئورنىتىلىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئىش بېجىرىش ئورنى تېلېگراف ئىستانسىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي سېلىپ، خىزمەت شارائىتىمىزنى ياخشىلاپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىنىڭ ئاخبارات يەتكۈزۈشى قولايلىق بولدى. تاپشۇرۇپ ئېلىنغان ئاخباراتلار شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا يەتكۈزۈلىدىغان، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قانداق يوليورۇقلىرى بولسا شۇ كۈنىلا تاپشۇرۇپ ئالالايدىغان بولدۇق.

خوتەن چېگرا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەزىپىسى دۆلىتىمىزنىڭ شىزاڭ رايونى ۋە چېگرا سىرتىدىكى قوشنا جايلاردىن دۆلىتىمىزگە ئالاقىدار ئاخباراتلارنى توپلاش ئىدى. بىلىشىمچە، بۇ رايونلارغا ئەۋەتىلىدىغان خادىملارنىڭ ھەممىسىنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تاللاپ ئەۋەتتى؛ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى باش ئوقۇتقۇچى ياكى مۇئاۋىن باش ئوقۇتقۇچى ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىپە تاپشۇراتتى. ئۇلار خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىغا بارغاندىن كېيىن، ئىش بېجىرىش ئورنى تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى. مەسىلەن، نىشانلانغان جايغا بارىدىغان يولنى تاللايتتى؛ ئەگەر چېگرىدىن سودىگەر قىياپىتىدە چىقىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا كېرەكلىك يۈك تەييارلىنىپ، تۆگە ترانسپورت ئەترىتى تەشكىللىنەتتى. ئۇلارنى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ رەھبەرلىرى ياكى باشقۇرغۇچىلىرى چېگرىغىچە ئۇزىتىپ قوياتتى. ئۇلار توپلىغان ئاخباراتلارنى بىرىنچىدىن، مال ئالغىلى كەلگەن بولۇپ ئېلىپ كېلەتتى؛ ئىككىنچىدىن، مەخپىي خەت يېزىپ پوچتىدىن ئەۋەتەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئالاھىدە مۇھىم ئاخباراتلارنى، ئەگەر بەلگىلىمە بويىچە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى باش ئوقۇتقۇچىغا يۈز تۇرانە دوكلات قىلىش توغرا كەلسە، ئىش بېجىرىش ئورنى ئۇنىڭغا كېرەكلىك قاتناش قورالى ۋە خىراجەتنى دەرھال ھەل قىلىپ بېرەتتى - دە، ھەرگىز كېچىكتۈرمەيتتى.

ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەن يۈگشۈن، ئىش باشقۇرغۇچى ليۇ يەنبياۋ، دۇەن شىگشياڭلار چېگرىدىن چىقىدىغان خادىملارنى دائىم چېگرىغىچە مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىپ ئۇزىتىپ قوياتتى. سىرتقا ئەۋەتىلگەنلەر ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇزىتىپ قويغۇچىلارنىڭ خىزمىتى جاپالىق ھەم خەتەرلىك ئىدى. خوتەندىن چېگرىغا بارغىچە قاقاس



قۇملۇقتىن ئۆتۈشكە، ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن ئېشىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار ئاچ، ئۇسسىز قالاتتى؛ يەنە ناچار تەبىئىي مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇشقا، ياۋايى ھايۋانلار ياكى قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن پەخەس بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار يىل بويى مۇشۇنداق چېپىپ يۈرسىمۇ، بىر يىلدىن كۆپرەك ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ زارلانغانلىقىنى ياكى نارازى بولغانلىقىنى كۆرمىدىم. بۇ، يولداشلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگەنگەندىن كېيىن، دۇنيا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر سۆيۈملۈك - ھە!

ئارىدىن 46 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن خوتەن پارتىيە تارىخى ھەيئىتىدىن ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرگەن بولساممۇ، تا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدىم. مەن مۇشۇ ماقالەم ئارقىلىق شۇ يولداشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئىزدىمەكچىمەن. سىرتقا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن يولداشلارنىڭ بەزىلىرى ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتا ئەۋەتىلمىدى، مەسىلەن: خالىقوۋ، ئۇيغۇر بولۇپ، قەشقەرلىك كىشى ئىدى؛ ئابباس، تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، غۇلجىلىق ئىدى؛ بەزىلىرى شۇ چاغدا قايتىپ كېلەلمىگەنىدى، تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. مەسىلەن: لى رېنجى، موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، قاراشەھەرلىك ئىدى. ئۇ، چېگرىدىن چىقىش ئالدىدا ماڭا: «مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىن قاچان قايتىپ كېلىشىمنى بىلمەيمەن، سىز ئۈرۈمچىگە قايتىشىڭىزدا، ئائىلەمدىكىلەرنى يۇرتۇمغا ئالغاچ كېتىپ، ئاتا - ئانامغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان ۋە ئۇنىڭغا

خىزمەتتە ئېھتىياتچان، ھوشيار بولسا، ۋەزىيەتنى چوڭقۇر ئۇرۇنلاپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولالايدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلغانىدىم. ئۇ، خۇددى كۆڭلى بىر نەرسىنى سېزىۋاتقاندەك، بېشىنى چايقاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ نەگە، نېمە ۋەزىپە بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى سورىماسلىقىم ۋە بىلمەسلىكىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمىزغا مانا 46 يىل بولدى، تېخىچە ئىز - دېرىكى يوق. مەن ئۈرۈمچىگە قايتىشىمدا، ئۇنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئايالى يى پېيىڭنى قاراشەھەرگە ئالغاچ كېلىپ، شوپۇر يۇسۇپ كېرىم بىلەن بىللە لى رېنجېنىڭ يېزىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى خوتەندە سېزىۋالغىلى بولمايتتى. 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېڭ شىجى بىلەن مۇئاۋىن باش ئوقۇتقۇچى مىداروپ ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە خىزمەت تەكشۈرگىلى بارغانىدى. مىداروپ شېڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شېڭ شىجى بىلەن بىللە بولغاچقا، مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىشقا پۇرسەت بولمىدى. پەقەت قولۇمغا بىر تۇتام پۇلنى يوشۇرۇنچە تۇتقۇزۇپلا قويدى. بۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماڭا بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بولۇپ، تەخمىنەن 600 يۈەندىن كۆپرەك ئىدى. كېيىن خىزمەتتىن دوكلات قىلغاندا، مىداروپ غەرەزلىك ھالدا مەندىن: تېلېگراف ئىستانسىسىدا قانداق قىيىنچىلىق بار؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ: گېنېراتورغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتول كەمچىل، بۇ يەردە تاپماق تەس، دېدىم. مىداروپ مېنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، ئايروپىلاندىن بىر تۇڭ ئاپتول ئېلىۋېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشۇمنى، ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن



كېيىن تېز ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى مەن مىداروپ بىلەن ئايروپىلاندىن ئاپتول ئالغىلى باردىم. ئايروپىلاندا ئۇ ماڭا: «خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، جۇڭگودىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، شىنجاڭ ۋە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىڭ، ھوشيار بولۇڭ» دېدى. ئاندىن ئۇ مېنى پۇل تاپشۇرۇۋېلىش تالونىغا قول قويغۇزدى. مەن قول قويۇش ۋاقتىدا، باش ئوقۇتقۇچى مىداروپقا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلاتىنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىشى توغرىسىدىكى پىكرىمنى ئېيتىپ مۇنداق دېدىم: «سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلاتىنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئالمايمەن. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن بىر كىشىلىك ئىش ھەققى ئېلىۋاتىمەن. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلاتى بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى پارتىيە بەدىلى سۈپىتىدە تەشكىلگە تاپشۇرىمەن، بۇ — مېنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن». ئۇ مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى تەشكىلگە يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى. دېگەندەك، شۇ چاغدىن باشلاپ تا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، پەقەت 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە ئارىلىقتا بىر قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئىككى قېتىم شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل ۋە بارىكۆللەرگە بارغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلخانىسىدىن بىرئاز يول خىراجىتى ۋە بىر قۇر كاستيۇم - بۇرۇلكا بەرگەندىن باشقا، ھېچقانداق قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئالمىدىم.

1942 - يىلى 8 - ئايدا، مەن بۇيرۇققا بىنائەن

ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ۋاڭ داۋجەننى مەخسۇس ماشىنا بىلەن خىزمىتىمنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. ۋاڭ داۋجەن باش تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ 3 – قارارلىق سىمسىز تېلېگراف كۇرسىنى پۈتتۈرگەنىدى. ئابدۇللا خوتەندە خىزمەت قىلىپ قېلىۋەردى. ئۇ، ئەدىبىدە ئاغار بولۇپ، مەن بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. مېنىڭ يۆتكەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قالدى. ئۇ، مەندىن بەزى مەسىلىلەرنى سورىغانىدى، جاۋاب بېرىش ئەپسىز بولغاچقا، «ياخشى ئىشلەڭ، يەنە كۆرۈشىمىز» دەپ رىغبەتلەندۈرۈپلا قويدۇم.

خىزمىتىمنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى باش ئوقۇتقۇچى مىداروپنىڭ ئايروپىلاندا قىلغان سۆزى بىلەن باغلاپ كۆرۈپ، مەندە «بۇ، نورمال يۆتكىلىشمىدۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمىدۇ؟» دەيدىغان گۇمان پەيدا بولدى. خوتەندە ئىشلىگەن خىزمىتىمدە چاتاق چىقتىمۇ – قانداق، دەپ تەپسىلىي ئويلىدىم؛ مېنىڭچە، ھېچقانداق چاتاق يوق ئىدى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلمىدىم، ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ ياخشى ئىدى. پەقەت تەرجىمان نۇر بىلەن بىر قېتىم قېيىدىشىپ قالغان. لېكىن، سەۋەبلىك مەندە ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم ۋاسكېتبول ئويناۋېتىپ، نۇر بىلەن ئىككىمىز سوقۇلۇپ كەتتۇق، بۇ توپ ئويۇنىدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، نۇر ئاچچىقىدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ماڭا قورال ئىشلەتمەكچى بولدى، مەن شۇ يەردىلا ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدىم ۋە بۇ ئىشنى لى ۋېنجېڭگە دوكلات قىلدىم. لى ۋېنجى ئۇنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مەتدىن ئەپۇ سورىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىش بېجىرىش ئورنىمىز ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان بىر قانچە ئۆيلۈك ئىشچىغا يوشۇرۇن ياردەم بەرگەنىدىم. بۇ، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرى-



نىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدىمۇ – قانداق؟ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، باغقا، دەرۋازىغا قاراشقا، گۈل تېرىش، ئات بېقىش، ھارۋا ھەيدەش، قوغۇن – تاۋۇز تېرىشى، يەنە مۇدىرنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا 10 نەچچە ئىشچىنى ياللىغانىدى. ئۇلارنىڭ كىرىمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۆكى، توختى، مامۇت قاتارلىق بىر قانچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىشچى بولۇپ، ئۇلار قورۇقنان بىلەن ئۆچمە يەپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى، باللىرىنىڭ ئۇچىسىدا كىيىممۇ يوق ئىدى. مۇدىر لى ۋېنجى ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، ئامىمىنىڭ دەردى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئىككى كىشىلىك ئىش ھەققى ئالاتتىم، ئائىلەممۇ يوق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا چىداپ تۇرالماي، بىر قانچە توپ سەگەز سېتىۋېلىپ، نامدا «قەرز بېرىپ تۇردۇم» دەپ، تۇرمۇشى ئەڭ قىيىن بىر قانچە ئۆيلۈك ئىشچىغا يوشۇرۇنچە بۆلۈپ بەرگەنىدىم. بۇ ئىش مېنىڭ يۆتكىلىشىمگە سەۋەب بولدىمۇ – قانداق؟ ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى ئىش سەۋەب بولمىسا، سەۋەب زادى نېمە؟

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خوتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى بىر قانچە نەپەر خىزمەتچى خادىمنى كۆزىتىشىمنىڭ نەتىجىسى مەن خوتەنگە كېلىشتىن بۇرۇن باش ئوقۇتقۇچى مارىنچېۋنىڭ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قىلغان تەھلىلى بىلەن تامامەن بىردەك ئىدى. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەن يۈگشۈن كۆڭلى تۈز، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئەدىبىسى ئېغىر، خىزمەتتە ئاكتىپ ۋە ئەستايىدىل ئادەم ئىدى. ئامىمىنىڭ دەرد – ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، يولداشلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. زاپخوز يىن شىڭياڭ، لىيۇ بەنياۋلارمۇ ياۋاش، سەممىي بولۇپ، خىزمەتتە قىلچە بىپەرۋالىق

قىلمايتتى. مۇدىر لى ۋېنجى بىلەن تەرجىمان نۇرنىڭ ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل بولۇپ، يۇقىرىغا يامىششىنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىمۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزىتىشىم ۋە ھۆكۈمىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لى ۋېنجى گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى تازىلاشتا ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە تەكشۈرۈشتىمۇ ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن، مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. نۇر گومىنداڭنىڭ پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىگە شەنجاڭ بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئەمما يەن يۈكشۈننىڭ ئىزدېرىكى بولمىدى.

مەن يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى پۈتتۈرۈپ، يۈسۈپ كېرىمنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتىم. يەكەنگە كەلگەندە، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى سىمسىز تېلېگراف 3 - قارارلىق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن بىرى باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا قايتىش ئۈچۈن ماشىنىمىزغا چىقىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىۋېلىشى توغرىسىدا خوتەندىن مېڭىشتىن بۇرۇن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن يوليورۇق بېرىلگەنىدى. لېكىن ئۇ، يەكەن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چەن پىڭنىڭمۇ بىللە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چەن پىڭنى ماڭا تونۇشتۇردى. مەن چەن پىڭنىڭ ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. كۆڭلۈمدە: ئۇ، شىڭ شىسەينىڭ خىزمەتچىسىگە ئوخشىمايدىكەن، بەلكىم يەنئەندىن كەلگەن ئۆز ئادىمىمىز بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. يەنە: ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان بىر ئادەم يۆتكەلسە، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلماي، باش-



قىلار ئۇنى ماشىنىغا چىقىۋېلىشقا تونۇشتۇرۇپ يۈرەمدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، ھەرگىز ئالدىنىپ قالماسلىق كېرەك، دەپ ئويلاپ، «يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ، رەت قىلدىم. ئەمما ئۇ، بىزنىڭ ماشىنىنى توختىتىپ كۈتۈپ تۇرۇشىمىزنى، تېلېگراممىا ئەۋەتىپ يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ چەن پىڭنى ماشىنىغا سېلىۋېلىش توغرىسىدىكى جاۋاب تېلېگراممىسىنى ئەكەلدى. مەن شۇ بويىچە ئىش كۆردۈم. ئۇ، يول بويى چەن پىڭنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. بۇ، ئۇنىڭ چەن پىڭنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. مەن كۆرۈنۈشتە چەن پىڭگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدىم. ئويلىغىنىمدەك، ماشىنىمىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ 3 - شۆبە ساقچى ئىدارىسىدە تەكشۈرۈلگەندە، چەن پىڭنى ئېلىپ قالدى. بىز باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا ئۇچۇشلۇق كەتتۇق.

كېيىنچە، چەن پىڭنىڭ يەنئەندىن كەلگەن كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، يەكەندىن قايتۇرۇپ كېلىشتىكى مەقسەت ئاۋۋال ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاپ، ئاندىن تۈرمىگە سولاش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

1951 - يىلى چەن پىڭ يەنە شىنجاڭغا كېلىپ، نېفىت سانائىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بىز ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى لونەيتاڭنىڭ بۆلۈمىدە كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇق؛ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، شۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. چەن پىڭ: «شۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى توغرا بولدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، بىر - بىرىمىزگە چېتىلىپ قالاتتۇق، مېنى ماشىنىغا چىقىرىۋېلىشقا تونۇشتۇرغان ھېلىقى يەكەنلىك كىشىنىڭ بىزنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى بار ئىدى» دېدى.

مەن باش تېلېگراف ئىستانسىسىغا قايتىپ كېلىپلا، گېنېرال مايور مارىنچېۋدىن: خىزمىتىمنى نېمىشقا يۆتكىدى؟ خوتەندە زادى نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈم؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: «خوتەندىكى خىزمىتىڭىز ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى. ئەسلىدە سىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ چوڭچىڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتمەكچى بولغانىدۇق، ھازىر ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ھازىرچە ماڭغىلى بولمايدۇ. ھازىر باش تېلېگراف ئىستانسىسىدا ئىشلەپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولار!» دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، جايلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن يولداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكەپ كېلىندى. قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقى ليۇچىڭخەن (ۋەن يۇلىڭ)، ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشيا) ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جىنكۈن (ۋۇنەنشەن)، تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى جاۋيۇلەنلەر ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. تاشقورغان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى ياڭ ۋېنشيەن (جودۇتەي) 3 ـ بۆلۈم (تېلېگرام تەرجىمە بۆلۈمى) گە باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى، بىر كۈنى مەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا بىر ياتاقتىكى لى ۋېنپۇ بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتىم. ياڭ ۋېنشيەن لى ۋېنپۇنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. لى ۋېنپۇ تاشقورغان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراف ئىستانسىسىغا باشلىق بولغانىدى. ئۇ مېنى ياڭ ۋېنشيەنگە تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىشى جياشىپىڭ ئەپەندى بولىدۇ» دېدى. ئۇ مېنى جودۇتەينى تونۇمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، «جودۇتەي» ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ياڭ ۋېنشيەن ئىدى. ئۇ، مېنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشلەردە بىللە بولغان سەبدىشىم بولۇپ، كونا تونۇشلاردىن ئىدۇق. ئۇ، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى تۆتىنچى فرونتۇي ئارمىيە باش شتابىنىڭ سەنمۇسى ئىدى.



ئۇزۇن سەپەر ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىش سەپەرلىرىدە، بىز ھەر كۈنى بىللە يۈرۈش قىلىپ جەڭ قىلغان، قارلىق تاغلار ۋە ئوتلاقلاردىن بىللە ئۆتكەن، چىلىيەنشەن تېغىنى ئېلىش ئۇرۇشىغىمۇ بىللە قاتناشقانىدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەكىلى بىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دا بىللە ئىشلىگەن ۋە ئۆگەنگەنىدۇق. مۇھاپىزەتچىلەر پەيتىنىڭ سابىق پەيجاڭى جاڭ فالى باشلىقىمىز ۋاڭ جياشياڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ياڭ ۋېنشيەن مۇھاپىزەتچىلەر پەيتىنىڭ پەيجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، مېنىڭ بىۋاسىتە رەھبىرىم ئىدى. 1938 ـ يىلى پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈن ئۇنى سوۋېتتىكە ئوقۇشقا ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ئايرىلىپ كەتكەنىدۇق. بىز ئىلگىرىكى سالاھىيىتىمىزنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن، تونۇشمايدىغان بولۇۋالدۇق. لى ۋېنپۇ قايناقسۇ ئالغىلى چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكشەنبە كۈنى رۇس قەبرىستانلىقىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويۇپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم.

يەكشەنبە كۈنى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ رۇس قەبرىستانلىقىغا باردىم. ياڭ ۋېنشيەنمۇ كېلىشىۋالغان ۋاقىت بويىچە يېتىپ كەلدى. بىز پاراڭلاشقاچ ئىزلاندۇق: ئاۋۋال 1938 ـ يىلى ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق سۆزلەشتۇق. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى زور ئۆزگىرىش بولۇش ئالدىدا تۇراتتى؛ گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابى جۇشاۋلياڭ، ماۋباڭچۇلار شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈردى، سۇڭ مېيلىڭمۇ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەينى گومىنداڭ تەرەپكە تارتتى. شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جيېشىنى پاناھ تۇتۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شىڭ شىسەي جياڭ جېيشىنى پاناھ قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە،
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئىستىقبالى، بىزنىڭ ئەھۋال-
ىمىز قانداق بولار؟

ئىككىمىز سۆزلىشىپ بىرقانچە كۈن ئۆتتىپلا، شىڭ شىسەي-
نىڭ سوتسىيالىزمغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى،
ئۆزىنى جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقى ئاشكارىلاندى.
ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ قورۇلۇشىغا
ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كادىرلارنى قولغا ئالدى.
8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باش-
قارمىسىنى تارقىتىۋەتتى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئىلغار زاتلارنى
قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى. مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى
باش ئوقۇتقۇچى مارىنچېۋغا دوكلات قىلغانىدا، ئۇ، بىزدىن
خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە: شىڭ شىسەي
بىزگە ئاسانلىقچە چېقىلالمايدۇ، دېدى.

1943 - يىلى لى باۋخۇا بىلەن ليۇشۇمىڭمۇ چاقىلىق
چېگرا ئىشلىرى ئورنىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى.
ليۇ شۇمىڭ يولىيورۇققا بىنائەن، ئائىلە تاۋابىئاتىلىق سالاھى-
يىتى بىلەن يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تىزىمغا ئالدۇرمىدى. كوممۇنىس-
تىك ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلاتى چېگرا ئىشلىرى باشقارمى-
سىغا شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن
سەككىز نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ بولدى،
شىنجاڭنىڭ سىرتىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ قايتىپ
كەلگىنىنى كۆرمىدۇق. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزى-
يىتى تېخىمۇ يامانلاشتى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا
تۇرۇشلۇق 8 - تۇەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىشكە
باشلىدى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئورگان، تارماقلىرىدا
خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى، جۈملىدىن



چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ۋەتىنىگە
قايتتى. 7 - ئايدا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى
ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى
ئوقۇتقۇچىلىرى قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن، باش ئوقۇتقۇچى
مارىنچېۋ بىز سەككىز نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي
مۇناسىۋىتىمىز ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا يۆتكىدى
ۋە بىزنى بىر ئاخبارات گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ،
لى باۋخۇانى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ، سوۋېت
ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى
ساقچى باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىندى، ئاز ساندىكىلىرى
مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىندى، ئايرىملىرى
باشقا ئىدارىلەرگە تەقسىم قىلىندى. ئارىمىزدىن ياڭ ۋېنشيەن
بىلەن ۋاڭ جېنكۈن ئالتاي ساقچى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ،
ئىش بېجىرگۈچى بولدى؛ ليۇچىڭنەن سۈيدۈڭ ساقچى ئىدارى-
سىگە بوغالتىرلىققا تەقسىم قىلىندى؛ جاڭ مىڭجىڭ بىلەن
مەن چۆچەك ساقچى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئىش
بېجىرگۈچى بولدۇق؛ تەن جىڭۋېن ئاراتۈرۈك ساقچى ئىدارىسىدە
ئىشلەشكە تەقسىم قىلىندى؛ لى باۋخۇا ساقچى ئىدارىسىدە
ئېلىپ قېلىنىپ، نوپۇس بۆلۈمىدە ئىشلىدى. بىزنىڭ چەت
ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىنغىنىمىز، ئەمەلىيەتتە، تارقاقلاش-
تۇرۇلۇپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغىنىمىز ئىدى. 1944 - يىلى
4 - ئايدا بىز يەتتە كىشى ھەممىمىز قولغا ئېلىنىپ، سىرتقى
جايلاردىن پۇتىمىزغا كىشەن سېلىنغان ھالدا ئۈرۈمچىگە
يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندۇق. پەقەت ليۇشۇمىڭلا

قولغا ئېلىنماي قالغان بولۇپ، سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى.

پەردە ھەسەن تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



## ۋاڭ شياۋدىيەنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالغانلىقى ھەققىدە ئەسلىمە

ۋاڭ دېخۇي

ۋاڭ شياۋدىيەن مېنىڭ ئىنىم ئىدى، ئۇ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى بېيجېن ناھىيىسىدىن بولۇپ، «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئوقۇشنى تاشلاپ ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ئى فامىلىلىك ۋە دۇ فامىلىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارغا ئەگىشىپ جەڭ قىلغان. كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى، جياڭ جيېشىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇ قاتناشقان قوشۇن ئوق - دورا تۈگىگەن ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالدا، ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىپ بېرىپ، سىبىرىيە رايونى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن.

يولداش ۋاڭ شياۋدىيەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ توپچى ئەسكەرلەر بۆلۈمىدە ئۈچ يىل ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، بەيلىڭمياۋ دېگەن جايىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن؛ 1937 - يىلى ئارايۇلتۇز

(شىڭشىڭشىيا) غا ئەۋەتىلىپ، چېگرا قاراۋۇلىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن مابۇفاڭ قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ خېشى كارىدورىدا جەڭ قىلىۋاتقان بىر تارمىقى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا قىزىل ئارمىيىنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمىگەنلىكى، قومۇلدىكى يولۋاسنىڭ قىزىل ئارمىيىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن توغلاپ كېلىۋاتقانلىقى قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن پايدىسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلغانىدى.

يولداش ۋاڭ شياۋدىيەن ئارا يۇلتۇزدا چېگرا قاراۋۇلىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقاندا، شىڭ شىسەي ئۇنى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىشكە بۇيرىدى. ۋاڭ شياۋدىيەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىنى باشلاپ، قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىنى ئىزدەپ چېگرا بويىغا باردى. بۇ چېگرا قاراۋۇلى چوڭ ئەترىتى مابۇفاڭ قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىپ ۋە ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ، ئۇرۇشتا تارقىلىپ كەتكەن قىزىل ئارمىيىنى ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشىيا) غا قوغداپ ئېلىپ كەلدى.

ئارا يۇلتۇزغا كەلگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلىپ، ئېتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. چېگرا قاراۋۇلى چوڭ ئەترىتىدىكى خادىملار ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكلىرىنى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بېرىپ، قىزىل ئارمىيىنى ئارا يۇلتۇزدا قىسقا مۇددەت ئارام ئالدۇردى. شۇ چاغدا، سىياسىي كومىسسار لى شيەنىيەن يولداش ۋاڭ شياۋدىيەن بىلەن بىر ئۆيدە دەم ئېلىپ، 20 نەچچە كۈن بىللە تۇرغان. كېيىن سىياسىي



كومىسسار لى شيەنىيەن يەنئەنگە كەتتى، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 500 نەچچە ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى.

يولداش ۋاڭ شياۋدىيەن 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاخبارات پونكىتى بولغان چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا ئىشلىگەنلىكى، كېيىن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، 1942 - يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاندا، يولداش ۋاڭ شياۋدىيەن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1944 - يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لەنجۇدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمالدىكى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىن لەنجۇغا بېرىپ قالغان يۈز نەچچە نەپەر ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى بىلەن بىللە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھوقۇقدارى گۇجېڭلۇنگە كوللېكتىپ ھالدا ئىلتىماس سۇنۇپ، شەرقىي شىمالغا قايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىرنەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، گۇجېڭلۇن ئاخىر پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ بۇ يۈز نەپەر ئوفىتسېر - جەڭچىسىنى شەنشى ئۆلكىسىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. يولغا چىقىش ئالدىدا، ھەربىر كىشىگە بىردىن ھەربىيچە ئەدىيال ۋە ئازراق پۇل بېرىلدى. ئۇلار 11 قارا ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، شيەنياڭ دېگەن يەرگە بارغاندا، خۇزۇڭنەن «بۇلار قىزىللار بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى تارقىتىپ جان بېقىشقا بۇيرىدى. بىز ئاخىر سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، بېيپىڭگە بېرىپ، ئاچام ۋاڭ دېفاڭنىڭ يېنىدا تۇردۇق.

1949 - يىلى بېيپىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاڭ شياۋدىيەن گېزىتتىن سىياسىي كومىسسار لى شيەننيەننىڭ خۇبېي ئۆلكىلىك ھەربىي رايونغا قوماندان بولغانلىقىنى بىلىپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ، يولداش لى شيەننيەنگە «ئائىلىمىزدىكى بەش جان ئادەم ھازىر ئاچارچىلىقتا ياشاۋاتىمىز، بىرەر خىزمەتكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ياردەم قىلسىڭىز» دېگەن مەزمۇندا خەت يازغانىدى. بۇ ئىش بەكمۇ ئوڭدىن كەلدى. يولداش لى شيەننيەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بېيجىڭگە يىغىنغا بارىدىغان خۇبېي ئۆلكىلىك ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يې جياجۇگە بېيجىڭگە بارغاندا ۋاڭ شياۋدىيەننىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر مىليون يۈەن (ھازىرقى 100 يۈەنگە تەڭ) پۇل ۋە ئازراق ئاماكا، ھاراق ئەۋەتىپتۇ. يې جياجۇ بېيجىڭگە كەلگەندىن كېيىن، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنى تاشقى سودا مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرغۇزدى. يولداش لى شيەننيەن يەنە، ۋاڭ شياۋدىيەننى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي جۇڭگو خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى دۇڭ بىۋۇغا ئۆز قولى بىلەن خەت يازغانىكەن. يولداش دۇڭ بىۋۇ، ۋاڭ شياۋدىيەننى تاشقى سودا مىنىستىرلىكىدە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ شياۋدىيەن رەسمىي ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى، يولداش لى شيەننيەنگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋۇخەنگە بارغاندا، يولداش لى شيەننيەن ۋاڭ شياۋدىيەننى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ كاتىپىنى ۋاڭ شياۋدىيەننى ۋۇخەندە ئۈچ كۈن ساياھەت قىلدۇرۇشقا بۇيرۇغان. ۋاڭ شياۋدىيەن قايتىدىغان چاغدا، يولداش لى شيەننيەن يەنە ئۇنى بىر ئاز پۇل ۋە سوۋغات بىلەن يولغا سېلىپ قويغان.



**يۇقىرىدىكىلەر يولداش ۋاڭ شياۋدىيەننىڭ ھايات چاغدا ئېيتقانلىرىدىن خاتىرىلەنگەن، خاتا جايلىرى بولسا، تۈزىتىش بېرىشىڭلارنى سورايمەن.**

**ئىلھام ۋەلى تەرجىمىسى**

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىۋى» دىكى كەچۈرمىشلىرىم

تۆلۈك يۇلىن (ئېيتىپ بەرگۈچى)

ياپون جاھانگىرلىكى كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان مەزگىللەردە، ئېلىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش شۇنداقلا فاشىزمغا قارشى خەلقئارا ئىتتىپاقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا تۆلەم تۆلىنىدىغان ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا كۆتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇلىدىغان ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىۋى» قۇرۇپ، غۇلجىدىن تارتىپ قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاۋئاتسىيە ۋە قۇرۇقلۇق كۈتۈۋېلىش پونكىتلىرىدىن بىرقانچىنى تەسىس قىلدى. مەن 1938 - يىلى ئاۋغۇستتا، شىخو ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دېيۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ترانسپورت كوللېكتىۋى شىخو ئاۋئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىنىڭ خادىمى بولدۇم. ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى بىلەن،



بۇ كەچۈرمىشلىرىمگە كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە 50 نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، ئۆتكەن ئىشلار ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

## دوستلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چۆلدە بىكەت قۇرۇش

«جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېكتىۋى» نىڭ شىخو ئاۋئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتى كۈيتۈڭدە بولۇپ، شىخو بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلەتتى. بۇ جاي ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى چۆل - جەزىرىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا قورشاۋ تېمى يوق، پەقەتلا تىكەنلىك سىم تور بىلەن قاشا لاپ قويۇلغانىدى. پونكىت ئىچىدە ئاددىيغىنە بىر ھاۋارايى پونكىتى بولۇپ، شامال يۆنىلىشى كۆرسەتكۈچى كۆكتە جەۋلان قىلاتتى. ئايرودروممۇ ئاددىيلا بولۇپ، چۆلدىكى شېغىللىق تۈزلەڭلىكنى تەكشىلەپلا ياسالغانىدى. بۇ جايدا 20 گە يېقىن ئۇرۇش ئايروپىلانىنى توختىتىشقا بولاتتى. ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش ئىشلىرىدا كۆرسەتمە بېرىدىغان يەلكەنلەرمۇ ئورنىتىلغانىدى. ئاۋئاتسىيە پونكىتىغا يېقىن ئەتراپتا يېزا - كەنتلەر يوق، يىراقراق بولغان كۈيتۈڭ دەرياسىنىڭ ئېقىن بويلىرىدا ئاندا - ساندا كەنتلەر بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قازاقلار ئىدى. كونا كۈيتۈڭ قارا سۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى. قازاقچىدا «مۆلدۈر بۇلاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. گەرچە ئاۋئاتسىيە پونكىتى قاقاس چۆل جەزىرىدە بولسىمۇ، كۈيتۈڭ دەرياسى جىلغىسىدا سۇ كۆپ، دەل - دەرەخلەر باراقسان بولغاچقا، ئۇ يەرگە يىراقتىن قارىسىڭىز يەنىلا كۆركەم كۆرۈنەتتى.

شىخو ئاۋئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىنى ئالدىراشلىق

ئىچىدە سېلىنغانچقا، شارائىت ناچار ئىدى. ئۇنىڭدا پەقەت ئاشخانا، بولكىخانا، ياتاق، كىر يۇيۇش ئۆيى ۋە بىرقانچە ئېغىز چەت ئەللىكلەر ياتىقىلا بار ئىدى. ئىسكىلات بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى بولسا، موڭغۇللارنىڭ چېدىرلىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. شىخو ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىغا جۇڭگو بىلەن سوۋېت بىر نەپەردىن پونكىت باشلىقى تەيىنلىگەن بولۇپ، ئۇچۇش كەسپىي ئىشلىرىغا سوۋېت تەرەپ تەيىنلىگەن باشلىق، كۈتۈۋېلىش - مۇلازىمەت ئىشلىرىغا جۇڭگو تەرەپ تەيىنلىگەن باشلىق مەسئۇل ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، جۇڭگو تەرەپ پونكىت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى شىخو ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى شۈي لىبى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. پونكىتتىكى مۇھىم خىزمەتلەر، كادىرلار خىزمىتى، راسخوت ئاجرىتىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى. قوبۇل قىلىش، كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى كونكرېت ئىشلەيدىغان ۋاڭ دېڭۇ ئىسىملىك بىر كۈتكۈچى ئادىيوتانت بار ئىدى. يەنە ئىككى نەپەر پونكىت خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى مەن ئىدىم. مەندىن كېيىن سۈڭ جيارۇي ئىسىملىك بىرەيلەن يۆتكەپ كېلىندى. رۇس تىلى تەرجىمانىنىڭ ئىسمى پەن ۋەنۋەن ئىدى. ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا يەنە ئۈچ نەپەر غەربچە تاماق ئۇستىسى، بىر نەپەر جۇڭگوچە تاماق ئۇستىسى، بىر نەپەر بولكىچى، بىر نەپەر ساتىراش، بىر نەپەر توكچى، بىر نەپەر سەيپۇڭ، ئۈچ نەپەر كىر يۇغۇچى، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان ۋاقىتلىق ئىشچىلار قوشۇلۇپ، جۇڭگو تەرەپتىن پونكىتتا خىزمەت قىلىدىغان 30 چە ئادەم بار ئىدى. دېمەك بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرلەر ئىدى. كېيىن بىرقانچە سوۋېتلىك ئاياللارنى بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپى پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئىدى.



سوۋېت تەرەپنىڭ شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتى كۈتۈۋېلىش ئورنىدا دائىم تۇرۇشلۇق بىر نەپەر پونكىت باشلىقىدىن باشقا، يول باشلىغۇچى، ماپنۇلاتور، رادىست، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگۈچى، دوختۇر قاتارلىق 10 نەچچە ئادىمى بار ئىدى. پونكىتتىكى 30 نەچچە جۇڭگولۇق گەرچە باشقا - باشقا مىللەت ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىن كەلگەن بولسىمۇ، بىزدە بىر ئورتاق مەقسەت بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىخوغا كەلگەن دوستلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئىدى.

## ھەقىقەت ئۈچۈن قانات قاققان بۈركۈت

پونكىتتىكى ئاۋىئاتسىيە ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقلىق پونكىت باشلىقى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى پونكىتتىكى جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئاز بىلەتتۇق. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ۋە ئېسىمدە قالغانلىرى: ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە ئايروپىلان ياردەم قىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن ئۇچقۇچىلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقلىق كىشىلەردىن ئىدى. ئايروپىلانلارنىڭ بەزىلىرى ھاۋا يولى ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئۇچۇپ بارسا، بەزىلىرىنى چۇۋۇپ، ئاپتوموبىل بىلەن ئىچكىرىگە ئاپىرىۋالغاندىن كېيىن قۇراشتۇرۇلاتتى. جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان ئايروپىلانلار سوۋېت چېگرىسىدىن چىقىپ جۇڭگو چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، 1 - بېكەت غۇلجىغا، 2 - بېكەت شىخوغا، 3 - بېكەت ئۈرۈمچىگە، 4 - بېكەت قومۇلغا قونۇپ، ئاندىن ئىچكىرىسىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. يەنە بىر ھاۋا يولى بولۇپ، شىخودىن گۇچۇڭغا، ئاندىن قومۇلغا بېرىپ، ئىچكىرىگە باراتتى. 1938 - يىلى ۋە 1939 - يىلى جۇڭگوغا ياردەم قىلىنغان ئايروپىلانلارنىڭ سانى ئەڭ

كۆپ بولغان يىللار بولۇپ، بۇ ئىككى يىلدا بىزنىڭ كۆتۈۋېلىش خىزمىتىمىزمۇ ناھايىتى جىددىي ئۆتتى. ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 10 نەچچە ئۇچقۇچىنى، كۆپ دېگەندە 20 — 30 ئادەمنى كۆتۈۋالاتتۇق. شىخو ناھىيىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى جىمجىتلىق بۇزۇلدى. بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ بوغۇق ئاۋازى ھەر كۈنى دېگۈدەك يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. كۈرەشچى ئايروپىلانلار خۇددى تاجاۋۇزچىلارغا ئېتىلغان ئۆتكۈر شەمشەردەك كۆكنى تىترىتىپ ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچىلارنى جازالاشقا ماڭاتتى.

جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۇچقۇچىلارنىڭ زادى قانچىلىكى قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدىكى جۇڭگولۇق ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېنىقراق بىر نەرسە دېيەلىشى تەس ئىدى. لېكىن شۇنىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇرۇش بولغانىكەن، قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ. ھەتتا ئادەتتىكى ئۇرۇشسىز ئۇچۇشلاردىمۇ قۇربان بېرىش بولىدۇ، ئەمەسمۇ! ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، 1941 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر كىچىك تىپتىكى كۈرەشچى ئايروپىلانى شىخودىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىشىدا يوقاپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سايرام كۆلىدە ھادىسىگە ئۇچراپتۇ. ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتا خېلى ئىزدىگەن بولسىمۇ، قالدۇق نەرسىلەر تېپىلمىدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن يەنە بىر ئىشنى ھازىرغىچە ھەر بىر ئويلىساملا مېنى سىر باسىدۇ. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1940 - يىلىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر چوڭ تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئۈرۈمچىدىن شىخوغا ئۇچۇپ كەلدى. شۇ كۈنى شىخو ئاسمىنىنى قېلىن تۇمان قاپلىغان بولۇپ، كۆرۈنۈش دەرىجىسى تۆۋەن ئىدى. ئايروپىلان قونۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ھاۋادا بىر-



ئىككى سائەت ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا قونالمىدى. پونكىتتىكى سوۋېتلىك خادىملار ئىنتايىن ھودۇقۇشۇپ، بىزگە ۋەقەنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئۇلار ھاۋادا گۈرۈلدەپ تۇرغان ئايروپىلانغا قارىتىپ شەپكىلىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، قاچىلىرىنى چالاتتى. بۇ ئارقىلىق ئايروپىلاننى يەرگە قوندۇرۇۋالماقچى بولاتتى. بىراق كۆرۈنۈش دەرىجىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا، يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئۈنۈم بەرمىدى. ئايروپىلان يەنىلا قونالمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئايروپىلان باشقا بىر تۈزلەڭلىك تېپىپ قونماقچى بولدى ۋە بۇرۇلۇپ كۈيتۇڭ دەرياسى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئايروپىلان كۈيتۇڭ دەرياسى توسمىسى ئۈستىدە خېلى ۋاقىت ئايلىنىپ ئۇچۇپ، قونالماي ئامالسىز قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئايروپىلاندىكى بېنزىن ئازلا قالغانىدى. كىشىلەر ئاسمانغا قاراپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، ۋارقىرىشاتتى. ئاخىر ھەممەيلەن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئۇچۇش يولى يېنىغا دۆۋە - دۆۋە يانتاق تىكىنى يىغىپ، بېنزىن چېچىپ ئوت ياقتۇق. لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلان شۇندىلا نىشاننى پەرق ئېتىپ، يەرگە قوندى. ئۇچقۇچى يۈزلىرى تاتارغان، باش - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلغان ھالدا ئايروپىلاندىن چۈشتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ۋە ئەرزىمەس قۇربان بېرىشتىن ساقلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ھاۋا ئارمىيىسى 1941 - يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قايتىپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك شىخودىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىدىغان ئايروپىلانلار ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەر قېتىمدا بىر چوڭ، ئون كىچىك ئايروپىلان بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئۆتەتتى. بۇ ئايروپىلانلار ھەر كۈ-

نى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەردە شىخو ئاۋىئاتسىيە بېكىت-
تىگە يېتىپ كېلەتتى. بەزىلىرى بۇ يەردە بىرەر كۈن دەم ئې-
لىپ، ئەتىسى سوۋېتكە قايتاتتى. بەزىلىرى دەم ئالماستىن شۇ
كۈنىلا چۈشتىن كېيىن ئۇچۇپ كېتەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قايتىدىغان ئايروپىلان ۋە ئۇچقۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن،
بىز ئىككى ئاي ئەتراپىدا پايپېتەك بولدۇق. 1942 - يىلىغا
كەلگەندە، شىخو ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتى سوۋېتلىك
مېھمانلارنى ناھايىتى ئاز كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۇ چاغدا
سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك
ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ
سوۋېت - شىنجاڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەر-
دى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا ياردەم بېرىدىغان ئاۋىئاتسىيە
ئەترەتلىرىدىلا ئەمەس، قۇرۇقلۇقتىكى ئاپتوموبىل كارۋانلىرىدىمۇ
كۆزگە چېلىقماس بولدى.

## قاتمۇ قات قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش

شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئۈستىگە ئالغان سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئايروپىلان
ۋە ئۇچقۇچىلارنى كۈتۈۋېلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە، ئەينى
دەۋر شارائىتىدا ھەقىقەتەنمۇ مۈشكۈل ۋەزىپە ئىدى. چۈنكى،
بىز سوۋېت ئۇچقۇچىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك
قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن ئۇلار ئۇچۇش ۋە ھاۋا ئۇرۇشىنىڭ
ئېھتىياجىغا ماسلىشالايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنى ھەر
خىل گۆشلۈك تائاملار بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە مېۋە -
چېۋە ۋە ئىچىملىك بىلەنمۇ تەمىنلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى.
بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىھاسى ۋە قۇۋۋەت



قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىدە تۇرغان چېغىدىكىدەك بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، مۇنداق
قىلىش ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ شارائىتىدا ئۇنچىۋالا
ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. يېقىلغۇنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭ
يېقىلغۇغا ئىنتايىن باي رايون. شىخونىڭ ئۆزىدىمۇ زور
مىقداردىكى كۆمۈر كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، شىخو-
دا قالاشقا كۆمۈر يوق ئىدى. ئاش - تاماق ئېتىش، چاي
قاينىتىش ۋە ئىسسىنىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي يانتاق تىكىنى قا-
لىناتتى. يانتاق تىكىنىنى ئەتراپتىكى قازاقلار يىغىپ، كالا
ياكى ئات ھارۋىسى بىلەن كۈتۈۋېلىش پونكىتىغا يەتكۈزۈپ
بېرەتتى. بىر ھارۋا يانتاق تىكىنى سەككىز - توققۇز كويغا
بارمايتتى. كۈتۈۋېلىش پونكىتى يېرىم ئاي ياكى بىر ئايدا قا-
زاقلار بىلەن بىر قېتىم ھېساب - كىتاب قىلىشاتتى. قازاقلار
بۇ كىرىمگە ئېرىشكەچكە، بەس - بەس بىلەن يېقىلغۇ ئەكې-
لەتتى. شۇڭا، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا يانتاق تىكىنى كىچىك
تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل
قىلىشمۇ قىيىنغا توختايتتى. سوۋېتلىك مېھمانلار بىلەن جۇڭ-
گولۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىككى خىل سۇ ئىچەتتۇق. بىز-
نىڭ ئىچىدىغىنىمىز قازاقلار يېقىن ئەتراپتىن ھارۋا بىلەن
ئەكىلىپ بېرىدىغان كۆل سۈيى ئىدى، سوۋېتلىك مېھمانلارنىڭ
ئىچىدىغىنى بۇلاق سۈيى ئىدى. بۇنى پونكىتىمىزنىڭ بىر ئاپ-
توموبىلى 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىخو ناھىيە بازىرىدىن
ئەكېلەتتى. بىز يەنە سوۋېتلىك مېھمانلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشى،
ياخشى ياتاققا ئورۇنلىشىشى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشى
ئۈچۈن، نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ تاپتۇق. ھازىر
ئويلىسام تولىمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلىمەن. ئۇ چاغلاردا
مۇزلاتقۇ يوق ئىدى، ئەمما پونكىتىمىز بىر يىلنىڭ تۆت پەس-
لىدە سوۋېتلىك مېھمانلارنى مارۇژنى بىلەن كۈتۈۋالاتتى. بۇنىڭدا

ئالاھىدە سىرمۇ يوق ئىدى، بىز يەرلىك ئۇسۇلدا بىر مۇزخانا
قۇردۇق، يەنى ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر يۇمىلاق شەكىل-
لىك ئورا كولاپ چىقتۇق، ئۇنىڭ ئاستى ۋە ئەتراپىنى خىش
بىلەن قوپۇرۇپ، ئۈستىگە ياغاچتىن قاپقاق بېكىتتۇق؛ بۇنىڭ
ئۈستىگە بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، مۇزخانىغا قىشمۇ ياز كۈن نۇرى
چۈشمەيدىغان قىلدۇق. قىشتا دەريادىن مۇز پارچىلىرىنى ئەكې-
لىپ بۇنىڭ ئىچىگە قاچىلىدۇق، شۇنداق قىلىپ بۇ مۇزخانىنى
پۈتتۈردۇق. يازدا قاپقاقنى مەھكەم ئېتىپ قويساق، بۇ مۇز-
لارنى كېلەر يىلنىڭ 9 - ئايلىرىغىچە ئىشلەتكىلى بولاتتى.
بۇ مۇزخانىنىڭ ئىككى خىل رولى بار ئىدى. بىرى، توخۇ،
غاز، بېلىق گۆشلىرىنى ساقلىغىلى بولاتتى؛ يەنە بىرى، بۇنىڭ
بىلەن ماروژنى ياسىغىلى بولاتتى. يەنە ئېسىمدە قېلىشىچە،
شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا كۆۋاس ئىچىملىكى ياسىلاتتى.
بۇنىڭغا ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىن سېتىپ ئەكەلگەن قاپاق پىۋې-
سىنى قوشقاندا، شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا ئىچىملىك ناھا-
يىتى مول ئىدى.

ئۇ چاغلاردا تۇرۇبا سۈيىمۇ، پار قازىنىمۇ يوق ئىدى.
ئەمما بىز شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا بىر مۇنچا قۇرۇپ،
پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بىر يىلنىڭ تۆت پەس-
لىنىڭ ھەممىسىدە يۇيۇنۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردۇق. بۇ
ئىش يازدا بىر ئاز ئاسان ئىدى، يەنى تاختاي بىلەن ئۆي
ياساپ، تورۇسىغا بىرقانچە بېنزىن تۆڭىنى ئېسىپ، ئۇنىڭغا
جۈمەك بېكىتىپ قويساقلا ئىش پۈتەتتى. قىشتا پار مۇنچىسى
ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئومۇم-
لاشقان بىرخىل ئۇسۇل ئىدى. بۇنىڭدا قاڭالتىر ياكى چويۇندىن
ياسالغان مەشنىڭ ئىچىنى لاي بىلەن سۇۋاپ، ئوت قالاپ، مەش-
نىڭ ئۈستىگە ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى تاشلار تۆكۈلۈپ قويۇلاتتى، مەش-
نىڭ قىزىشىغا ئەگىشىپ تاشلارمۇ قىزىيتتى، بۇ چاغدا مۇنچا



خىزمەتچىسى سۇنى تاشنىڭ ئۈستىگە تۆكەتتى. تاشتىن چىق-
قان ھور تەدرىجىي ئۆرلەپ مۇنچىنى ئىسسىتاتتى، شۇنىڭ بىلەن
يۇيۇنغانلارمۇ توڭلاپ كەتمەيتتى.

پونكىتتا گۆش بىلەن تەمىنلەشنىمۇ چارىسىنى تاپتۇق.
چوشقا گۆشى شىخو ناھىيىسىنىڭ بازىرىدىن سېتىۋېلىناتتى.
كالا - قوي گۆشىنى بولسا، شىخو ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلار تىرىك چارۋا بىلەن تەمىنلەيتتى. مەلۇم مۇددەتتە
بىر قېتىم، ھەرقېتىمدا نەچچە ئون چارۋا بېرەتتى. بۇلارنى قازاق-
لارنىڭ بېقىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىپ، ھەق بېرەتتۇق، قاچان
يېگۈمىز كەلسە، شۇ چاغدا ئۆلتۈرەتتۇق. قىش مەزگىلىدە ساق-
لاش قولايلىق بولغاچقا، كۆپرەك سويۇپ بېسىپ قوياتتۇق.
پونكىتتا كۈندىلىك ئىستېمال ئۈچۈن ئۈچ قوينىڭ گۆشى كې-
تەتتى. ئۆلتۈرۈلگەن چارۋا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پونكىتتا
تۇرۇشلۇق دوختۇرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلەتتى، دوختۇر لاياق-
قەتلىك دەپ قارىسا، ئاندىن ئاشپەزلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە
تاپشۇرۇلاتتى. توخۇ، ئۆردەكلەرنى ئىلى بازىرىدىن سېتىۋې-
لىپ ئەكەلگەندىن كېيىن قارا خىزمەتچىلەر باقاتتى. ئومۇ
قاچان يېيىشكە توغرا كەلسە، شۇ چاغدا ئۆلتۈرۈلەتتى. پون-
كىتتا 100 دىن ئارتۇق توخۇ، ئۆردەك بېقىلغاچقا، ھەر ۋاقىت
تىرىك توخۇ، ئۆردەك بىلەن تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت بار ئىدى.
شىخو ئاۋىئاتسىيە كۆتۈرۈلۈش پونكىتىدا سوۋېتلىك مېھمانلار-
نىڭ ئوزۇقلىنىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، غەربچە تائاملار
ئاشخانىسىمۇ قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا 1939 - يىلىنىڭ ئالدى-
كەينىدە شىخو ناھىيىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭىلا قاي-
تىپ كەلگەن مۇھاجىرلار ئىچىدىن بىرقانچىسىنى تاللاپ ئەكەل-
گەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چاغدا غەربچە تاماق ئۇس-
تىسىدىن بەش-ئالتىسىلا بار ئىدى، ئۇلار رەسمىي ئۇستا، شاگىرت
ئۇستا ۋە 3 - ئۇستا دەپ ئايرىلاتتى. چوڭ ئۇستىلاردىن باشقا، يەنە

خىزمەتكارلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئوت قالاش، سەي يۇيۇش، قاچا - قۇچىلارنى تىزىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ غەربچە تائاملار ئاشخانىسىدا قاچا - قۇچا، جوزا - ئورۇندۇقلارنىڭ تىزىلىشىدىن تارتىپ، تائاملارنىڭ پىشۇرۇلۇشىغىچە غەربچە تۈس ئالاتتى - دە، سوۋېتلىك مېھمانلار بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولاتتى.

بىز سوۋېتلىك مېھمانلارنىڭ ياخشى تازىلىق ئادىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پونكىتنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاپ مېھمانلارغا راھەت تۇيغۇسى بەردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن، پونكىت مەخسۇس تازىلىق ئىشچىسى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشنى دەسلەپ مىللىي ئەر ياشلار ئۈستىگە ئالدى، كېيىنچە سوۋېتلىك ئاياللار ئۈستىگە ئالدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇلارغا تىل جەھەتتىن قولايلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ياخشى بىلگەچكە، كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئاۋىئاتسىيە پونكىتى يەنە كىر يۇيۇش ئۆيىمۇ قۇردى، ئۈچ نەپەر كىر يۇغۇچى ئايال ھەر كۈنى سوۋېتلىك مېھمانلارنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، يۇيۇشقا تېگىشلىك كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىپ كېلەتتى. ھويلا ئىچىگە ياغاچ تۈۋرۈك ۋە سىمدىن ئۈچ قۇر كىر يېيىش جازىسى ياسالغان بولۇپ، كىيىم - كېچەكلەر قۇرۇغاندىن كېيىن رەتلىك قاتلىنىپ ئىگىسىگە يەتكۈزۈلەتتى. بەزى كىيىملەر دەزماللانغاندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرىلەتتى. بۇندىن باشقا، خىزمەتكارلار سوۋېتلىك مېھمانلارنىڭ ياتىقىدىكى ئوچاقتا ئوت قالاشقا مەسئۇل ئىدى. شۇڭا، كۈيتۇڭ رايونى گەرچە قىشتا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، مېھمانلارنىڭ ياتىقى دائىم ئىسسىق تۇراتتى.

1938 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىخو ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋې-



لىش پونكىتى ئەسلىدىكى ئاساسقا تايىنىپ يېڭى ئەسلىھەلەرنى قۇردى. ئېنىق ئېسىمدە قېلىشىچە، يۇقىرىقى ئورگان ئۈرۈمچىدىن بىر نەپەر ئاز سانلىق مىللەت بىناكارلىق ئۇستىسىنى ئەۋەتتى، بۇنىڭغا ماس ھالدە شىخو ناھىيىسىدىن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت بىناكارلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلما (ئاستى تاختاي) لىق ئۈچقۇچىلار ياتىقى، كىر يۇيۇش ئۆيى، پار مۇنچا، توك تارقىتىش ئۆيى قاتارلىقلار ياسالدى. پونكىتتا ئىلگىرى گاز لامپا ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭغا ئۈزۈلدۈرمەي گاز بېرىپ تۇرغاندىلا ئاندىن يورۇيتتى. توك تارقىتىش ئۆيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پونكىت ئىككى نەپەر تېخنىك تەكلىپ قىلدى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن ماي سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىرئاز ئاپتول ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق توك تارقىتىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا بىر كۈندە ئون كىلوگرام ئەتراپىدا نېفىت كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەركۈنى كېچە سائەت 12 گىچە ئېلېكتر يورۇقلۇقىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

## ئورتاق كۆرەش، ئەبەدىي دوستلۇق

شىخو ئاۋىئاتسىيە كۈتۈۋېلىش پونكىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق خىزمەتچى خادىملار بىلەن جۇڭگولۇق خىزمەتچى خادىملار ناھايىتى ئىناق ئۆتكەچكە، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقلىق دوستلار ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. ئويلىسامىلا، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاۋازى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي - قىياپىتى كۆز ئالدىمغا ئېنىق كېلىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدىكى شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرى بولۇپ، 30 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرابوي،

مۇلايىم ۋە تەربىيە كۆرگەن كىشى ئىدى. كۈندۈزلىرى ئۇ دائىم دېگۈدەك جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىغا كېلىپ كېسەل كۆرەتتى، ئاخشاملىرى ياتىقىمىزغا كېلىپ ئويناپ كېتەتتى. ئۇ، رەسىم سىزىشقا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇ بىزنى تامغا يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ، چىراغ يورۇقىدا تامغا چۈشكەن سايىمىزنى سىزاتتى، كۈندۈزى ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، يانتۇ سۈرەت قىلىپ پۈتتۈرەتتى، سۈرەتلەرنى ئىگىسىگە ئوخشىتىپ سىزىپ، ئۆزلىرىگە بېرەتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ھەممىمىزنى خۇش قىلاتتى. جۇڭگولۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا خۇشتار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقلىق بۇ دوختۇر ناھايىتى ئالىيجاناب كىشى بولۇپ، شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئەتراپىدىكى پۇقرالارمۇ ساقسىز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەلتىجا قىلاتتى، ئۇ بىمارلارنىڭ كېسەللىكىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ قوياتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرنى قۇرۇپ بەردى، كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئۇچقۇچىلار ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ھەرھەپتىدە بىر نەچچە قېتىملا كىنو قويۇلاتتى، كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك قويۇلىدىغان بولدى. ياخشىراق فىلىملەر قويۇلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقلىق پونكىت باشلىقى ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى چاقىرتاتتى. يازكۈنلىرى كىنو سىرتتا قويۇلاتتى، پونكىتتىكى جۇڭگولۇقلار سوۋېتلىك دوستلار بىلەن بىرگە كىنو كۆرۈپ، پەيزى سۈرەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ھال سوراش ئۈمىكى ئەۋەتكەنىدى، مەن شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا ئۇلارنىڭ ھال سوراش يۈزىسىدىن قويغان نومۇرلىرىنى كۆرگەنىدىم. نومۇرلار سېرىك ئويۇنى تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ناھايىتى قىزىقارلىق ئىدى. يەنە بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۇ، 1940 -



يىللى «1 - ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى» نىڭ ھارپا كۈنلىرى ئىدى. مېھمانلارنىڭ ئۆزگە يۇرتتا بۇ بايرامنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، مەن بۇيرۇققا بىنائەن شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدىن بىر كۆرەشچى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا كەلدىم، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، نەنلياڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ غەربىدىكى شىتەي ماگىزىنىدىن نەرسىلەر سېتىۋالدىم. بۇ ماگىزىننىڭ خوجايىنى 40 نەچچە ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئاساسەن ھاراق - شاراب، قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىك ۋە قېزا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتىدىكەن. مەن ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن ئالدىراش يۈرگەندىن كېيىن، شىخو ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ بىر گاز ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شىخوغا قايتتىم. بۇ ماشىنىغا ئوتۇننى يېقىلغۇ قىلىدىكەن، ھازىر ئويلىسام تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بۇ ماشىنىنىڭ كوزۇپى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئىككى تەرەپنىڭ كوزۇپ تاختىسىغا يېقىن قىلىپ بىردىن مەش ئورنىتىلغان بولۇپ، تەخمىنەن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى. ياغاچ تاختايلار مەشتە كۆيدۈرۈلۈپ، ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىناتتى. بۇنىڭغا باقماي، ماشىنىنىڭ تېزلىك سۈرئىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. بىز 1 - ماي سائەت ئونلاردا ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، چۈشتىن كېيىن بەشلەردە كۈيتۈڭگە يېتىپ كەلدۇق. سوۋېتلىك پونكىت باشلىقى ۋە باشقا مېھمانلار بىزنىڭ لىقمۇلىق نەرسە - كېرەك قاچىلاپ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. بەزىلەر «خاراشوۋ!»، «خاراشوۋ!» (رۇسچە «ياخشى» دېگەن مەنىدە) دەپ ۋارقىراشتى. شۇ كۈنى كەچتە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن پونكىتتا بايراملىق زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەت غەربچە تاماقخانىدا ئۆتكۈزۈلدى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئاساسەن، تۆت بۇرجەك ئۈستەلنى تىك تۆت بۇلۇڭلۇق قىلىپ تىزىپ، ئۈستىگە ئاق

داستىخان ياپتۇق، ئاندىن كۆكۈل قويۇپ پىشۇرۇلغان تۈرلۈك مەززىلىك تائاملارنى تىزدۇق. توخۇ، ئۆردەك، بېلىق گۆشى ۋە مېۋە - چېۋىلەردىن باشقا، ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغىنى چوشقا گۆشى كاۋىپى ئىدى. سوۋېتلىك پونكىت باشلىقى ماڭا ئېتىبار بىلەن قاراپ، ماڭا ئوخشاش «تۆھپىكار»نى مۇشۇ گۈزەل مىنۇتلارنى بىرگە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مېھمانلار ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى خاتىرىلىگەندىن باشقا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي بايرىمى ۋە روژدىستۋا بايرىمى قاتارلىقلارنىمۇ خاتىرىلەيتتى. بايراملا بولسا، جۇڭگولۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى چاقىرىپ بىرگە ئۆتكۈزەتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى سوۋېتلىك پونكىت باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھاراقنى جىقراق ئىچىپ، زىياپەت ئاخىرلاشقاندا خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. بۇ، ئېھتىمال، مېنىڭ ئۈچ كۈنلۈك جاپالىق ئەمگىكىمگە ئۇلارنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى بولسا كېرەك.

مەن 1942 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى شىخو ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش بېكىتىگە بوغالتىر بولۇپ يۆتكەلدىم ۋە 1943 - يىلى بېكەت باشلىقى بولدۇم. بۇ بېكەتنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى شەخسلەردىن ئىجارىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئىشخانا، ياتاق، ئاپتوموبىل توختاش مەيدانى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم تۆت ئورۇندا ئىدى. مەن بۇ بېكەتكە بارغان كۈنلەردە سوۋېت ئاپتوموبىل ئەترىتىنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسى خېلىلا ئازلىغانىدى. 1944 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى شىخو ئاپتوموبىل كۈتۈۋېلىش بېكىتى بەزىدە ئۈرۈمچىدىن غۇلجا تەرەپكە ماڭغان ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىل كالونلىرىنىمۇ كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۇ مەزگىلدە، جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان



بولۇپ قالغانىدى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەن شىخودىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. 1946 - يىلى 4 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن، جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى ئۈرۈمچى باش شتابى تەپتىش بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشۈپ، پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. بۇ چاغدا جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى ئۈرۈمچى باش شتابىدا قىلغۇدەك ئەمەلىي ئىشمۇ قالمىغانىدى. 1947 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسى ئاپتوموبىل بېكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى جۇڭگو - سوۋېت ترانسپورت كوللېگىيىسىنىڭ قالدۇق مۈلۈكلىرىنى يۆتكەيدىغان ئاپتوموبىل كالونى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

يۇقىرىقىلار گەرچە ئۆز كەچۈرمىشلىرىم بولسىمۇ، ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتكەچكە، خاتالىقلاردىن ساقلىنىش قىيىن. مۇۋاپىق بولمىغان جايلار بولسا، تۈزىتىش بېرىشنى سورايمەن.

تەرجىمە قىلغۇچى: كۈرەش مەھمۇت

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىز

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1953 - يىل 1 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈن رادىئو ئاڭلىتىش ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە سىملىق رادىئو ئاڭلىتىشنى ئايرىپ باشلىدى.

5 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شەھەر بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ۋە تىزىملاش خىزمىتىنى باشلىدى.

8 - كۈنى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەر رايونى يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن كۈرەش مېۋىلىرىنىڭ يېزا - كەنت كادىرلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە ئىشلىتىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئىسراپ قىلىنغانلىقىنى بايقىغان. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەر ئىسلاھات ھەيئىتى بۇ توغرىدا: يەر ئىسلاھاتىنىڭ تەقسىمات خىزمىتىدە، ئىجارە كېمەيتىش — زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا ساقلىنىپ قالغان كۈرەش



مېۋىلىرىنى پۈتۈنلەي دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش كېرەك، دەپ قارار چىقارغان.

15 - كۈنى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى چاقىرغان شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر بەش ۋىلايەت ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەر ئىسلاھات سىنىقىنى تەكشۈرۈشنى يەكۈنلەش يىغىنى ئاياغلاشتى.

16 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق دۆلەت مۇداپىئە ھەيئىتى خەلقنىڭ پاش قىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇردى.

19 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەمۇرىي كېڭەش مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «باج تۈزۈمى توغرىسىدىكى بىرقانچە تۈزىتىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش ۋاقتى ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى» غا بىنائەن، ئۆلكىلىك باج ئىدارىسى ئۆلكىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى باج ئېلىش چارىسىنى بېكىتتى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 5 - رايونى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ رايوننىڭ غەربىي شىمال بويىچە 1 - دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق نەمۇنىسى بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

23 - كۈنى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

△ كەلپىن بىلەن مارالبېشىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە بەش بال يەر تەۋرىدى.

27 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەمكارلىق تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپى ئۆلكىلىك كوپېراتىپ ئىدارىسىنىڭ تەمىنات - سودا باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ئەمگەكتە پاردەملىشىش گۇرۇپپىسىدىن 117

ھېگى تەشكىل قىلىنىپ، بۇنىڭغا 585 مىڭ ئائىلە قاتناشتى. بۇ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 75% نى تەشكىل قىلدى، تەخمىنەن بىر مىليون ئەر - ئايال دېھقان ئەمگەك كۈچى تەشكىللەندى.

△ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئوكسىگېن ئىشلەش سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

**2 - ئاي**

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئېكسپورت قىلىش شىركىتى قۇرۇلدى. بۇرۇنقى «جۇڭگو چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

7 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باج ئىدارىسى «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا - سانائەت ھېسابات دەپتەرلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

12 - كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شىكەر رايونىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ ئىمپورت قىلىش شىركىتى قۇرۇلدى.

20 - كۈنى، جۇڭگو چەت شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

25 - كۈندىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، غەربىي شىمال رايونىنىڭ 1953 - يىل باھار پەسىللىك توپ تۈرلىرى مۇسابىقىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللىرى كوماندىسى ئەرلەر ۋاسكىتبولى بويىچە چېمپىيونلۇققا، ئاياللار ۋاسكىتبولى بويىچە ئىككىنچىلىككە، ئاياللار ۋالىبولى بويىچە ئۈچىنچىلىككە، ئاياللار پەي توپ قوش ئويناش بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.



26 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق نازارىتى قۇرۇلدى.

**3 - ئاي**

9 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھەدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ماتەم يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يولداش ستالىننىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى.

12 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 5 - كۈندىكى سانىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» بېسىلدى، بۇنى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ھىمايە قىلدى.

13 - كۈندىن 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، ساۋەن، شىخو، ئالتاي، كۆكتوقاي، مىچۈەن، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردە ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ 34 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 160 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورمان ۋە ئوتلاق، 140 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق چوڭ كىچىك دەرەخ كۆيۈپ كېتىپ، خەلق پۇلى ھېسابىغا 3 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان بولدى.

15 - كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

17 - كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سەنساكۇ رايونىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «غەربىي شىمال رايونىنىڭ تۆمۈر چاقلىق

چوڭ ھارۋىلارنىڭ تاش يولدا قاتنىشىنى چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھە)» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ شۇ بويىچە سىناپ يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

△ جۇڭگو تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

19 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر ئىسلاھات ھەيئىتى 3 - قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى بېكىتتى: ① يەر ئىسلاھاتى يەنىلا شىنجاڭنىڭ بۇ يىللىق مەركىزىي ۋەزىپىسى، ئۇنى ئىجارە كېمەيتىش - زورمىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا داۋاملىق ياخشى ۋە تەپسىلىي ئىشلەش كېرەك؛ ② «ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ ③ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك مىللىي كادىرلار ھەم ئاكتىپلارنى يېتىشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش كېرەك.

22 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى دېھقان - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا جەمئىي 83 مىليارد يۈەن (كونا پۇل) قەرز پۇل تارقاتتى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1953 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئالغانلارنى مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

26 - كۈندىن 28 - كۈنگىچە، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۈزۈلمەي قار ياغدى. قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چى ئەتراپىغا يەتتى. بەزى جايلاردا ئۈچ چىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەرقايسى رايون ۋە يېزىلارنىڭ چارۋا فېرمىلىرىنى پۈتۈنلەي قار بېسىۋالدى.



28 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق دورىخانىسى جۇڭگو تېببىي دورا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

29 - كۈندىن 30 - كۈنگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە قارا يامغۇر قاتتىق قارغا ئايلىنىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۈششۈپ كەتتى.

30 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «رايون ۋە يېزىلاردا مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى قۇرۇش ۋە خەلق ئالدىدا مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

31 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ياردەملىشىش - ھەمكارلىشىش كۇرسى ئاچتى.

شۇ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى موخو كېسەللىكى كەنتىدە موخو كېسەللىكى دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ ئايدىن 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار دېھقانلاردىن ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان يەرلەر ۋە ئۆزلىرى ئاچقان بوز يەرلەر بولۇپ جەمئىي 410 مىڭ مو يەرنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە ھەدىيە قىلدى.

## 4 - ئاي

3 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى گېزىتىمىز مۇخبىرىغا سۆھبەت ئېلان قىلىپ، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ چاۋشيەندە ئۇرۇش توختىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېلان قىلغان

بايائاتىنى ھىمايە قىلدى.

5 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش ھەيئىتى سودا شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ يۇڭ يۇيۇش لايىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىپ ئىشچىلارنى يارىلاندۇرغانلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

8 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ لەنجۇ - ئالمۇئاتا يولىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەشكىللىگەن ھاۋا يولىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى - قەشقەر يېڭى ھاۋا يولىنى يەردىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى.

10 - كۈنى، خەلق بانكىسىنىڭ شۆبىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش بىزەكلىرى كەسپىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇز باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسى قەشقەردە قۇرۇلدى.

12 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: بۇرھان شەھىدى تۈزگەن، مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە لۇغەت» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

20 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېكەتكە يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى.

21 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىپ، «ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش» ئاساس قىلىنغان نۆۋەتلىك چېكەتكە يوقىتىش» پىلانىنى شۇ يىلدىن باشلاپ



يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

22 - كۈندىن 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، مەركىزىي مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان غەربىي شىمال مىللىي مائارىپنى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

23 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ھەمۇرىي يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتى قۇردى.

24 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ھەربىي قىسىم ۋە خەلق ئىشچىلىرى 1950 - يىلى 9 - ئايدا ياساشقا باشلىغان ئۈرۈمچى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى 1953 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تولۇق پۈتتى. بۇ ئامبارغا 50 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ.

25 - كۈنى، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ خەنزۇچە 3 - تومى ئۈرۈمچىدە تارقىتىلدى.

△ قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

26 - كۈنى، ماناس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

27 - كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

30 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «1953 - يىللىق چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ شتاتىنى قايتا تۈزۈش ئاياغلاشتى.

△ ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى قۇردى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى، شىبە يېزىقىدىكى «يېڭى تۇرمۇش» گېزىتى غۇلجىدا تەسىس قىلىندى.

7 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۈئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئىچىدە ياۋا تۆگە، ياۋا كالا، ياۋا ئات، بۇغا، ئارقار، جەرەن، ئېيىق، قاپلان، چىل بۆرە، بۆرە، قاما، قوڭغارچە ۋە قىممەتلىك كۆل رەڭ تۈلكە قاتارلىق 20 نەچچە خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ يۈرگەنلىكى بايقالدى.

9 - كۈنى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئاق چەكنىڭ ئىشلىتىلىشىنى چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساناتورىيىسىنى قۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

11 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئورمان ئاسىراش ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق تەپتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: تەكشۈرۈلۈشچە، ئۆلكىمىزنىڭ ئاساسىي چېكەتكە رايونى ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئالتە ۋىلايەتتىكى چېكەتكە تۇخۇمى بار جايلارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 486 مىڭ 300 گېكتاردىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىلى تەخمىنەن 64 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكىنى يوقىتىشنى، بۇنىڭدىن 33 مىڭ گېكتاردىكىنى ئايروپىلان بىلەن، 19 مىڭ گېكتاردىكىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق دورا چېچىش بىلەن، 12 مىڭ گېكتاردىكىنى ئادەم كۈچى بىلەن



ئۇرۇپ يوقىتىشنى قارار قىلدى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۇيغۇر مۇزىكا خەزىنىسى 12 مۇقامنىڭ ئاھاڭىنى نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنىڭ كۆپ قىسمى تاماملاندى.

△ مەركىزىي يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىشقا كېلىدىغان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ 21 كىشى غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

18 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىئەن تېلېگراممىسى: شىنجاڭنىڭ قازاق قويى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رامبولىيە قويىدىن شالغۇتلاشتۇرۇلغان نەسىللىك قازاق-رامبولىيە قويىدىن ئىككى يىل ئىچىدە شەرقىي شىمال، ئىچكى مۇڭغۇل، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا مىڭ تۇياقتىن ئارتۇقراق توشۇلۇپ، شۇ جايلاردىكى چارۋا خادىملىرى ۋە چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

21 - كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش خادىملىرى سەككىز ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى، ساۋەن، شىخو، ماناس، مىچۈەن، خوشۇت ئالتە ناھىيىدە جەمئىي 613 مىڭ 560 مو ئېتىز ۋە قومۇشلۇق كۆللەردىكى چېكەتكىلەرنى يوقاتتى.

31 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتى شۇ يىلى ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، قارا شەھەر بەش ۋىلايەتتە داۋاملىق سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە تەبىئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن رامبولىيە - قازاق قويى نەسلىنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇپ،

يەرلىك قويدىن 150 مىڭنىڭ سورتىنى ياخشىلاشنى قارار قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار مەكتىپىنىڭ مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيە بۆلۈمى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

**6 – ئاي**

1 – كۈنى، شىنجاڭ پوچتا – تېلېگراف ئىدارىسى ئۈرۈمچى، غۇلجا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزى، تاشكەنت شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدا خەلقئارالىق تېلېفون ئالاقىسى باشلىدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بېقىش ئورنى قۇرۇلدى.

3 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك دېھقان – ئورمانچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، تۇرپان، كورلا، كۇچا، قەشقەر ئالتە جايدا دېھقانچىلىققا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى تەسىس قىلىپ، ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشىلاشقا ياردەم بەردى.

4 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 174 – قېتىملىق يىغىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە سۇنۇلغان ئىسىملىكنى ماقۇللىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى: ئابلا زاكىروۋ، شىدىنبېك، ئىمىن مەخسۇم، سەلىمە تالىپ، ئالىمجان، قۇربان ئېلى، جاڭ باڭيىڭ، كەي يىڭ، ليۇ خۇپىڭ، سەيپۇللايوف؛ زىڭ شىڭتىڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، نەبىجاننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك



خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ يۈۋېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت – مائارىپ ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، ليۇ خۇپىڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇش؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق رېۋىزىيە كومىتېتى ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا سەككىز كىشى تەيىنلەش.

5 – كۈنى، قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ تارماق بانكىسى قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

7 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك دېھقان – ئورمانچىلىق نازارىتى ئەسلىدىكى دېھقان – ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالدى ۋە ئۆزگەرتتى؛ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئون ۋىلايەتلىك ئۈلگىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە گۈچۈڭ، تۇرپان، ماناس، چاپچال، كورلا، كۇچادىن ئىبارەت ئالتە نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ ئۈلگىلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى.

10 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكە بويىچە 78 ناھىيىدە 79 سىملىق رادىئو ئۇزۇلى ۋە رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى بارلىققا كېلىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن ئۆلكە كۆلەملىك رادىئو قوبۇل قىلىش تورى شەكىللەندى.

13 – كۈندىن 20 – كۈنگىچە، سۈيدۈڭ، چاپچال، غۇلجا، قورغاس، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە ۋە غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بىرنەچچە قېتىم مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولۇپ، 18 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېتىز ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

14 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ يىل بىرقەدەر مۇكەممەل سۇ باشقۇرۇش تەشكىللىرى ۋە يېڭى سۇ ئىشلىرى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، سۇ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزدە بۇ يىل شىنجاڭ گىدرولوگىيە شۆبىسى ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق 14 گىدرولوگىيە پونكىتى ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئۈرۈمچى دەرياسى، شىخەنزە دەرياسى، ماناس دەرياسى، قارا شەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، گەز دەرياسى، يەكەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئىبارەت 12 دەريادا قۇرۇلدى.

15- كۈنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- (خەنزۇچە) قانال ۋە 2- (ئۇيغۇرچە) قانالللىرى ئىككى خىل دولقۇن ۋە چاستوتىلاردا ئاڭلىتىش بېرىشكە باشلىدى.

18- كۈندىن 27- كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سايلام خىزمىتى پىلانى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش پىلانى (لايىھە)» نى ۋە شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىش ئاساس قىلىنغان كېيىنكى خىزمەت ۋە ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى ئىككى قارارنى ماقۇللىدى.

22- كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئومۇمىي سايلىمىدا خەلق سوتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

24- كۈنى «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش باسقۇچىنى تاماملاپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا رەسمىي كىرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش ۋە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى دۆلەتكە ئۇزىتىپ قويۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى (بۇ زاۋۇت 1952- يىلى 12- ئايدا پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى).

27- كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىمالىي



شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاغ كەلكۈنى كېلىپ، يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ، قاتناشقا تەسىر يەتكۈزدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تاشيوللىرىنى ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى كەلكۈن بۇزۇۋېتىشتىن ھەقىقىي تۈردە ساقلىنىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تاشيوللىرىنى كەلكۈندىن ساقلاش چارىسى» غا ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ، كەلكۈن مەزگىلىدە بىخەتەر ئاپتوموبىل قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بۇيرۇدى.

30- كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن 1544 نەپەر ئىلغار دېھقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى ۋە 262 ياچېيكا قۇردى.

△ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، سەھىيە باشقارمىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كەمبەغەل ئاغرىقلار ۋە جىددىي يۇقۇملۇق كېسەلگە مۇپتىلا بولغۇچىلارنى ھەقسىز داۋالاشنى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەركىزىي يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭنىڭ چېكەتكە ئاپىتىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىشكە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش خادىملىرىنى ئۇزىتىپ قويدى.

30- كۈندىن 7- ئاينىڭ 11- كۈنىگىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا جاڭ باكيېنىڭ «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي يەكۈنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى فاڭجېن - ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا» دوكلات بېرىپ،

مۇنىڭدىن كېيىنكى چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتىنىڭ فاكتىنى ـ ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش روھىدا چىڭ تۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت ـ ھەرقاتلام خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، چارۋىچىلىقنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ۋە مۇۋاپىق ياخشىلاش دەپ كۆرسەتتى.

△ مۇشۇ ئايغىچە، پۈتۈن ئۆلكىدە بانكا ئورگانلىرى 113 كە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلە تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

## 7 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئېلان چىقىرىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ مەملىكىتىمىز ھەرقايسى جايلىرىغا قاتناشتا ئەمدى ئۆلكىلەردىن ئۆتۈش خېتى ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاش، يول مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش شۆبە ھەيئىتى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا ئەمگەكنى قوغداش ئورگانلىرى قۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى ئېلان قىلدى.

3 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت ھەيئىتى قۇرۇلدى.

5 ـ كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 30 نەچچە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇردى، ئۇلاردىكى قوي 500 نەچچە مىڭ تۇياققا، كالا 22 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

7 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە، يىغىندا قۇرۇلغان



ئۆلكىلىك مىللىي سەھىيە خىزمەت ئەترىتى جىنسىي كېسەللەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونىدىكى قوبۇقسار ناھىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانچىلىق رايونىدىكى كۇچا ناھىيىسىگە بېرىپ، جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، ھەقسىز داۋالىدى.

8 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۈرۈمچى كۇتۇپخانىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كۇتۇپخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

10 ـ كۈنى، ماراڭبېشى ناھىيىسىنىڭ سەنساكۇ رايونىدا ئىككى قېتىم ئالتە بال ۋە 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

△ ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۆلەت ۋە خۇسۇسىيلار ئاچقان داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ھەق ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 11 مىللەتتىن 474 نەپەر قىز ـ ئوغۇل تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

14 ـ كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قوڭغۇر تېغى ئەتراپىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

15 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چارۋىچىلىق بېجى ۋاقىتلىق چارىسى» نى ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ چارۋىچىلىق بېجى ھەيئەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» نى تارقاتتى.

△ ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد ھەيئىتى «ئۈرۈمچى تاموژنا رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يېڭى دېموكراتىك دۆلەتلەردىن توختام بويىچە ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن باج ئېلىش

چارىسى» نى تارقاتتى.

15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، مارالبېشى دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ قۇتلۇق توسمىسىنى بۇزۇۋەتتى ۋە بىر قىسىم ئېتىزلارنى بېسىۋالدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزنىڭ شۇ يىلقى چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى ئىككى ئاي تىرىشىش ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆي - زېمىنلەردىن باج ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

20 - كۈنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

△ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتى «زاۋۇت، كارخانىلاردا مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

24 - كۈنى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 48 گرادۇسقا چىقىپ، 1948 - يىلى 8 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا سېلسىيە 47.8 گرادۇستىن ئېشىپ كەتتى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىنىڭ ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشقا كىرىشتى.

△ ئۆلكىلىك ترانسپورت ھەيئىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، دۆلەت ۋە خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت



ئورۇنلىرى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە دۆلەت ۋە خۇسۇسىلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش چارىسى» نى ھەمدە «دۆلەت ۋە خۇسۇسىلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تىزىملاش رەسمىيىتى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

4 - كۈنى، ئۈرۈمچى دەرياسىغا زور كەلكۈن كېلىشكە باشلاپ، سۇ مىقدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى 360 كۇب سېكۇنتقا يەتتى. بۇ كەلكۈن ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك، جۇڭسەن كۆۋرۈكى، خەلق كۆۋرۈكىنى ۋە دەريانىڭ ئىككى قىشىنىڭ 10 نەچچە يېرىنى بۇزۇۋەتتى؛ خۇگىيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى ۋە تىنىچلىق ئۆستىڭىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلدى؛ شەھەر رايونىدىكى خەلق ئۆيلىرىنىڭ 620 ئېغىزىنى سۇ بېسىپ كەتتى؛ 323 ئائىلە، تەخمىنەن 1270 تىن ئارتۇق ئادەم ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. 7 - كۈنى كەلكۈن پەسىيىپ، سۇنىڭ مىقدارى 120 — 130 كۇب سېكۇنتقىچە ئازايدى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە سەككىز مىليارد يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلى (كونا پۇل)، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئات، 60 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 400 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق ئىئانە قىلدى.

7 - كۈنى، قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جايدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

10 - كۈنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىمنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

△ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، خوتەندىن كېرىيەگە بارىدىغان تاشيولدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتتى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاشقىن ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆپ يېرىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى؛ ئۈلكىلىك قاتناش نازارىتى جايلاردىكى تاشقىن ئاسراش ئۆچاستكىلىرىغا يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى زور كۈچ بىلەن تېز ياساش توغرىسىدا تېلېگرامما بىلەن يوليورۇق بەردى ھەمدە 7 — 8 - كۈنلىرى ماناس، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغا ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يول ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، كۆۋرۈك - يوللارنى ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىش، لىنىيىلەردە قاتناشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەملىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

13 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ئۈلكىلىك كۆمۈر كانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇربان ھېيتتا ئۆز ئائىلىلىرىدە ئەركىن ھالدا مال سويۇشىنى ۋە ئۇنىڭدىن قان بېجى ئالماسلىقنى بەلگىلىدى.

△ ئۈلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي يىغىنى ئۈلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسىنى ۋە شەھەرلەردە چارۋا مال ئۆلتۈرۈشنى باشقۇرۇش چارىسىنى ماقۇللىدى.

△ ئۈلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ كادىر، ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى سايلام قانۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇمىي سايلام قانۇنىغا ئەمەل قىلىش، سايلامغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.



17 - كۈنى، ئەسلىدىكى ئۈلكىلىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

21 - كۈنى، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۈلكىلىك مەخسۇس سېتىش شىركىتى جۇڭگو مەخسۇس سېتىش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۈلكىلىك شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

△ شىنجاڭ ئۈلكىلىك مەخسۇس سېتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

23 - كۈنى، ئۈلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كاتىباتلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

24 - كۈنى، قەشقەردىن خوتەنگە بارىدىغان تاشيولدىكى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى سۇ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ياغاچ كېمىلەر بىلەن توشۇش يولغا قويۇلۇپ، قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى كىرگۈزگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا 83 - قىشلىق بۇغداي ئۇرۇقى 22 - بىكىتتۇەن ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىق قىلىش سىناق مەيدانىنىڭ ئىككى يىل سىناپ تېرىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ شىمالىي شىنجاڭدا تېرىشقا باپ كېلىدىغانلىقى، ياخشى سورتلۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ھېكايە فىلىم «ھەسەن - جەمىلە» ئۆلكىمىزدە فىلىمگە ئېلىنىشقا باشلىدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈلكىلىك قاتناش

نازارىتىنىڭ ئىچكى دەريالاردا قاتناشنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلى دەرياسى ۋە قارا ئېرتىش دەرياسىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامىنى يولغا قويۇش قائىدىسى» نى تۈزدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلاردىن دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتىپ ئېلىش ياكى ئالماسلىق ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزدى.

△ شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى جايلاردا يەر ئىسلاھاتىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە 4 – قارارلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلاندى.

△ شۇ ئايدىن 1954 – يىلى 3 – ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق بىر شەھەر، 22 رايون، 81 يېزىنىڭ دېموكراتىك رايون ۋە يېزا قۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

**9 – ئاي**

4 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئاقسۇ، قاراشەھەر، جىمسار، تۇرپان تۆت ناھىيىدە يېزا ئامانەت – قەرز ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن يەتتىنى، ماناس، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، تۇرپان، قەشقەر كونا شەھەر، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەردە يېزا ئامانەت – قەرز كوپىراتىپىدىن يەتتىنى سىناق تەرىقىدە تەشكىللىدى.

5 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: غەربىي شىمال مەمۇرىي ھەيئىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى 7 – ئاينىڭ



21 – كۈنى ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ، غۇلجا، موڭغۇلكۈرە، قورغاسنى نۇقتا قىلغان ھالدا 29 كۈن ئىشلەپ، تاش ئويما، بۇتخانا، شەھەر خارابىسى، مازار، داڭلىق كىشىلەرنىڭ كونا تۇرار جايى، تارىخىي يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 27 ئورۇندىكى خارابىلىقنى تەكشۈرۈپ، تاش قوراللار، ساپال ۋە فارفور قاچىلار، كۈمۈش ۋە مىس پۇللار، تاش ئويما، تۆمۈر كىيىم، تاشقا ئايلانغان بۇيۇملار، مىللىي كىيىملەر قاتارلىق بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغدى.

△ شىنجاڭ خەلق مەدەنىيەت يۇرتى ئېچىۋېتىلدى.

6 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى 90% جايدا ئاياغلاشتى.

10 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىي سايلامنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلىشىپ، 1 – قارارلىق ئومۇمىي سايلام خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

12 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەر ياسىلىپ، 8 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا قاتناش ئەسلىگە كەلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆي – جايغا ئىگىدارچىلىق قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

24 – كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار مەكتىپىنىڭ مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيە بۆلۈمىدە تەربىيىلەنگەن تۈنجى تۈركۈمدىكى كادىرلار شىخو، پىچان، قورغاسلارغا بۆلۈنۈپ بېرىپ، رايونغا تەڭ موڭغۇل ۋە يېزىغا

تەك خۇيزۇ، شىبە ئاپتونوم رايونلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

25 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەرلەردە چارۋا مال ئۆلتۈرۈشنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋا مال ئۆلتۈرۈشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسىنىڭ لايىھىسى» نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزدە كۈنەس، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، قەشقەر، كۇچا نەسىللىك قوي فېرمىسى، مولغۇلكۈرە نەسىللىك ئات فېرمىسى، ئۈرۈمچى نەسىللىك كالا فېرمىسى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەتتە نەسىللىك چارۋا فېرمىسى بارلىققا كەلدى.

29 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

### 10 - ماي

1 - كۈنى، ئۆلكىدىكى سەھىيە باشقارمىسى شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

4 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى مۇڭغۇل سىفەن مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

5 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

9 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ۋە مەمۇرىي يىغىنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى تېز قانات يايدۇرۇشنى بەلگىلىدى.

10 - كۈنى، ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتى «زاپاس يەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

△ ئۆلكىلىك دېھقان - ئورمانچىلىق نازارىتى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «1954 - يىلى تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى ئۈچۈن قەرز بېرىلىدىغان پۇلنى ئالدىن تارقىتىش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» چىقاردى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان شىنجاڭ رۇس تىلى تېخنىكۇم مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۈرۈمچى شەھىرىگە سىملىق رادىئو ئاڭلىتىشنى توختاتتى.

17 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «يېزا، كەنت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەزالىرىنىڭ سانىنى تەڭشەش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتى ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدىن باشقا جايلاردا ھەر خىل تېرە، ئۈچەيلەرنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى تەڭشىدى ۋە ئۆستۈردى.

19 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي - جاي ئىدارىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

26 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شۆبە مەھكىمىلەر باشلىقلىرىنىڭ

سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، كېلەر يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى: نۆۋەتتىكى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ـ ئىقتىساد قىلىش، ئومۇمىي سايلام، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئەدلىيە خىزمىتى جەھەتتىن پائال كاپالەتلەندۈرۈش، دەپ بېكىتتى.

27 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى «1953 ـ يىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

31 ـ كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5·2 بال يەر تەۋرىدى.

## 11 ـ ئاي

3 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك دېھقان ئورمانچىلىق نازارىتى شۇ يىل قىشتا ئۈرۈمچى، تۇرپان، گۇچۇڭ، سانجى، ئىلى، كورلا، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق سەككىز ئورۇندا قىشلىق ئاممىۋى تېخنىكا ئۆگىتىش كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى.

7 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم دېھقانچىلىق قىسمى خوشۇت ساھىلىدە شال تېرىشنى تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، 117 مو شاللىقنىڭ ھەر موسىدىن 937 جىڭدىن ھوسۇل ئالدى.

11 ـ كۈنى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىدە توختىماي قاتتىق قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چىدىن ئېشىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلارنى قىشلاققا يۆتكىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بەردى.



12 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم دېھقانچىلىق قىسمى ماناس دەرياسى ۋادىسىدا تېرىغان 26 مىڭ 399 مو كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 352 جىڭغا يەتكۈزدى.

△ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ دېھقانچىلىق قىسمى شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە تاپشۇردى، ئۇنىڭ قىممىتى 160 مىليارد يۈەن (كونا پۇل) بولىدۇ.

△ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆزىگە قاراشلىق قۇرۇلۇش، ئاپتوموبىل ترانسپورتى، دېھقانچىلىق قىسىملىرى بىر يىل ئىچىدە كىرىم قىلغان 500 مىليارت يۈەندىن (كونا پۇل) ئارتۇق پۇلنى دۆلەتكە تاپشۇردى.

14 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دېھقانچىلىق قىسمىنىڭ مەلۇم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى 7600 مو شاللىقتىن كەڭ كۆلەملىك مول ـ ھوسۇل ئېلىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 600 جىڭدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

15 ـ كۈنى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ يېزىغا تەڭ ئىچىكا شەن شىبە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغا بىۋاستە بارىدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنىدى، ئىلگىرى قۇمۇلدىن جۇچۈەنگە قاتناپ تۇرغان نۆۋەتلىك ئاپتوموبىل ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، پىچان ناھىيىسىنىڭ دوڭ بازار دېگەن يېرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېزىغا تەڭ دوڭ بازار خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

29 ـ كۈنى، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قىزىل تاغ

ئېغىزىدا بەش بال، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5.7 بال يەر تەۋرىدى.

## 12 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «رايون ۋە يېزىغا تەڭ ئاپتونوم رايونلارنى قۇرۇش توغرىسىدىكى 2 - قارارلىق خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى» «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋىلايەتكە تەڭ ۋە ۋىلايەتتىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)». «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رايونغا تەڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىغا تەڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)» نى ئېلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كومىتېتىنىڭ ئۆگىنىش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسىنى ئۆگىنىشكە رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

4 - كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شېكەر كۆلدە 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

4 - كۈندىن 6 - كۈنگىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۈچ كۈن قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى تۆت سۈكىدىن



ئېشىپ كەتتى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھاۋارايى بۆلۈمى تۈزگەن «خەۋەرلىك ھاۋارايىنى رادىئودا ئاڭلىتىش چارىسى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

6 - كۈندىن 10 - كۈنگىچە، شىخۇ ناھىيىسىنىڭ جىرگىلتىگولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، رايونغا تەڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

7 - كۈندىن 25 - كۈنگىچە، ئۆلكىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 1953 - يىلىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى خىزمىتى يەكۈنلەندى؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى مەركەز قىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 1954 - يىللىق فاڭجېن ۋە پىلانى تۈزۈلدى؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ياردەملىشىش - ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنىڭ فاڭجېن ۋەزىپىلىرى بەلگىلەندى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى پالتاخۇن خېجىڭدا شالىنى ئەڭ ئاۋۋال سىناق قىلىپ تېرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

15 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «نوپۇسنى ئونۋېرسال ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى.

16 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك مىللىي سەھىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىككى داۋالاش ئەترىتى دېھقانچىلىق رايونى كۆچمە ۋە

چارۋىچىلىق رايونى قۇبۇقساردا جىنسىي كېسەللىكنى ئالدىنى ئېلىپ داۋالاشنى ئاساس قىلغان 1 - قارارلىق داۋالاش خىزمىتىنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

21 - كۈنى، تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغارمىغا يېقىن جايدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

22 - كۈنى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىلانى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش چارىسى» قوشۇلۇپ تەستىق سالدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۆت ئايدىن كۆپرەك ئىشلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ گۇرۇپپا قاراشەھەر، كۇچا، توقسۇ، شايار، باي، ئاقسۇ، كونىشەھەر، ئاتۇش، قەشقەر، گوما، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا 13 ئورۇندىكى مىڭ ئۆي، 645 ئۆڭكۈر، 13 ئورۇندىكى قەدىمىي شەھەر، 14 ئورۇندىكى قەدىمىي خارابىلىق، توققۇز ئورۇندىكى قەدىمىي مۇنار، 11 ئورۇندىكى مازار، ئىككى ئورۇندىكى قەدىمىي قەبرە، بىر ئورۇندىكى تاش ئويما قاتارلىق خارابىلىقلارنى تەكشۈردى؛ يىغىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە 13 دانە مۇكەممەل ساپال قاچا، 394 ساپال قاچا پارچىلىرى، 56 دانە ھەيكەل، 22 پارچە قەبرە تېشى، 128 دانە نەقىش قىلىنغان بۇيۇم، 208 دانە كونا پۇل، تۆت دانە قەدىمىي كىتاب ۋە قەدىمىي قورال، 100 دىن ئارتۇق تاش ئويما ۋە مىللىي كىيىم - كېچەكلەر بار.

30 - كۈنى، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئاپتوماتلاشقان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى — ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بېرىشنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى (بۇ ئىستانسا 1952 -



يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1953 - يىلى 12 - ئايدا پۈتكەن).

شۇ يىلى ئۆلكىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانى باشلاندى.

△ شىنجاڭ بويىچە 19 مىليون 830 مىڭ مو زىرائەت تېرىلىپ (ئازادلىق ئارمىيە ئىشلەپچىقىرىش قىسمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن باشقا)، بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 198.98 جىڭغا يەتتى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ دېھقانچىلىق قىلغۇچى قىسمى 970 مىڭ مو يەر تېرىپ، بۇغداي ھېسابىغا 148 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالدى؛ بۇنىڭ قىممىتى 188 مىليارد يۈەن (كونا پۇل) بولىدۇ. ئۇلار يەنە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بەش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى، ماشىنا بىلەن تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ موغا كېڭەيدى.

△ شىنجاڭ بويىچە ئەسلىدىكى دېھقانچىلىقتا ياردەملىشىش - ھەمكارلىشىش تەشكىلاتلىرىنى رەتكە سېلىش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ياردەملىشىش - ھەمكارلىشىش ھەرىكىتى توغرا يولغا سېلىندى.

△ شىنجاڭ بويىچە 127 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 117 مىڭ 600 مو يەردىكى ئورماننى ۋە 675 مىڭ 500 تۈپتىن ئارتۇق دەرەخنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

△ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇش شەكلى بىلەن بىر يىل ئىچىدە 10 مىڭ 797 كىشىنى (بۇنىڭ ئىچىدە پەيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر

1470 كىشى) يۆتكەپ چىقىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ئورگانلىرى ۋە كارخانا ئورۇنلىرىنى كۆچەيتتى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى



## تولۇقلىما

مۇشۇ مەجمۇئەنىڭ 32 - سانىغا «ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار توغرىسىدا ئەسلىمىلەر» بېسىلغانىدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئوبدانراق بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئاپشۇرۇۋالغىنىمىزدىن كېيىن، ئوقۇشۇپ كۆرسەك، بۇ ئەسلىمىلەرنى دەسلەپ سۆزلەپ بەرگەن يولداشلارنىڭ ئوبدان ئەسلىيەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بەزى ئەھۋاللارنىڭ بولۇپمۇ بەزى گېزىت - ژۇرنال، ئادەم ئىسىملىرى ۋە يىللارنىڭ توغرا بولماي قالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ تۈزىتىلگەن جايلىرىنى ۋىلايەتلەر بويىچە تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ باستۇق. كىتابخانلارنىڭ مۇشۇ تۈزىتىلگىنى بويىچە پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى

### ئىلى ۋىلايىتىدە

1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) كۆرەدە نەشر قىلىنغان «ئىلى گېزىتى» نى ھۆسەيىن دېگەن كىشى سوۋېت روسىيىسىدىن مەتبەئە سېتىۋېلىپ چىقارغان. ئۇنىڭ مەتبەئەسى

«ھۆسەيىنىيە مەتبەئەسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ كىشى ئاچقان مەكتەپمۇ «ھۆسەيىنىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا، مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلار ئۇنى «ھۆسەيىن كالتەچاپان» دەپ ئاتىغان.

1934 - يىلى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن «تاروۋتايىسكى» ناملىق ھەربىي قىسىم تەسىس قىلغان ئەمەس، شۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى خەبىب يۇنۇچى، ئەنۋەر ناسىرىلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەس، ئەزەلدىن غۇلجىدا بار زىيالىيلار.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە ئىلى ئەپەندى باش سىنزور بولغان ئەمەس (گېزىتنى ساقچى ئىدارىسى مەخپىي تەكشۈرۈپ تۇراتتى). بۇ گېزىتنىڭ باشلىقى ئەسئەت ئىسھاقوپ، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى خەبىب يۇنۇچى، ئەنۋەر ناسىرىلار ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ گېزىتتە مۇھەررىر بولمىغان، رۇس تىلى تەرجىمانى بولغان (كېيىن يۆتكىلىپ كەتتى). گېزىت مەتبەئەسىنىڭ باشلىقى قاسىم پەرسايوپ ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئەمەس، ئابدۇرۇپ مەخسۇم ئىدى (ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولغان).

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1948 - يىلىنىڭ بېشىغىچە غۇلجىدا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» تەرىپىدىن «كۆرەش» ناملىق ژۇرنال چىقىرىلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى س. سەيپۇللايوپ، ئا. ئابباسوپ، ياقۇپبەگ، ئوسمان زىيام، زۇنۇن قادىرىلاردىن تەركىب تاپقان؛ مەسئۇل كوررېك-



تورى مىرسۇلتان ئوسمانوپ ئىدى.

تۈزىتىپ سۆزلەپ بەرگۈچى: س. سەيپۇللايوپ، مىرسۇلتان ئوسمانوپ.

## تارباغاتاي ۋىلايىتىدە

چۆچەكتە 1930 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى تەسىس قىلغان كىشى «نىيازساقىي» ئەمەس، «نىياز ئىسھاقىي».

1937 - يىلدىن كېيىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ چۆچەك بېتىنىڭ ماقالىلىرى خەنزۇچە گېزىتتىن ئەمەس، ئاساسەن رۇسچە رادىئو ماقالىلىرىدىن تەرجىمە قىلىناتتى؛ بۇنىڭ تەرجىمانلىرى ئاروپ بۇرناشوپ، ئابدۇللا زاكىرۇپلار ئىدى. قىسمەن ماقالىلىرىنى كەيىنىك خەنزۇچە گېزىتتىن تەرجىمە قىلاتتى.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چۆچەكتە قۇرۇلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ چۆچەك شۆبىسى» ئەمەس، «تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دېيىلەتتى. بۇ تەشكىلات نەشر قىلغان گېزىت «خەلق ئاۋازى» ئەمەس، «ئىنقىلابچىل ياشلار» ئىدى. بۇ گېزىت 1948 - يىل 7 - ئايغىچە نەشر قىلىندى.

ئۈچ ۋىلايەتتە «خىپ» (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئىنقىلابچىل ياشلار» گېزىتى «ئىنقىلابچىل ياشلار» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خىپ» «ئىتتىپاق» قا بىر-

لەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، «ئىنقىلابچىل ياشلار» ژۇرنىلى نەشىردىن توختىتىلىپ، «ئىتتىپاق» نىڭ نەشىر ئەپكارى سۈپىتىدە «خەلقچى» گېزىتى نەشىر قىلىندى. بۇ گېزىت 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى.

تۈزىتىپ سۆزلەپ بەرگۈچى: ئا. ھاجىيۇپ

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدە

1944 - يىلى ئاقسۇدا نەشىر قىلىنغان ژۇرنالنىڭ ئىسمى «جەنۇب شامىلى» ئەمەس، «جەنۇبتىن ئاۋاز» ئىدى. «جەنۇب شامىلى» شۇ چاغدىكى «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەرھۇم پېشقەدەم شائىر نىم شېھىتنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانى، «گېزىت» ناملىق شېئىرى، مەرھۇم شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك»، «تەسىراتىم»، «بىزنىڭ مەممەت» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «تاھىر - زۆھرە» تىراگېدىيىسىنىڭ «غەزەللىرى» بېسىلغان.

«جەنۇبتىن ئاۋاز» ناملىق ژۇرنال ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە نىم شېھىت، ل. مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مۇنىردىن خوجا قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەنلىشىش ھەيئىتى» نىڭ نەشىر ئەپكارى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى سانىغا نىم شېھىتنىڭ «ئۇنۇتما!» ناملىق ھېكايىسى، ل. مۇتەللىپنىڭ «توختى چورۇقنىڭ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق ھېكايىسى، ئابدۇللا روزىنىڭ «25 يىلدىن كېيىنكى دۇنيا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بېسىلغان.

**تۈزىتىپ سۆزلەپ بەرگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق**



**باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا خاتالىق يوق.**

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئى. ئەسقەرى**

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

## ئاپتورلار دىققىتىگە

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسى — 1980 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە 34 توپلام نەشىر قىلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن كەڭ جەمئىيەتنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. بۇ 34 توپلامدا گەرچە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا ئالاقىدار 530 پارچىدىن كۆپرەك ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا دائىر بولۇپ، ئىقتىسادىي ساھەگە دائىر نۇرغۇن ئىشلار تېخى يېزىلغىنى ۋە ئېلان قىلىنغىنى يوق.

بىز «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش يەنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىنى گۈللەندۈرۈش، ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تىرىشىپ روناق تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئاپتورلىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ھەققىدە ئىزدىنىشى ۋە ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز:

(1) دېھقانچىلىق ئىشلىرى (يەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ھەر خىل زىرائەت سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق

قىلىش، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (2) چارۋىچىلىق ئىشلىرى (يەنى مال ـ چارۋا يېتىشتۈرۈش، نەسىل ئۆزگەرتىش، ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، دوختۇرخانىلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (3) سۇ ئىشلىرى (يەنى ھەر خىل سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى، ئۆستەڭ، قانال، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى، كارىز ـ قۇدۇق قۇرۇلۇشلىرى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (4) كانچىلىق ـ مېتاللىچىلىق ئىشلىرى (يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى كۆمۈر، تۆمۈر، تۇز، رودا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە باشقا مېتاللوگىيە كانلىرىنى ئېچىش ـ پايدىلىنىش تارىخى، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، ھەر خىل قورال ـ سايمانلارنى ياساش ۋە يۇقىرىقى كەسىپنىڭ ماھىرلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (5) قول سانائەت ئىشلىرى (يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل قول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، كۆن ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى، قەنت ـ گېزەك ۋە باشقا يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلەش كارخانىلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (6) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى (يەنى ھەر خىل قورال ـ سايمانلارنى ياساش، كىيىم ـ كېچەك ئىشلەش، كۇلالچىلىق، بابكارلىق، تىككۈچىلىك، ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەييارلاش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى، داڭلىق قول ھۈنەرۋەنلەر قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (7) سودا ئىشلىرى (يەنى ئەينى دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك سودا ـ سېتىق ئەھۋالى، سودا ئالماشتۇرۇش شىركەتلىرى، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان سودا ـ تىجارەت، ۋەكالەت ئورۇنلىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (8) يول، قاتناش ـ كار-



ۋانچىلىق ئىشلىرى (يەنى ئەينى دەۋرلەردىكى يىپەك يوللىرى، كېيىن ياسالغان قاتناش يوللىرى، سودا يول لىنىيىلىرى، چېگرا سودا ئېغىزلىرى، پوچتا راباتلىرى، ئات ـ تۆگە كارۋانلىرى، ھارۋا قاتناشلىرى ۋە زامانىۋى قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (9) باج ـ مالىيە ئىشلىرى (يەنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى باج ـ سېلىق ئەھۋالى، باج تۈرلىرى، مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بېسىپ تارقىتىلغان ھەم ئوبوروت قىلىنغان پۇللار قاتارلىقلار)ھەققىدە؛ (10) باغۋەنچىلىك ئىشلىرى (يەنى ھەر خىل مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تېرىش، مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىش، مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئورمانچىلىق ۋە داڭلىق باغۋەنلەر قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (11) سەھىيە ئىشلىرى (يەنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مىللىي تىبابەتچىلىك ئىشلىرى، شىپاخانىلار، دورا ياساش ئورۇنلىرى، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە شىپا تېپىشى، مەشھۇر تېۋىپ، دورىگەرلەر قاتارلىقلار) ھەققىدە؛ (12) تەبىئىي بايلىقلار ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار (يەنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەبىئىي بايلىقلارنى تېپىش، ئېچىش، پايدىلىنىش ئەھۋالى، تەبىئىي بايلىق بازىلىرى، جاي ـ جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىنىش ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار) ھەققىدە. شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرى يەنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىي ـ مائارىپ، مىللىي تەنتەربىيە، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق، كۇتۇپخانا، شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى، داڭلىق مەسچىت ـ مەدرىسىلەر، ئىمارەتلەر...... قاتارلىقلار ھەق-

قىدىكى ماقالىلەر قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.

ماقالىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلىرىمىز: 1) بىزگە ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر ئادەتتە، 1840 - يىللاردىن 1950 - يىللارغىچە ئارىلىقتىكى ئىشلار ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان بولۇشى، ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى (ياكى سۆزلەپ بەرگۈچى)، ئېلىنغان نەقىللەر ئېنىق ئىزاھلىنىشى ۋە شۇ جايدىكى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىسپاتلىق تامغىسى بېسىلىشى لازىم. 2) ماقالىلەرنىڭ ھەجمى ئەڭ كۆپ بولغاندا 60— 80 بەتلەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئىملاسى مۇمكىنقەدەر توغرا، خەتلىرى ئېنىق، قۇر ئارىلىقى كەڭ بولۇشى، ھەر بىر ۋەقە (ياكى ئىش) ئايرىم بىر پارچە ماقالە قىلىپ يېزىلىشى لازىم. 3) ماقالىلەر بىردەك تەھرىر بۆلۈمىمىز نامىغا ئەۋەتىلىشى، بىر ماقالە ئىككى ئورۇنغا ۋە شەخسلەرنىڭ نامىغا ئەۋەتىلمەسلىكى لازىم. 4) ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ، شۇڭا، ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىلىرىنىڭ كۆپەيتىلمىسىنى ساقلاپ قويۇشى، ئالتە ئايغىچە خەۋىرى بولمىسا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئىملاسى توغرا بولمىغان، خەتلىرى ئېنىق يېزىلمىغان، قۇر ئارىلىقى ۋە خەت ئارىلىقى بەك زىچ بولۇپ ئوقۇش - تەھرىرلەش مۇمكىن بولمىغان ماقالىلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى

1993 · 7 · 31



شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (35)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 1,800
ISBN 7—228—02588—1/K·269
باھاسى: 4.10 يۈەن

主编：哈力克·沙克
副主编：阿布力孜
编辑：司马义·艾斯哈尔
迪丽达尔
吐尔洪
阿不都热依木
居来提

**新疆文史资料选辑（35）**（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　11.375印张　2插页
1993年12月第1版　1994年4月第1次印刷
印数：1—1,800

ISBN7—228—02588—1/K·269　定价：4.10元

（内部发行）